پەيزۇللا ئۇيغۇر

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ قايغۇلۇق يىللىرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ قايغۇلۇق يىللىرى

(1864 — 1884)

پەيزۇللا ئۇيغۇر

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلشات بەختىيار

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ قايغۇلۇق يىللىرى

(1864 — 1884)

پەيزۇللا ئۇيغۇر

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلشات بەختىيار

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى
2026 ـ يىل 4 ـ ئاي، ئىستانبۇل

**ISBN: 978 ـ 1 ـ 968407 ـ 40 ـ 7**

مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئىنسان

ئانام تۇرسۇنگۈل ۋە ئاتام ئوسمانغا بېغىشلايمەن.

# كىرىش سۆز

شەرقىي تۈركىستان — تارىختا تۈنجى تۈرك دۆلىتى دەپ بىلىنگەن هون ئىمپېراتورلۇقىدىن ئېتىبارەن كۆك تۈرك، ئۇيغۇر ۋە قاراخانىيلارغا ئوخشاش بىر قانچە تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغان سەھنىدۇر. تارىخنىڭ هەربىر دەۋرىدە دېگۈدەك هەرخىل قەبىلىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئەهمىيىتىنى يوقاتمىغان قەدىمكى تۈرك يۇرتى ـ شەرقىي تۈركىستان، «ئاسىيانىڭ كىندىكى» دېگەن كىملىكىنى ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاشلا بۈگۈنمۇ هەم ساقلاپ كەلمەكتە. يىراق شەرق بىلەن يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوخشىمىغان كۈلتۈرلەرنىڭ بىر يەردە ئۇچرىششىغا ئىمكان ياراتقان قەدىمكى يىپەك يولى شەرقىي تۈركىستاندىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ماكان تۈرك ئىلىم تارىخى ئۈچۈنمۇ ناهايىتى مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

تىجارى ۋە ئىستىراتېگىيەلىك نۇقتىدىن ئاسىيانىڭ ئەڭ مۇهىم رايونلىرىدىن بىرى بولغان شەرقىي تۈركىستان، تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ۋە ئوخشىمىغان كۈچلەرنىڭ ئىستېلاسىغا ئۇچرىغان. ئەسىرلەردىن بۇيان هۆر-ئازاد ياشىغان شەرقىي تۈركىستان كېيىنكى يىللاردا ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئارىسىدىكى جۇغراپىيەسى، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى سەۋەبىدىن رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا تارتىشۇرۇپ قويۇشقا بولمايدىغان دۆلەت هالىتىگە كەلگەن. لېكىن 1759 ـ يىلىدا شەرقىي تۈركىستان جۇڭگودا هۆكۈم سۈرگەن چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولسىمۇ، 1864 ـ يىلىدا قايتىدىن ئازادلىققا ئېرىشكەن.

كېيىنكى يىللىرى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ياقۇپبەگ باشچىلىقىدا دۆلەت ھالىتىگە كەلگەن. سىياسىي ئىقتىدارنى قولغا كەلتۈرگەن قەشقەرىيە دۆلىتى ئوسمانىيلار دۆلىتىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىپ، ئوسمانىيلار پادىشاھى سۇلتان ئابدۇلئەزىز خانغا بەيئەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ خۇتبە ئوقۇتقان. نامى ئالى پادىشاھمۇ بۇ بەيئەتنى قوبۇل قىلىپ، رايونغا ئەسكىرى مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتكەن. شەرقىي تۈركىستان ياقۇپبەگنىڭ باشقۇرۇشىدا 1877 ـ يىلىغا قەدەر مۇستەقىل بىر دۆلەت ھالىتىدە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، يەنى يەر مەيدانى، سىياسىتى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرى جەھەتتىن ئاسىيادا كۈچلۈك مۇسۇلمان تۈرك دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن، بولۇپمۇ بۇ دۆلەتنىڭ ئوسمانىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن ئەندىشە ھېس قىلغان رۇسىيە ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەنپەئەت ـ سىياسەتلىرى ئۆزگىرىشكە باشلىغان. بۇ سەۋەبلەردىن غەربىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان رۇسلار شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغا قادالغان ۋاقىتتا، چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستانغا ھۇجۇم باشلىغان. ئارقىدىنلا ئەنگلىيەنىڭ جەنۇب تەرەپتىن قوشۇلۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بىردىنلا خەلقئارالىق مەسىلىگە ئايلانغان. ئىشغال قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە يۈرگۈزۈشكە باشلىغان چىڭ سۇلالىسى، تۇنجى قەدەمدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى قوشۇۋېلىنغان زېمىن مەنىسىدە (ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتقان) «شىنجاڭ» ئىسمىنى قويغان. شەرقىي تۈركىستاندا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قولغا كەلگەن سىياسىي مۇقىملىق 1877 ـ يىلىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق مانجۇ ئىشغالى بىلەن بۇزۇلغان ۋە بۆگۈنكى كۈندىكى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولغان. بۇ سەۋەبتىن، تەتقىقاتىمىزدا شۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىي ـ بىرىنچى قول مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ قەلەمگە ئالغان مانجۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جەريانى

ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشلەر تېما قىلىنغان بۇ 20 يىللىق جەريان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى يورۇتۇش ۋە چۈشىنىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم.

تۈركىيەگە تۇنجى كەلگەن كۈنلەردىن ئېتىبارەن مەيلى ئۆگىنىشلىرىمدە، مەيلى ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلىرىمنى ھەل قىلىشىمدا، كىتابنىڭ يېزىلىشى، ئالاقە، ياردەم ۋە يېتەكچىلىكلىرىنى ئايىمىغان پىروفېسسور دوكتۇر ئابدۇلقادىر دونۇق بىلەن دوكتۇر ئەلى ئەھمەد بەيئوغلۇ ئۇستازلىرىمغا تەشەككۈر ئېيتىشنى بۇرچۇم دەپ بىلىمەن. ئوقۇش ۋە ئىزدىنىش جەريانلىرىمدا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەملىرىنى ئايىمىغان ئەدنان بايجار ئاكىمىزغا، «ئاياز تاھىر تۈركىستان ئىدىل ئۇرال ۋەخپىسى» رەئىسى تۇلاي دۇران ئۇستازغا، «ئىلىم تارقىتىش جەمئىيىتى»گە، «تۈركىيە مىللىي كۈلتۈر ۋەخپىسى»گە، «تۈرك كۈلتۈرىگە خىزمەت ۋەخپىسى» رەئىسى AV. شەرافەتتىن يىلماز ئاكىمىزغا، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي تەتقىقات تۈرلىرى ئورنىغا، «IRCICA كۇتۇپخانىسى»غا، شەخسىي كۇتۇپخانىسىدىن پايدىلانغان تەتقىقاتچى ۋە يازغۇچى ئابدۇجېلىل تۇران ۋە تەتقىقاتچى ۋە يازغۇچى ئۆمەرجان نۇرى ئەپەندىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، قىيىنچىلىقلىرىمغا ئورتاق بولۇپ، جاپايىمنى كۆپ تارتقان سۆيۈملۈك ئايالىم ئاينۇر ۋە قىزىم پەزىلەتگۈل ئۇيغۇرغا، ئاكام باشلىق بارلىق ئائىلەمگە، دوست - بۇرادەرلىرىمگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. پۈتۈن بۇلار بىلەن بىرگە، ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجىر ۋە مېھنەتلىرىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش ئىمكانسىز بولغان، قەلبىدىكى ھىجران ئوتلىرىنى ھۇزۇرىغا يول ئالغان ھەق تائالانىڭ رەھمەت دەرياسىدا ئۆچۈرگەن ئانام ۋە ئاتامنى دۇئالار بىلەن ئەسلەيمەن.

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە..........................................................1
بىرىنچى بۆلۈم.....................................................27
كۇچا ھاكىمىيتى....................................................27
كۇچادا كۆن چىقىش (كۇچا ئىنقىلابى)...............................42
راشىدىن خوجىنىڭ كۇچادا تەختكە چىقىرىلىشى ۋە كۇچا قوشۇنىنىڭ
تۇنجى غەلىبىلىرى..................................................45
كۇچا قوشۇنىنىڭ قارا يۇلغۇندىكى مەغلۇبىيىتى.........................50
كۇچا قوشۇنىنىڭ ئاقسۇنى ئېلىشى.....................................52
كۇچا قوشۇنىنىڭ ئۇچتۇرپاننى ئېلىشى.................................61
كۇچا قوشۇنىنىڭ قەشقەر يۈرۈش قىلىشى...............................63
يەركەنىنىڭ ئومۇمي ۋەزىيىتى ۋە كۇچا قوشۇنىنىڭ تۇنجى
يەركەن يۈرۈشى.....................................................68
كۇچا قوشۇنىنىڭ يەركەنگە ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈش قىلىشى
(بىر تاشتا ئىككى پاختەك)..........................................74
كۇچا قوشۇنىنىڭ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىشى ۋە قاراشەھەرنىڭ فەتھى.....84
كۇچا قوشۇنىنىڭ تۇرپاننى فەتھى قىلىشى.............................90
كۇچا قوشۇنىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارنى فەتھ قىلىشى........94
كۇچا قوشۇنىنىڭ قومۇلنى فەتھ قىلىشى...............................98
كۇچا قوشۇنىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يەركەن ۋە قەشقەر يۈرۈشى.........105

ئىككىنچى بۆلۈم........................................132
خوتەن ھاكىمىيىتى........................................132
خوتەننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ تەختكە چىقىشى...132
خوتەندىكى مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىششى........................136
ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ خوتەن رايونىدا ھاكىمىيەت تەسىس قىلىشى........144
ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ قوقەنتكە ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىشى..............145
يەركەندىن خوتەنگە تۇنجى ھۇجۇم........................................148
خوتەندە زەكەرىيا ئىشان ئىسيانى ۋە يەركەندىن ئىككىنچى ھۇجۇم.......150
كۇچا قوشۇنىنىڭ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە كۇچاغا ئەلچىلىك
ھەيئىتىنىڭ ئەۋەتىلىشى........................................158
خوتەننىڭ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىشى........................161
ئۈچىنچى بۆلۈم........................................189
ياقۇپبەگنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتى........................189
قەشقەرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە سىدىقبەگ........................189
سىدىقبەگنىڭ قوقەنتكە — موللا ئالىم قۇلغا ئەلچىلىك ھەيئىتى
ئەۋەتىشى........................................194
ياقۇپبەگنىڭ ھاياتىغا دائىر........................................198
بۇزرۇكخان تۆرە ۋە ياقۇپبەگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشى............201
ياقۇپبەگنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى ھەرىكىتى ۋە يېڭىسارنىڭ ئېلىنىشى....206
بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ قەشقەردە تەختتە ئولتۇرۇشى........................209
مۇكەررەپ شاھبەگ........................................210
يېڭىشەھەرنىڭ ئېلىنىشى........................................218
قوقەنتتىن قەشقەرگە كەلگەن تائىپە........................................220
ۋەلى خان تۆرە........................................223

قىپچاق ئىسيانى ۋە بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى..............226
ئاقيار ھادىسىسى ۋە كۇچا ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرپان ئىسيانى.........229
ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇ ۋە كۇچانى قولغا ئېلىشى ۋە كۇچا ھاكىمىيىتىنىڭ
ئاقىۋىتى..........................................................232
مۇزەپپەرخان.......................................................243
قەشقەردىن شۇگىنانغا ماڭغان تىجارەت كارۋىنى........................245
تۇڭگانلارنىڭ كورلا ۋە كۇچاغا قىلغان ھۇجۇملىرى.....................247
ياقۇپبەگنىڭ تۇرپاننى ئېلىشى.......................................251
دەقيانۇس جېڭى....................................................257
ياقۇپبەگنىڭ ئۈرۈمچىنى ئېلىشى......................................261
ئۈرۈمچىنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئېلىنىشى................................265
مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىغا كىرىشى..................272
ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى...............................................283
ھېكىمخان تۆرىنىڭ كۇچادا تەختتە ئولتۇرۇشى ۋە
ھەققۇلبەگنىڭ ئۆلۈمى..............................................286
ھېكىمخان تۆرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى تەقدىرىگە
تاشلاپ قويۇشى....................................................290
بەگقۇلبەگنىڭ ھاكىمىيىتى ۋە مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى
ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىشى......................................293
خاتىمە............................................................342

## مۇقەددىمە

1864 ـ يىلىدا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىلگىرى، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تارىخى سەرگۈزەشتىسىدىكى جۇڭگو تاجاۋۇزچىلىقى ۋە مانجۇلارنىڭ تۇنجى ئىشغالىيىتى ھەققىدە قىسقىچە ئۇچۇر بېرىش كېرەك.

تارىختىن بۇيان نۇرغۇن تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ ماكانى بولغان شەرقىي تۈركىستان تۈرك تارىخىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە باشتىن ـ ئاخىر مۇھىم نۇقتا بولۇپ، ھېچبىر زامان ئۆزىنىڭ تارىخى ئەھمىيىتى ۋە جەزبىدارلىقىنى يوقاتقان ئەمەس. جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن شەرقىي تۈركىستان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكەللىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ۋە دىنلارنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى بولغان ئىدى. بولۇپمۇ، جۇڭگودىن تۈركىستان زېمىنلىرىغا كېلىدىغان ئەسكىرىي تەھدىتلەرگە قارشى شەرقىي تۈركىستان دائىم مۇستەھكەم ۋە ھەيۋەتلىك قەلئە ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن. شەرقىي تۈركىستان 2000 يىلدىن بېرى جۇڭگو سىياسىي ئۇپۇقىنىڭ مۇھىم نىشانى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، پەقەت بەزىدە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ياكى ھۆكۈمرانلىقىدا قالغان، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان دائىم جۇڭگونىڭ قۇرۇقلۇق چېگرالىرىغا كۆرە مۇھىم رايون سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

1759 ـ يىلىدا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مانجۇلار تەرىپىدىن تۇنجى

بېسۋېلىنىشى ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ 18 ئەسىردىن بۇيان يەنى، شەرقىي خەن سۇلالىسى(220 ـ 25) زامانىسىدا گېنىرال بەنچاۋ (班超 102 ـ32) دىن تارتىپ يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان تۈركىستان سىياسىتى ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، مۇقىم ئولتۇراقلىشىشنىڭ كۆچمە يايلاق ھاياتىغا، تېرىقچىلىقنىڭ باقمىچىلىققا خىرس قىلىشىنىڭ بىر نىشانى ئىدى.

جۇڭگو تۇنجى بولۇپ خەن سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ مىلادىدىن كېيىنكى 220) دەۋرىدە تۈركىستان زېمىنلىرىغا قارشى ئىشغال سىياسىتىنى يولغا قويۇشقا باشلىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 139 ـ يىلىدا غەربىي خەن سۇلالىسى (م. ئى 156 ـ م . ك 25) پادىشاھى خەن ۋۇدى(汉武帝 م. ئى 156 ـ م. ك 87) جاڭ چيەننى(张骞 م. ئى ؟ — م. ك 114) تۈركىستان زېمىنلىرىغا ئەۋەتتى ۋە روجى (月氏)لار بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئارقىلىق ھونلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىشنى پىلانلىغان ئىدى. ئەمما جاڭچيەن روجىلار بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن ھونلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ 10 يىلدىن ئارتۇق قاماققا ھۆكۈم قىلىندى. جاڭچيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ، روجىلارنىڭ يېنىغا بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئەمدى ھونلارغا قارشى ئۇرۇشۇشنى خالىمىدى. خەن سۇلالىسى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگونىڭ تۈركىستان بىلەن بولغان ئالاقىسى ئاساسەن مۇشۇ تارىختىن ئېتىبارەن باشلانغان بولدى. قانداقلا بولمىسۇن، شەرقىي خەن سۇلالىسى (220 ـ 25) دەۋرىگە كەلگەندە گېنېرال بەنچاۋنىڭ سىياسىي تىرىشچانلىقى بولۇپمۇ، يىراقتىكىلەرنى يېقىندىكىلەرنىڭ كۈچى بىلەن كونترول قىلىش يولىدىكى تاشقى سىياسىتى نەتىجىسىدە، خەن سۇلالىسى سىياسىي تەسىرىنى شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىدا كۆرسىتىشكە باشلىدى ۋە قىسقا مۇددەت بولسىمۇ، تارىم ئويمانلىقى جۇڭگونىڭ قولىغا ئۆتتى. كارۋان يوللىرىدىكى

مۇھىم نۇقتىلار بولغان قەشقەر، يەركەن، خوتەن ۋە قۇمۇلدىن تارتىپ 50 چە شەھەرنىڭ جۇڭگونىڭ قولىغا ئۆتۈشى ھونلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. گەرچە جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئۇزۇنغا بارمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا كۆپىنچە كۈلتۈرەل ۋە تىجارى جەھەتتىن كەلگەن تەسىرى پات ـ پات ھېس قىلىناتتى[3].

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتىنى دائىم ھېس قىلىپ تۇرغان جۇڭگو، تاڭ سۇلالىسى (907 ـ 618) دەۋرىدە تۈركىستان سىياسىتىنى يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشتى. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلار 745 ـ يىلىدا ئۆتۈكەندە بىر ئەسىر بويىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر خانىدانلىقىنى (840 ـ 745) قۇرۇپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، تۈركىستان زېمىنىدىكى ھۆكۈمرانلىق كۈچ ئۆزگىرىشى بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن قېرىنداش تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى بىرىدىن يەنە بىرىنىڭ تاپشۇرۇپ ئېلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگوغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان سىياسىي پائالىيەت ئىدى. يايلاق ھاياتىدىن مۇقىم تۇرمۇش ھاياتىغا ئۆتىدىغان ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېيىن تارىختا نۇرغۇن ئىزلارنى قالدۇراتتى[4].

ئوردو بالىق شەھىرىنى ئورخۇن بويلىرىدا سەلتەنەت پايتەختى قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر خاقانى قۇتلۇق كۆل بىلگە[5] 747 ـ يىلىدا ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئوغلى مويۇنچۇر قاغان ئۇنىڭ ئورنىغا «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان» دېگەن نام بىلەن خاقان بولدى (759 ـ747). توققۇز ئوغۇزلارنى توپلىغان مويۇنچۇر، شىمالدا قىرغىزلار، غەربتە قارلۇقلار بىلەن ئۇلارغا ياردەملەشكەن تۈركىشلەر ۋە باسمىللار، سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتار ۋە چىكلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ھەممىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

ھاكىمىيەت چېگراسىنى يىنسەي بويى، چۇتالاس ئەتراپى، ئىچكى ئاسىيا ۋە كەرورەنگە قەدەر كېڭەيتتى[6]. بۇنىڭغا ئەگىشىپ جۇڭگودىكى تاڭ سۇلالىسىمۇ يەر قانۇنى، يېڭى مەمۇرى تۈزۈم، ھەرخىل ئىقتىسادىي ۋە كۈلتۈر مەركەزلىرىنى قۇرۇش[7] قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە مۇھىم ئىسلاھاتلارنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەتراپىدىكى ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز زېمىنىدا ياشىشىغا ئاساس ھازىرلاپ گارمونىيە شەكىللەندۈردى ۋە جۇڭگودىكى دۇنياۋى رەڭلەرگە ساھىب خاندانلىق سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقالىدى[8].

شىمالدىكى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەسكىرىي جەھەتتىن نۇرغۇنلىغان مۇھىم مۇناسىۋەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تاڭ سۇلالىسى، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئەسكىرىي تەرەپتىن ئېيتىشالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، قىز بېرىپ قۇدا - باجا بولۇش، ھەدىيە تەقدىم قىلىپ كۆڭۈل ئېلىش قاتارلىق سىياسەتلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرلىشىنى چەكلەپ تۇرىدىغان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تىرىشتى[9].

تاڭ سۇلالىسى ئەڭ كۈچلۈك دەۋرلەردە تۈركىستاننىڭ غەربى قىسىملىرىنى ئىشغال قىلدى [10]. 750 - يىلى كۇچادا ئىمپېراتورلۇق ۋالىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن گاۋ شيەنجى(755-703 高仙芝) ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە تاشكەنتكە كەلدى ۋە تاشكەنتنىڭ تۈرك پادىشاھى تۇدۇننى تۇتقۇن قىلىپ چاڭئەنگە (长安) ئەۋەتىپ، بېشىنى بالاغا تىقتى. ئۇ نۇرغۇنلىغان خەزىنە، نەسىللىك ئات ۋە ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈردى [11]. لېكىن جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ زوراۋانلىقى جاۋابسىز قالمايتتى، ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقىمۇ، 751 - يىلىدا يۈز بەرگەن، تۈرك - ئىسلام تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تالاس ئۇرۇشى تاڭ

سۇلالىسىنىڭ تۈركىستاندىكى تەسىرىنى ئاياغلاشتۇردى ھەم تۈركىستاننىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى [12].

تالاس ئۇرۇشىدا، ئىسلام قوشۇنى قارلۇقلارنىڭ زور قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، گاۋ شيەنجى بىرلەشمە قوشۇن ئالدىدا مەغلۇپ بولدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ چوڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن، نۇرغۇن تەرەپلەردىن مۇھىم بولغان تارىم ئويمانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. خىتايلار تۈركىستان زېمىنىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قالدى ۋە تەخمىنەن مىڭ يىلغىچە تۈركىستانغا قايتا ئاياق باسالمىدى[13].

840 ـ يىلى كۆپ سانلىق قوشۇنلار بىلەن ئۇيغۇر زېمىنىغا كىرگەن قىرغىزلار پايتەخت ئوردۇ بالىقنى ئىگىلىدى. ئۆتۈكەندە دۆلىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان ئۇيغۇرلار يۇرتلىرىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار يېڭى ئىزدىنىشلەرگە كىرىشىپ، مول سودا مەركەزلىرى بولغان ئىچكى ئاسىياغا، قارلۇق مەملىكىتى ۋە جۇڭگو چېگرالىرىغا قاراپ كۆچتى [14]. ئەمما ئۆتۈكەننىڭ قولدىن كېتىپ، دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. خىتاي مەنبەلىرىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ۋەقەلەر ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان. كۆچۈش جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا چۈشۈپ، جۇڭگو تۇپرىقىدا ئېرىپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى بولسا، شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ، باش ـ ئۇچى بولمىغان ئورمانلىقلاردا ئىزلىرىنى يوقىتىپ قويدى.

قېرىنداشلىرى ياشىغان كەڭسۇ رايونىغا كەلگەن ئۇيغۇرلار گەنجۇ (甘州) نى مەركەز قىلغان «كەڭسۇ ئۇيغۇر خانلىقى»نى قۇرۇپ چىقتى. لېكىن كۆپ

ساندىكى ئۇيغۇرلار ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبى قىسىملىرىغا كېلىپ، تارىختىن بۇيان ئەجدادلىرى ياشىغان، يۇرت تۇتقان، بېشىغا بالايىئاپەتلەر كەلگىنىدە پاناھلانغان تۇپراقلاردا قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولدى [15]. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلدى. بۇ شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەردىن بىرى ئىدى [16].

ئاتىلىرى ياشىغان تۇپراقلارغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار يېڭىدىن بىر يەرگە توپلىنىپ، ئۆزلىرىنى رەتكە سالدى. قىسقا مۇددەت ئىچىدە سىياسىي ۋە كۈلتۈرەل مەركەزلىرىنى قۇرۇپ چىقالىدى. تۇرپاننى مەركەز قىلغان «شەرقىي تۈركىستان (تۇرپان) ئۇيغۇر دۆلىتى» [17]، بالاساغۇن ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان «قاراخانىيلار» دۆلىتىنى (840 ـ 1230) قۇرۇپ چىقتى.

18 ـ ئەسىردە مانجۇلار تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىلگىرى، شەرقىي تۈركىستاندا مەركىزى قەشقەر بولغان خوجىلار سەلتەنىتى ۋە مەركىزى ئىلى بولغان جۇڭغارىيە (ئويرات) خانلىقى مەۋجۇت ئىدى. قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ، بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولغان خوجىلار گۇرۇھىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا بولغان تەسىرىمۇ كۈچىيىشكە باشلاپ، پەقەت دىنىي تەرەپتىن سۆز ساھىبى بولۇش بىلەنلا قانائەتلەنمىگەن خوجىلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىنمۇ نوپۇز قازىنىش ئىستەكلىرى تېخىمۇ ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭلىق بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى لاگېرغا بۆلۈندى [18]. ھېچ تۈگىمىگەن ئىچكى توقۇنۇش ۋە تەخت ماجىرالىرى قەشقەر ھۆكۈمىتىنى جۇڭغار خانلىقىدىن ئىبارەت مانجۇلارنىڭ ئىستېلاسىغا قارشى بىر كۈچ بولۇپ ئۇيۇشۇشتىن

مەھرۇم قويدى [19].

شەرقىي تۈركستان زېمىنىدا توختىمىغان ئىچكى مالىمانچىلىقلار ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان ئىدى، شۇڭا سىياسىي مۇقىملىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. قەشقەر ھۆكۈمىتى خېلىلا ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. 1635 - يىلىدا قۇرۇلغان ۋە كۈچلۈك سىياسىي ھاكىمىيەت ئورنىتىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان جۇڭغار خانلىقى، ئاپپاق خوجا ياردەم تەلەپ قىلغاندىن كېيىن كۆزىنى قەشقەرگە تىكتى.

ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى نەتىجىسىدە، قارا تاغلىقلارنىڭ رەھبىرى ئىسمائىل خان غەلىبە قىلدى ۋە ئاق تاغلىقلارنىڭ كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش مەقسىتىدە كۆپ ئۇرۇنۇشلاردا بولدى. مەملىكەتنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر قالغان ئاپپاق خوجا، ئاۋۋال كەشمىرگە، ئۇ يەردىن تىبەتكە بېرىپ، دالاي لامادىن ياردەم سورىدى. دالاي لاما ئۇنى بىر مەكتۇپ بىلەن بىرگە جۇڭغار خانى غالدانغا ئەۋەتتى. غالدان ئۇزۇندىن بېرى زېمىنىنى كېڭەيتىش ئىستىكىدە بولۇپ، ئاپپاق خوجىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئەمر - پەرمانىدا تۇتالايدىغان بىر شەخسنىڭ ئۆز ئايىغى بىلەن ھۇزۇرىغا كېلىشى نەتىجىسىدە، قەشقەرنى ناھايىتى ئاسانلا قولغا ئېلىشقا كۆزى يەتتى ۋە دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى.

پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمىغان غالدان بۆشۈكتۇ خان 1678 - يىلى يۈزمىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن قەشقەر تۇپراقلىرىغا كىردى. ئەمىر ئىسمائىل خان پۈتۈن كۈچى بىلەن غالدانغا قارشى تىرەندى. لېكىن كۆپ قىسىم ئاھالىنىڭ ئاپاق خوجىنى قوللىغانلىقى نەتىجىسىدە ۋە غالداننىڭ ناھايىتى كۆپ سانلىق ئەسكىرى قوشۇنى ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى.

غالدان كۆپ قارشىلىققا ئۇچرىمايلا قەشقەر ۋە يەركەننى ئىشغال قىلدى. ئىسمائىل خاننى ئائىلىسى بىلەن قوشۇپ ئەسىر ئېلىپ ئىلىغا ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئاپپاق خوجىنى جۇڭغارىيە خانىنىڭ ۋەكىلى ۋە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. پەقەت، غالدانىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولۇش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە يىللىق مۇقىم ئالۋان ـ ياساقلارنى تۆلەش قاتارلىق شەرتلىرىنى ئورۇنداش بەدىلىگە قەشقەر ھۆكۈمىتى مۇستەقىل ھاكىمىيىتىنى داۋام قىلدى. دالاي لامانى ئارىغا سېلىپ، غالدانىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ئىسلامىي ھۆكۈمدارىغا قارشى ئۇرۇش ئاچقان ئاپپاق خوجا ئاھالە تەرىپىدىن بولۇپمۇ، قارا تاغلىقلار تەرىپىدىن خائىن دەپ قارالدى [20].

ئاپپاق خوجا 1693 ـ يىلى قەشقەردە ئۆلدى. ئۇنىڭ ئايالى خانىم پاشا ئوغلى مەھدىنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىش ئۈچۈن، تەخت ماجىراسىغا ئارىلاشتى ۋە ئاپپاق خوجىنىڭ باشقا بىر ئايالىدىن بولغان ئوغلى يەھيا خاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن قارا تاغلىقلار ئىسمائىل خانىنىڭ قېرىندىشى ئاقباشنى يەركەندە خان دەپ ئېلان قىلغان بولسا، ئاق تاغلىقلار قەشقەردە ئەھمەد خوجىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئارىسىدا قانلىق بىر مەيدان جەڭ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر ھالغا كەلدى ۋە بۇ ئەھۋال جۇڭغار ۋە مانجۇلارنىڭ ئىستېلالىرىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

ئەھمەد خوجا پۈتۈن كۈچى بىلەن جۇڭغارلارغا قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇڭغار خانى تسېۋاڭ رابدان يەنىلا قەشقەرنى بېسىۋالدى. 1720 ـ يىلىدا جۇڭغارلار ئۆزلىرىگە ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن دانىيال خوجىنى قەشقەردە تەختتە ئولتۇرغۇزدى. ئەھمەد خوجا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىدىن بولغان

نۇرغۇن ئاڭلىق كىشلەرنى ئائىلىلىرى بىلەن بىرگە ئىلىغا سۈرگۈن قىلىپ ماڭدى. ۋالىيلارنى تەيىنلەش ۋە دۆلەت خەزىنىسىنى تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى پۈتۈنلەي دانىيال خوجىنىڭ قولىدا ئىدى. جوڭغارلار بارغانسىرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان دانىيال خوجىنى پەقەت كۆزىتىپ تۇرۇش بىلەنلا چەكلەندى. ئاخىرى دانىيال خوجا جوڭغارلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى رەت قىلدى. لېكىن دانىيال خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، جوڭغارلار ئاكتىپلىق بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش پۇرسىتىنى تۇتۇۋالدى [21].

جوڭغار خانى غالدان سېرىن قەشقەر ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىش مەقسىتىدە دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى جاھان خوجىنى يەركەنگە، ئىككىنچى ئوغلى يۈسۈپ  خوجىنى قەشقەرگە، ئۈچىنچى ئوغلى ئەييۇپ خوجىنى ئاقسۇغا، تۆتىنجى ئوغلى ئابدۇللاھ خوجىنى خوتەنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ۋاقىتتا جوڭغارلار قارا تاغلىقلارنىڭ دۈشمىنى بولغان ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ دىنىي رەھبىرى ئەھمەد خوجىنىڭ ئوغۇللىرى بولغان خان خوجا بىلەن بۇرھانىدىن خوجىنى ئىلىغا ئېلىپ كېتىشكىمۇ سەل قارىمىدى. چۈنكى، بۇ سايىدە ئۇلار نەزەربەند ئاستىدا تۇتۇلاتتى. كېيىنچە، يۈسۈپ خوجا قەشقەر ھۆكۈمىتىنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئېلىش، جوڭغارلاردىن تامامەن قۇتۇلۇش، ھەتتا جوڭغارلارنىمۇ ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئېلىش تەشەببۇسىدا بولدى ۋە جوڭغار خانلىقىغا قارشى ئۆز مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بۇ ھەرىكەتمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى [22].

جوڭغارلارغا قارشى كۈرەش كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان كۈنلەردە، قەشقەرنى ئىدارە قىلىشتا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولۇۋاتقان جوڭغار خانلىقى، ھەر يىلى ئۆزلىرىگە ئالۋان - ياساق ئەۋەتىش شەرتى بىلەن ھاكىمىيەت

باشقۇرۇشنى قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ۋەكىلى بولغان دانىيال خوجىنىڭ ئائىلىسىگە تاپشۇردى. جۇڭغار خانىنىڭ ھىمايىسى 1755 ـ يىلىغا قەدەر داۋاملاشتى. جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەخت ماجىرالىرى خانلىقىنىڭ كۇنسېرى ئاجىزلىششىغا سەۋەب بولدى، بۇ ھالەت 1745 ـ يىلى جۇڭغار خانى غالدان تسېرىنىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى [23].

غالدان تسېرىنىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، لامادورژ 1749 ـ يىلى جۇڭغار خانى بولدى. بۇ ئەھۋالدىن بىئارام بولغان ئامۇرسانا ۋە داۋائاتسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئامۇرسانانىڭ ئەسكەرلىرى ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ، بەك قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىمايلا ئوردىنى قولغا ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئاخىرىدا لامادورژ ئۆلتۈرۈلدى. داۋائاتسى بولسا جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. لېكىن ئۇ ئىلگىرىكى ۋەدىسىدە تۇرماي، ئامۇرساناغا كېرەكلىك ئەھمىيەتنى بەرمىدى. ئامۇرسانا داۋائاتسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىدى ۋە مەنجۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن داۋائاتسىنى مەغلۇپ قىلماقچى بولدى.

مانجۇ خانى چيەن لوڭ (1795 ـ 1736 乾隆) 1754 ـ يىلى ئامۇرسانانى ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىپ، جۇڭغارىيە خانلىقى توغرىسىدا ئىنتايىن مۇھىم مەلۇماتلارغا ئىگە بولدى[24]. بۇ مەلۇماتلار سايىسىدە پادىشاھ چيەن لوڭ ئامۇرسانادىن پايدىلىنىپ جۇڭغارىيەنى تامامەن قول ئاستىغا ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. تۇنجى قەدەمدە جۇڭغارلارنى تۆتكە بۆلۈش ۋە بۇ بۆلۈش بىلەن ئۇلارنىڭ مەركىزى كۈچىنى تارقاقلاشتۇرۇشنى پىلانلىدى. بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلمىغان ئامۇرسانا مانجۇلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ئىسيان باشلاتتى[25].

قولغا كەلگەن بۇ پۇرسەتنى كېچىكتۈرۈشنى خالىمىغان مانجۇلار، قاقشاتقۇچ بىر زەربە بىلەن يېتەرلىك ئاجىزلىغان جۇڭغار خانلىقىنى دەرھال قولغا ئېلىشنى، جۇڭغارىيەگە ئىككى تەرەپتىن كىرىشنى پىلانلىدى. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار ئاۋۋال ئىلىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى قارار قىلدى. بىر تەرەپتىن بارلىق ئەسكىرى تەييارلىقلارنى ھازىرلىغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى، ئەسكىرى كۈچى ۋە مۇداپىئە ئورۇنلىرى ھەققىدە مەلۇمات توپلىدى. ئەلۋەتتە، داۋائاتسى خانغا قارشى كۈچلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقىمۇ سەل قارىمىدى.

مانجۇلار ئۆز خاندانلىق چېگرالىرى ئىچىدىكى ئوخشىمىغان رايونلاردىن مانجۇ، موڭغۇل ۋە خىتاي ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان زور بىر قوشۇن تەشكىللەپ، ئۈچ تۈمەن ئەسكەرنى ئالتايغا، ئىككى تۈمەن ئەسكەرنى باركۆلگە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ئەسلىدە مانجۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيراتلارغا قارشى ئۇچرىغان كۆپ مەغلۇبىيەتلىرى سەۋەبلىك بىتەرەپ ھەرىكەتلەردە بولۇشنى تاللىغان ئىدى. ئەمما، ئۇلار جۇڭغارىيەنى ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن نىھايى بىر نەتىجىگە ئېرىشىشنى خالايتتى. شۇ ۋەجىدىن 1754 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى پۈتۈن ھازىرلىقلارنى تاماملىدى[26].

1755 ـ يىلى مانجۇ قوشۇنى ئىككى يۆنىلىش بىلەن ئىلىغا قاراپ يولغا چىقتى. گېنېرال بەن دى (班第) شىمالىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. ئامۇرسانا بولسا، مۇئاۋىن گېنېرال ئۇنۋانى بىلەن ئولاستايدىن يولغا چىقتى. گېنېرال يوڭ چاڭ (永常) غەربىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتتى. سا لەيئېر (萨赖尔) مۇئاۋىن گېنېرال ئۇنۋانى بىلەن باركۆلدىن قوزغالدى. يانلىرىغا ئىككى ئاي يەتكۈدەك ئوزۇقلۇق ئالدى. داۋائاتسى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ھەر ئىككى جۇڭغار قوماندان ئۈچ مىڭچە ئەسكەر بىلەن

ئالدىنقى سەپ بىرلىكى قىلىپ ئەۋەتىلدى[27]. مانجۇلار ئۇيراتلارغا قارشى يەنىلا ئۇيراتلارنىڭ قولى بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىغانىدى.

ئىككى قوشۇن بورتالادا ئۇچراشتى. جۇڭغارلار مانجۇلارغا قارشى ھېچبىر بىخەتەرلىك مۇداپىئە تەدبىرى ئالمىغان، ھەتتاكى چېگراسىغىمۇ ئەسكەر قويمىغان ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مانجۇلار قاتتىق ئەجەبلەندى[28]. مانجۇ قوشۇنى ھېچقانداق بىر قارشىلىققا ئۇچرىماستىن مىڭلارچە كىلومېتىر ئىلگىرىلەپ، 5 ـ ماي كۈنى ئىلىغا يېتىپ كەلدى. داۋاچىنىڭ تەييارلىقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشۇشنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىرى بىلەن چېكىنىشنى تاللىدى. يەتتە مىڭغا يېقىن جۇڭغار ئەسكىرى مانجۇلارغا ئەسىرگە چۈشكەن بولۇپ، بۇ جۇڭغار قوشۇنى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش ئىدى. جەنۇبقا ـ قەشقەر تەرەپكە قاراپ قاچقان داۋاچىنىڭ 16 ـ ئىيۇل كۈنى يۈز نەچچە ئادىمى بىلەن ئۈچ تۇرپاندا تۇتۇلدى ۋە ئۈچ تۇرپان ۋالىسى خوجەس (霍集斯) تەرىپىدىن مانجۇ قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. گېنېرال بەن دى داۋاچىنى بېيجىڭغا يوللىدى. ئەمما پادىشاھ چيەن لۇڭ ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماي، ئەكسىچە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. چۈنكى، ئامۇرسانا كېيىنچە مانجۇلارغا قارشى قوزغىلىپ قالسا، داۋاچىنى ئۇنىڭغا قارشى قوللىنىشنى ئويلىغان ئىدى. مانجۇلارنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى يولىنىڭ كونتروللۇقىنى قولغا ئالدى. شۇنداق قىلىپ جۇڭغارىيە خانلىقى مانجۇ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىردى[29].

بېيجىڭغا ـ مانجۇلارنىڭ ئاياق ئاستىغا قەدەر كېلىپ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشقان ئامۇرسانا قىسقا مۇددەت ئىچىدە ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتىشكە باشلىدى. جۇڭغارىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش پەقەت سۆزدىكىلا گەپ بولۇپ قالغان ئىدى. جۇڭغارىيەنى قولغا ئالغان مانجۇلار، ھاكىمىيەتنى

ئامۇرساناغا بىرىش ئۈياقتا تۇرسۇن جۇڭغارىيەدىن قەتئىي چىكىنمەسلىك نىيىتىدە بولۇپ، بۇ مەقسىتىمۇ ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. ئامۇرسانانى تامامەن كۆچىدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى رى خې (热河) دىكى پادىشاھنىڭ يازلىق سارىيىغا چاقىرىپ، شۇ يەردە قولغا ئېلىشنى پىلانلىدى. ئەگەر كەلمەي قالسا، شۇ جايدىلا بىر تەرەپ قىلىش قارار قىلىندى. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا ئامۇرسانا ئۇلۇنگۇر دەرياسىدىن (乌伦古河) تارباغاتايغا قېچىپ كەتتى[30].

مانجۇلارنىڭ ئامۇرساناسىز جۇڭغارىيەنى تامامەن قولغا ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئامۇرسانا مانجۇلارغا قارشى ئىسيانغا ئۆتتى. ئاھالە بۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە كۆپ ساندىكى كىشى بۇ ئىسيانغا قوشۇلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىلى مەركىزى گارنىزونىدا مانجۇلارنىڭ كۆپ ئەسكىرى يوق ئىدى. بەن دى ۋە ئې روڭئەن (鄂容安) قوماندانلىقىدىكى بەش يۈزگە يېقىن مانجۇ ئەسكىرىنىڭ ھەممىسى ئامۇرسانا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭلىق بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى يولىنىڭ كونتروللۇقى ئامۇرسانانىڭ قولىغا ئۆتتى. ئامۇرسانا جۇڭغارىيە خانلىقىنى قايتا قۇرۇشتا ئۆزىنى ئويرات خانى دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما، بۇ خانلىقنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇزۇنغا بارمايتتى.

1756 ـ يىلىنىڭ فېۋرال ئايلىرىدا مانجۇ قوشۇنى قايتىدىن ئىلىغا ھۇجۇم قىلدى، ئامۇرسانا قازاقلاردىن پاناھلىق تىلىدى. مانجۇلارغا قارشى ئىسيانلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. گېنېرال جاۋ خۇي (兆惠) مىڭ بەش يۈز كىشىلىك قوشۇنى بىلەن بىر قانچە قېتىم مۇھاسىرىنى بۆسۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى ۋە باركۆلگە قاراپ چېكىنىدى[31]. ئامۇرسانا بىر قانچە قېتىم مانجۇلارنى پاراكەندىچىلىككە سالالىغان بولسىمۇ، يەنىلا نەتىجە قازىنالمىدى، ئەمما جۇڭغارلارنىڭ ئىچىدىكى تەخت ماجىراسى مانجۇلار ئۈچۈن

قولدىن بىرىشكە بولمايدىغان بىر پۇرسەت بولدى. نەتىجىدە مانجۇلار 1757 ـ يىلىدىكى ھۇجۇمدا جۇڭغارلارنى مەغلۇپ قىلدى.

ئامۇرسانا ئىيۇن ئايلىرىدا قايتىدىن قازاقلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى. جاۋ خۇي ۋە فۇ دى (富德) قوماندانلىقىدىكى مانجۇ قوشۇنى ئۇنى تۇتالمىدى. ئامۇرسانا رۇس چېگرالىرىغىچە قېچىپ بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي توبولسكتا كېسەل بولۇپ 35 يېشىدا ئۆلدى. چيەن لوڭ ئۇيراتلارنى تامامەن قىرىپ تاشلاش پەرمانىنى چۈشۈردى. 1758 ـ يىلىدا جاۋ خۇي ۋە فۇ دى بىر قانچە يولدىن ئىلگىرىلەپ، قېلىپ قالغان جۇڭغارلارنى يوقىتىشقا ئاتلاندى ۋە كۆزىنى مىت قىلماي قويماي قىرىپ تاشلىدى[32].

پادىشاھ چيەن لوڭ سېپى ئۆزىدىن بىر قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭغارلارنىڭ ئەسىردىكى يېتىشكەن ئەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 600 مىڭدىن كۆپ نوپۇسقا ئىگە جۇڭغارلارنىڭ 10/3 قىسمى زالىملارچە قىرىپ تاشلاندى، 10/4 چېچەك كېسىلىگە ئوخشاش يۇقۇملۇق كېسەللەردە ئۆلدى، 10/2سى يايلاقتىكى قېيىنچىلىقلاردا قازاق ۋە رۇسلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى، قالغانلىرىمۇ پەقەتلا نوپۇسنىڭ 10/1 ئىدى. بۇنىڭلىق بىلەن جۇڭغارلارنىڭ نوپۇسى تامامەن دېگۈدەك ئېچىنىشلىق ھالدا يوقىتىلدى[33]. «تارىخى ھەمدىي» ناملىق كىتابتا بىر مىليوندىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلار بار[34]. كوروۋپاتكىنمۇ ئىنسانلىققا زىت بۇ قەتلىئامدا بىر مىليون كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىنى تىلغا ئالغان[35]. مۇھەممەد ئاتىفنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدا مانجۇلارنىڭ قانلىق بىر شەكىلدە خالىغانچە ئۆلتۈرگەنلىكلىرىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ جۇڭغارلار سانىنىڭ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى توغرىلىماقتا[36].

مانجۇلار جۇڭغارلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. ئەمما 1755 — 1758 ـ يىللار ئارىسىدا جۇڭغارلارنىڭ مانجۇلارغا قارشى قوزغىغان ئىسيانلىرى ئارىسىدا مانجۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا مۇھىم شەھەرلىرىنى بېسىۋالغۇدەك كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇلار 1755 ـ يىلى جۇڭغارلار تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان خان خوجا بىلەن بۇرھانىدىن خوجىنى ئىلىغا ئېلىپ كەلدى. چۈنكى ئۇلار ئاق تاغلىقلارنىڭ دىنىي لىدېرى خوجا ئەھمەدنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. بۇنىڭلىق بىلەن مانجۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ قالغان شەھەرلىرىنى ئاسانلا بېسىۋالدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى ۋە دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئەلۋەتتە، سىمۋول خاراكتېرلىك بىر دىنىي لىدېرنىڭ قولىدا بولۇشى مانجۇلارنىڭ ئىشىغا يارايتتى[37].

بۇ قېرىنداشلاردىن بۇرھانىدىن خوجىغا چوڭ خوجا، ئىلىدا گۆرۈدە تۇتۇلۇۋاتقان قېرىندىشى خان خوجا بولسا كىچىك خوجا دېيىلەتتى. بۇرھانىدىن خوجا ئەزەلى رەقىبى بولغان يەركەن خانى جاھان خوجىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كۆپ قىسمى مۇسۇلمان ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقسۇغا ئەۋەتىلدى. ئاقسۇ بولسا قەشقەرنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان شەھەرلەردىن بىرى ئىدى، ئاقسۇدىن كېيىن كۇچامۇ ھېچ كۈچىمەستىنلا ئېلىناتتى[38].

قەشقەر ھۆكۈمدارى يۇسۇپ خوجا ئەھۋالدىن خەۋەردار بولدى ۋە بۇرھانىدىن خوجىغا توغرىسى مانجۇلارغا قارشى ئاتلىنىش ئۈچۈن تېز سۈرەتتە ھازىرلىنىشقا كىرىشتى. 1756 ـ يىلى يۇسۇپ خوجا ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان ئابدۇللاھ خوجا قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن ۋە باشقا شەھەرلەردىن ئەسكەر توپلاپ، ئۇچتۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇچتۇرپاندىكى

ئۇرۇش ناھايىتى كەسكىن بولغان بولۇپ، ئابدۇللاھ خوجا قەشقەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر قالدى. بۇرھانىددىن خوجا قىرغىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرنىمۇ ئىشلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئارىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ ھېچ ئايىغى چىقمىغان ئۆچمەنلىك قەشقەردە يەنە ئەۋجىگە چىقتى. بۇنىڭلىق بىلەن مانجۇلار پىلانلىرىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرغان بولاتتى.

1757 - يىلى بۇرھانىددىن خوجا جاھان خوجىغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن يەركەنگە قاراپ يولغا چىقتى. يەركەن ھۆكۈمدارى جاھان خوجا ئەخلاقى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر شەخس بولۇپ، ئاھالىمۇ ئۇنىڭغا بەك ئىنتائەتمەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا، قارا تاغلىقلار تەرەپدارى ئىدى. جاھان خوجا بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ قانلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى خالىمىسىمۇ، مانجۇلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىغا كىرىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى.

بۇرھانىددىن خوجا يەركەنگە كەلدى. جاھان خوجىغا ئەلچى ئەۋەتىلىپ، ئۇرۇش قىلماستىن شەھەرنى تاپشۇرۇشى، بۇرھانىددىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ھامىسى مانجۇلارغا شەرتسىز ئىنتائەتتە بولۇشى تەلەپ قىلىندى. ئۇلار شەھەرنى ئۇرۇشسىز، سۈلھ يولى بىلەن قولغا چۈشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئەمما جاھان خوجا بۇنى قەتئىي قوبۇل قىلماي، دىنسىزلارغا قارشى غازاتتىن باشقا ھېچبىر مۇناسىۋەتنى تونۇمايدىغانلىق جاۋابىنى بەردى. ئۇرۇشقا تەييارلىق باشلاندى. ئاھالە ئاخىرقى دەمگىچە جاھان خوجىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكلىرىنى ئىپادە قىلىشتى[39].

يەركەن شەھىرى بۇرھانىددىن خوجا تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. كۆپ قېتىم ئۆز ئارا تۇتۇشۇش يۈز بېرىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەركەن ئاھالىسى سەبىر ۋە سابات بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇرھانىددىن خوجىنىڭ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى ئىمكانسىزدەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، يەركەن ۋالىسى غازىبەگ بۇرۇن قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۆز ماقامىنى جايىدا ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن شەھەر ئىشىكلىرىنى بۇرھانىددىن خوجىغا ئېچىپ بەردى. خىيانەت يەنە بىر قېتىم تەكرارلانغان بولدى.

بۇرھانىددىن خوجا شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. جاھان خوجا قېچىشنى تاللىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئائىلىسى بىلەن بىرگە يەركەن شەھىرىدە دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. جاھان خوجىنىڭ بىر ئوغلى نەزەر خوجا ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى[40]. يەركەندىن كېيىن خوتەننى قولغا ئالغان بۇرھانىددىن خوجا بىر نەچچە ئاي ئىچىدە قەشقەر ۋە ئەتراپىنى تامامەن كونتروللۇقىغا ئالدى. بۇ قېتىم ھاكىمىيەت قارا تاغلىق خوجىلاردىن ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەسلىدە ھادىسىلەرنىڭ بۇ شەكىلدە داۋاملىشىشى مانجۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، بۇرھانىددىن خوجا مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشى ئۈچۈن بىر ياغاچ قونچاق شەكلىدە ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان بولدى.

بۇرھانىددىن خوجا مانجۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە خىزمەت قىلغان ۋاقىتتا، قېرىندىشى خان خوجا ئەكسىچە مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئامۇرسانانىڭ مانجۇلارغا قارشى باشلىغان ئىسيانلىرى ئارىسىدا ئىلىدىن يەركەنگە

قېچىپ قۇتۇلغان خان خوجا، ئاكىسى بۇرھانىدىن خوجىنى جۇڭغارىيەنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدى. مانجۇلار مەقسەتلىرىگە يەتكەندىن كېيىن، ئىلگىرى بەرگەن ۋەدىلىرىدە تۇرماي، قەشقەرنى بۇرھانىدىن خوجىغا بېرىشتىن باش تارتتى. 1758 ـ يىلى بۇرھانىدىن خوجا قېرىندىشى خان خوجا بىلەن بىللە مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى ۋە مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلدى. جۇڭغارىيەنى تامامەن قولىغا ئالغان مانجۇلار قاتتىق جاسارەتلىنىپ، ھېچ ئىككىلەنمەي ئولتۇرمايلا بۇرھانىدىن خوجا ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى خان خوجىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى[41].

1758 ـ يىلى ئىيۇلدا ئون مىڭ كىشىلىك مانجۇ قوشۇنى تۇرپاندىن كۇچاغا قاراپ يولغا چىقتى. مانجۇلار كۇچادا ئارقا ـ ئارقىدىن ناھايىتى قاتتىق قارشىلىقلارغا يولۇقتى. خان خوجا قوشۇنى ئۈچ ئاي بويىچە مۇھاسىرىگە ئېلىندى، ئوزۇقلۇق ۋە ئەسكىرى لازىمەتلىكلەر تامامەن تۈگىگەنلىك سەۋەبىدىن كۇچانى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولدى. كۇچانى قولىغا ئالغان مانجۇلار ئىلگىرى مەغلۇبىيەتلىرىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، تەسلىم بولغان بولسىمۇ، ئون مىڭغا يېقىن كۇچا ئاھالىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى[42]. ئاندىن كۈچلۈك قارشىلىققا ئۇچرىماستىنلا ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاننى كونترول قىلدى. ئاقسۇنى ئەسكىرى بازا ھالىغا كەلتۈردى. بۇ ۋاقىتتا خان خوجا يەركەنگە، بۇرھانىدىن خوجا بولسا، قەشقەرگە كەلدى. مانجۇلارغا قارشى ئەڭ قاتتىق ئۇرۇش 1758 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1759 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا يەركەندە مەيدانغا كەلدى. جاۋ خۇي قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ، تۆت مىڭ كىشىلىك مانجۇ قوشۇنى يەركەنگە كېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى قاراسۇ دەرياسى قىرغىقىدا قارارگاھ قۇردى. بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمغا ئۇچرىغان مانجۇلار خان خوجىنىڭ ئون مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرى ئالدىدا ناھايىتى ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۈچ ئايدىن ئارتۇق مۇھاسىرە زامانىدا پەرىشان بولدى ھەم كۆپ يوقىتىشلارغا دۇچار بولدى. بۇ ۋاقىتتا قىرغىزلار ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈردى. خان خوجا قىرغىزلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەسكىرىنىڭ بىر قىسمىنى قەشقەرگە يوللىدى. بۇ پۇرسەتتە مانجۇلار تامامەن يوق بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالدى ۋە دەرھال ئاقسۇغا قاچتى.

گېنېرال فۇ دىنىڭ قوماندانلىقىدىكى مانجۇلارنىڭ شىمالى يۆنىلىش قوشۇنى 1759 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا قاراسۇ دەرياسىغا كەلدى، باركۆلدىن ياردەمچى ئەسكەرلەر ئەۋەتىلدى. خان خوجا يەركەندە مۇداپىئەدە تۇرۇپ قوغدىنىشقا ئۆتتى. جاۋ خۇي بىلەن فۇ دې ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئاقسۇغا كەلدى. جۇڭغارىيەدىنمۇ ياردەمچى ئەسكەرلەر ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمي سانى ئوتتۇز مىڭغا يەتتى. ئاندىن ئۇلار ئۇرۇش تەييارلىقلىرىنى تاماملاپ، ئىيۇن ئېيىدا جاۋخۇي بىلەن فۇ دىنىڭ ھەر بىرى 15 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەر ۋە يەركەنگە قاراپ يولغا چىقتى. بىر ئايدىن كېيىن جاۋ خۇينىڭ قوشۇنى ئۇچتۇرپاندىن قەشقەرگە، فۇ دىنىڭ قوشۇنى خوتەندىن يەركەنگە كىردى[43].

شۇنداق قىلىپ، قەشقەر ۋە يەركەندىن ئىبارەت مەزكۇر ئىككى مۇھىم شەھەر ۋە ئەتراپى مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. قەشقەرنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا مانجۇلارغا قارشى كۈرەش بىر مەزگىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما 1759 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا سانىنى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان مانجۇ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلدى، پەقەت ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈنلا 12 مىڭدىن ئارتۇق ئىنسان قولغا ئېلىندى.

خان خوجا يەركەننى، بۇرھانىددىن خوجا بولسا قەشقەرنى تاشلاپ، 12 مىڭ ئائىلىلىك بىلەن بىللە sari kol دىن ئۆتۈپ بەدەخشانغا كەلدى ۋە يەرلىك ئاھالە تەرىپىدىن قىرغىن كۈتۈۋېلىندى، توققۇز مىڭ ئائىلە قوقەنگە كۆچۈپ كەتتى[44]. ئېغىر يارىلانغان خان خوجا ھاياتىدىن ئايرىلدى، بۇرھانىددىن خوجا بولسا سۇلتان شاھ تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى[45]. مانجۇلارنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئۆلۈپ بولغان خان خوجىنىڭ كاللىسى گېنېرال جاۋ خۇيغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، پادىشاھ سارىيىغا ئەۋەتىلدى. مانجۇلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە ئىشارىسى قىلىپ، بېيجىڭدا تۆمۈر قەپەس ئىچىدە سازايى قىلدى[46]، ئۈچ يىلدىن كېيىن مانجۇلار بۇرھانىددىن خوجىنىڭمۇ كاللىسىنى ئالدى[47]. لېكىن، ئافغانىستان ئەمرى بەدەخشانغا بېسىپ كىرىپ، سۇلتان شاھنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ جازاسىنى بەردى. مانجۇلارمۇ قوقەند ۋە تاشكەنتكە قەدەر كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى نامايان قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر ئافغانىستان ھېچبىر ئىشغالغا ئۇچرىمىغان بولغاچقا، ھەركىم ئافغانىستان ئەمرىگە مانجۇلارغا قارشى بىر ئۈمىد كۆزىدە بېقىشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ پەقەت بەدەخشاننى ئېلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى[48].

ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق گۇرۇھلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراش، ئۆزئارا ئاغدۇرمىچىلىقلىرى نەتىجىسىدە، بۆلۈنۈش، توقۇنۇش، پىتنە ـ پاساتچىلىقلار يەنە ئۇلغىيىشقا باشلىدى. خەلق دۆلەتنى ساقلاش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىش روھىدىن تامامەن مەھرۇم قالدۇرۇلدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن مانجۇلار شەرقىي تۈركىستان ئىشغالىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇلارنىڭ يۈرگۈزگەن ئېچىنىشلىق سىياسەتلىرى نەتىجىسىدە خەلق خور، قېقىندى ـ سوقۇندى، بىچارە، نامرات ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردا 500 مىڭغا يېقىن

كىشى مانجۇلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى[49].

مانجۇلار ئامۇرسانا، خان خوجا ۋە ئاكىسى بۇرھانىدىن خوجا ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ ئىلى، قەشقەر، يەركەن، يېڭىسار، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا، باي، قاراشەھەر، قۇمۇل، تۇرپان ۋە باشقا مۇھىم شەھەرلەرنى قولىغا ئالدى. مانجۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قورقۇنچلۇق باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى ئىلىپ باردى. پەقەت خوجىلار ئائىلىسىنىلا ئەمەس، بەلكى قەشقەردىن تارتىپ نۇرغۇن رايوندىكى ئاھالىنى ئېچىنىشلىق باستۇردى.

مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئەمەلىي ئىشغال قىلىشى 1759 ـ يىلىدىن باشلانغان بولدى. ئەمما ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە تەشنا خەلق بىر ئەسىر بويىچە توختىماي كۈرەشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. مانجۇلارغا قارشى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ بىرقەدەر چوڭلىرى: ئۇچتۇرپان ئىسيانى (1767)، جاھانگىر خوجا باشچىلىقىدا 1822 ـ، 1825 ـ ۋە 1828 ـ يىللىرىدىكى ئىسيانلار، 1828 ـ يىلىدا جاھانگىر خوجىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن كېيىن، 1830 ـ يىلىدا ئاكىسى يۈسۈپ، 1845 ـ يىلىدا يۈسۈپنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىن باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن ئىسيانلار، يەتتە خوجا ئىسيانى (1847)[40]، ۋەلىخان تۆرە ئىسيانى (1857)، كۇچا قوزغىلىڭى (1857) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1864 ـ يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي رايونىدا يۈز بەرگەن شىددەتلىك قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە، مانجۇلارنىڭ ئىشغالىيىتى ئاياغلاشتى.

1 Owen Lattimore, Pivot of Asia: Sinkiang And The Inner Asian Frontiers Of China And Russia, Boston, Little Brown

and Company, 1950, s. 5.
2 René Grousset, Bozkır İmparatorluğu, 5. bs., Çev. M. Reșat Uzmen, İstanbul, Ötüken Neșriyat, 2006, s. 579. Zheng Tian-ting (郑天挺) v.d., Zhong-guo Li shi Da Ci-di-an (中国历史大辞典), C:I-II, Shang-hai, Shang-hai Ci-shu Chu ban-she, 2000, s. 2355.
3 Huang Ren-yu (黄仁宇), Zhong-guo Da Li-shi (中国大历史), Bei-jing, San-li an Chuban-she, 4. bs., 1998, s. 61. Grousset, a.g.e., s. 71-76. İbrahim Kafesoğlu, Türk Milli Kültürü, 24. bs., İstanbul, Ötüken Neșriyat, 2004, s. 67. Zheng, v.d., a.g.e., C.I, s. 1610.
4 Fan Wen-lan (范文澜) v.d., Zhong-guo Tong-shi (中国通史), 10. bs, C: IV, Bei-jing, Ren-min Chuban-she, 2006, s. 61.
5 Uygur Hakanı Kutluk Bilge Kül'ün tahta oturması Çin'de hâkim olan Tang Ha nedanı tarafından kabul görülürken, Tang tarihçileri de Kutluk Bilge Kül'ün Altay'dan Baykal'a kadar uzanan topraklarda saltanat sürdüğünü kayıtlara ge çirmeyi ihmal etmemișlerdir. Grousset, a.g.e., s. 141.
6 Kafesoğlu, a.g.e., s. 131-132.
7 Wolfram Eberhard, Çin Tarihi, 3. bs., Ankara, Türk Tarih Kurumu Yayınları, 1995, s. 197-201.
8 Huang, a.g.e, s. 105-108.
9 Ji Xian-lin (季羡林), Weiwuer Shi-lüe (维吾尔史略), Ji-

nan, Dong-fang Shu she, 1952, s. 13.

10 Grousset, a.g.e., s. 142.

11 Guo Ping-liang (郭平梁), Wang Zhi-lai (王治来), Xin-jiang Jian-shi (新疆简 史), 3. bs., C:1, Urumçi, Xin-jiang Ren-min Chuban-she, 1997, s. 141. Grousset, a.g.e., s. 149. Zheng, v.d., a.g.e., C.II, s. 2513.

12 V. V. Barthold, Zhong-ya Jain-shi (中亚简史), Çev. Geng Shi-min (耿世民), Urumçi, Xin-jiang Ren-min Chuban-she, 1980, s. 13.

13 Muhammed Emin Buğra, Şarki Türkistan Tarihi, Haz. M. Yakup Buğra, Anka ra, 1998, s. 112. Turgun Almas, Uygurlar, Çev. Ahsen Batur, İstanbul, Selenge Yayınları, 2010, s. 136.

14 Kafesoğlu, a.g.e., s. 134.

15 Tuoheti (拓和提), Weiwuer Li-shi Wen-hua Yan-jiu (维吾尔历史文化研究), Bei-jing, Min-zu Chuban-she, 1995, s. 53.

16 Guo, Wang, a.g.e., C:I, s. 147.

17 Kafesoğlu, a.g.e., s. 136. İdi-kut (高昌) Uygur Kağanlığı (860-1284) da denir, tafsilat için Bkz.: Tuoheti, a.g.e., s. 53.

18 Paizula Wusiman, “A.N. Kuropatkin ve Onun Kaşgarya Adlı Eseri”, Basılmamış Yüksek Lisans Tezi, İstanbul Üniversitesi Sosyal Bilimler Enstitüsü, İstanbul, 2008, s. 105.

19 Ablat, Kamil, “Chi’ng Çini’nin Zungarya ve Doğu Türkistan’ı İşgali”, Çev. Bülent Keneş, Türkler Ansiklopedisi, C.18, Ankara, 2002, s. 688.

20 Mehmed Âtıf, Kaşgar Tarihi (Bâis-i Hayret Ahvâl-i Garibesi), Haz. İsma il, Vehbi, Cahit, Kırıkkale, Eysi Yayınları, 1999, s. 135. Ekrem Kalan, Cungar Hanlığı’nın Siyasi Tarihi, Ankara, Türk Tarih Kurumu Yayınları, 2008, s. 31. Baymirza Hayit, Türkistan Rusya ile Çin Arasında, Çev. Abdülkadir Sadak, Ankara, Otağ Yayınları, 1975, s. 16. Wusiman, a.g.t., s. 106-107. D. A. İsiev, Yedi Şehir Uygur Devleti, Almatı, İzdatelstvo Nauka, 1990, s. 5.

21 Hayit, a.g.e., s. 17.

22 Ablat, Kamil, a.g.m., s. 694. Wusiman, a.g.t., s. 108.

23 Âtıf, a.g.e., s. 145.

24 Kalan, a.g.e., s. 95-102.

25 Demetrius Charles Boulger, The Life of Yakoob Beg (Athalik Ghazi, and Ba daulet; Ameer of Kashgar), London, Wm. H. Allen & Co., 1878, s. 45-46.

26 Kalan, a.g.e., s. 102.

27 Guo, Wang, a.g.e., C:I, s. 253.

28 Kalan, a.g.e., s. 103.

29 Fan, v.d., a.g.e., C:X, s. 36. Âtıf, a.g.e., s. 146.

30 Ablat, Kamil, a.g.m., s. 693.

31 Fan, v.d., a.g.e., C:X, s. 37.

32 Boulger, a.g.e., s. 48. Fan, v.d., a.g.e., C:X, s. 38. Ch'en Ching-Lung, Çin ve Batı Kaynaklarına Göre 1828 İsyanlarından Yakup Bey'e Kadar Doğu Türkistan Tarihi, T'ai-pei, (Doktora Çalışması), 1967, s. 105.

33 Zeng Wen-wu (曾问吾), Zhong-guo Jing-ying Xiyu-shi (中国经营西域 史), Shang-hai, Shang-hai Shang-wu Yins-hu-guan, 1936, s. 252. Ablat, Kamil, a.g.m., s. 693. We-i-yuan (魏源), Sheng Wu Ji (圣武记), Bei-jing, Zhong-hua Shu-ju, 1984, s. 156.

34 Molla Musa Sayrami, Tarihi Hamidi, Haz. Enver Bay-tur, Pekin, Milletler Neș riyatı, 1986, s. 140.

35 Wusiman, a.g.t., s. 113.

36 Âtıf, a.g.e., s. 154.

37 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 137.

38 Wusiman, a.g.t., s. 110.

39 Âtıf, a.g.e., s. 149.

40 Hayit, a.g.e., s. 19-20.

41 A. Rıza Bekin, "Yakup Beğ'den Önce Doğu Türkis-tan'daki Ayaklanmalar", An kara Üniversitesi Dil ve Ta-rih-Coğrafya Fakültesi Doğu Dilleri Dergisi, 11/4, 1981, s. 17.

42 Bekin, a.g.m., s. 18. Âtıf, a.g.e., s. 158.

43 Fan, v.d., a.g.e., C:X, s. 39.

44 Ablat, Kamil, a.g.m., s. 696.

45 Qing Shi-lu Xin-jiang Zi-liao Ji-lu (<清实录> 新疆资料辑录), C:IV, Haz. Zhou xuan (周轩), Xiu Zhong-yi (修仲一), Gao jian (高健), Urumçi, Xin-jiang Da-xue Chuban-she, 2009, s. 356.

46 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 140.

47 Fan, v.d., a.g.e., C:X, s. 39.

48 Boulger, a.g.e., s. 49-51.

49 Âtıf, a.g.e., s. 164. Boulger, a.g.e., s. 49.

50 Mezkûr isyan ve vuku bulduğu tarih hakkında Bkz.: Ch'en, a.g.e., s. 12.

## بىرىنچى بۆلۈم

### كۇچا ھاكىمىيىتى

### شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى — مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭلارنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرى

مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن مۇستەبىت ۋە تاجاۋۇزچىلىق سىياسەتلىرى قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئاھالىنىڭ ئىلىكىنى شورايدىغان باج - سېلىقلار بولغان. ئەسلىدە قارايدىغان بولساق، بۇ باج ئېلىش ئەمەس، بەلكى ئوچۇق - ئاشكارا بۇلاڭچىلىق ئىدى. رەسمىي مەنبەلەردە جىڭ گوڭ (正供) ۋە چەي يى (差役) دىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك باج - سېلىق باشقا ھەممە نەرسىدىن ئاۋۋال كەلمەكتە.

جىڭ گوڭ — رەسمىي ئىجارە ھەققى ۋە باجلارنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ

مەمۇرلارنىڭ كىرىمى (مائاشلىرى)نى قامداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ سوممىسى ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىسىگە قارىتا پەرقلىنەتتى[1]. بۇلار ئاساسلىق دېھقانلاردىن ئېلىنغان دانلىق زىرائەتلەر ۋە رەخت تۈرىدىكى نەرسىلەر بولۇپ، ھەرقانداق بىر دېھقان چۈشۈپ قالماي ھەممىسى تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. ئېتىزلارنىڭ دېھقانچىلىققا ماس كېلىش - كەلمەسلىكى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق باج ئېلىناتتى. ئەگەر ئېلىنغان ھوسۇل قۇرغاقچىلىق ياكى تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلى ئازىيىپ باج مىقدارىغا يەتمىسە، دېھقانلار قالغان قىسمىنى بازاردىن سېتىۋېلىپ تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى[2].

مانجۇلارمۇ جۇڭغارلارنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش كۆپ ساندىكى ئاھالىنى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىن غۇلجىغا مەجبۇرى كۆچۈردى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئۇلارنى ئېتىزلاردا قۇل قىلىپ ئىشلىتىش بولۇپ، بۇمۇ بىر تۈرلۈك سۈرگۈن ئىدى. تامامەن مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنغان ئاھالە قولغا كەلتۈرگەن مەھسۇلاتلىرىدىن پەقەت يىگۈدەكلا ئازغىنە ئېلىپ قالالايتتى. 12 مىڭغا يېقىن ئائىلىلىكنىڭ قەشقەردىن غۇلجىغا كۆچۈرۈلۈشى، ئوخشىمىغان تارىخى مەنبەلەر تەرىپىدىن تەستىقلانماقتا[3]. كۆچۈرۈلگەن بۇ كىشىلەرگە تارانچى (تېرىمچى، دېھقان دېگەن مەنىلەردە) دېيىلەتتى. مانجۇلارغا ئۆكتە قوپۇپ، قارشى چىقىدىغانلىكى كىشىنىڭ ھەممىسىنى سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال - بىساتلىرىنى مۇسادىرە قىلاتتى. دەسلەپىدە بۇ سۈرگۈن قىلىنغان كىشىلەرگە چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى مانجۇلارغا تۆلەش شەرتى بىلەن يەرلەر ئىجارىگە بېرىلگەن ئىدى.

غۇلجىدىكى ھەربىر دېھقان ئائىلىنىڭ بىر يىلدا مانجۇلارغا تۆلەش مەجبۇرىيىتىدە بولغان ئاشلىق مىقدارى: 16 شى، 6 دو، 6 شىڭ، 6 خى، 6

شاۋ (4)[十六石六斗 六升六合六勺] بولۇپ، جەمئىي 16،6666 شى قىلىپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، بۇ تەخمىنەن 1042 كىلوگىرامغا باراۋەر ئىدى. بۇنىڭدىن سىرت يەنە ھەر شى ئۈچۈن قوشۇمچە قىلىپ ئالىدىغان 3 شىڭ بار ئىدى. بۇ بويىچە بولغاندا، جەمئىي 17 شى 1 دو 7 شىڭ ئاشلىق پەقەت باج - سېلىق ئۈچۈنلا تۆلىنەتتى. شى يۈ تۇ جى (西域图志) ناملىق ئەسەردە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، نورمال ئەھۋالدا ھەر ئائىلىنىڭ بىر يىلدا قولغا كەلتۈرىدىغان ھوسۇل مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24 شى ئىكەن، بۇنىڭ 17 شى 1 دوسى باج - سېلىققا تۆلىنىشى مەجبۇر بولۇپ، بۇ ئومۇمىي مەھسۇلاتنىڭ %71 دېمەك بولاتتى.

باشقا شەھەرلەردىكى ئەھۋاللارمۇ غۇلجىدىن جىق پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ، ئاھالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ھەر يىلى پەقەت باج ھېسابىغا تۆلەنگەن مەھسۇلات مىقدارى 66000 شىدىن كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە، تۆلەنگەن رەخت مىقدارىمۇ 40000 توپ ئەتراپىدا ئىدى[5]. بۇلار پەقەت رەسمىي ھالەتتە بەلگىلەنگەن باج - سېلىق بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە، كېيىنچە ئىمدا خالىغان ۋاقىتتا ئالىدىغان بىرخىل باج بولۇپ، ئۇنىڭ مىقدارىنى ئۆزلىرى خالىغانچە بېكىتەتتى.

چەي يى ھەقسىز خىزمەتچىلەرنى ئاتايدىغان نام [6] بولۇپ، ئاھالە تۈگىمەس ئالۋان - سېلىقتىن ھېچ قۇتۇلالمايتتى. پەقەت ئىشلەش بىلەنلا قالماي، يەنە ئەمەلدارلارنىڭ يەپ - ئىچىدىغان ئوزۇقلۇقى، مىنىدىغان ئۇلاغلىرى ۋە ئۇلاغلارنىڭ يەملىرى، ئوتۇن - سامان قاتارلىق بارلىق ئېھتىياجلارنى تەمىنلەشكە مەجبۇر ئىدى. مەجبۇرى ئەمگەك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئاھالىلەرگە كۆۋرۈك ۋە يوللارنى ياساش، يۇندا سۇ يوللىرى ۋە قورۇلۇش ئىشلىرى، ئەسكىرى

خەت ـ چەكلەرنى توشۇش، يىراق قاراۋۇلخانىلارغا نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشۇش، يوگۇر ـ يېتىم ئىشلىرى، كان رايونلىرىدا مىس، تۆمۈر، سىلىترا، گۈڭگۈرت، ياقۇت قاتارلىق بايلىقلارنى ئىزدەش، قېزىش ۋە ئېرىتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدۇراتتى.

ھەرقانداق ئۇنۋانلىق بىر ئەمەلدار ياكى ئەسكەر بىر يەرگە بارىدىغان بولسا، يول بويىدىكى بەگلەرگە ئالدىن خەۋەر يەتكۈزۈلەتتى ـ دە، ئۇلارنىڭ قونالغۇ ئىشلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك، مىنىدىغان ئۇلاغ، ھارۋا، قوي، ئۇن، گۆرۈچ، ئوتۇن ـ سامان دېگەندەك بارلىق ئېھتىياجلىرى قامدىلاتتى. ئەلۋەتتە، ھېچ شۈبھىسىز بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئاھالە مەسئۇل بولۇپ، ھەممە نەرسىنى ھېچ بىر بەدەل تەلەپ قىلماي تەل قىلىشى زۆرۈر ئىدى. ھېچ بىر پۇرسەتنى قاچۇرمايدىغان زالىم بەگلەر ئۈچۈن بۇ بىر پۇرسەتنىڭ ئېچىلغان ئىشكى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدەك، ئوخشىمىغان ناملاردا ئاتىلىدىغان باج ـ سېلىقنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

مانجۇلار ئۆزلىرى تەيىنلىگەن بەگلەرنى تەقدىرلەش ۋە ياردەم مەقسىتىلىك ياڭ ليەن چيەن (养廉钱) نامىدا ئايرىم پۇل تۆلەيتتى ۋە بۇنىڭمۇ ئاھالىنىڭ تۆلىشى مەجبۇر ئىدى. مانجۇ خىزمەتچىلەر پۇلنى ئۆزلىرى يىغىپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بەگلەرگە تارقىتىپ قوياتتى[8]. بۇمۇ ھەم مەمۇرى خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن چىقىمسىز پايدا ئېلىشنىڭ بىر يولى ئىدى.

مانجۇ مەمۇرلار سېپى ئۆزىدىن دىكتاتور بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۈگىمەس ھەۋەسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن ھەمكارلاشتى. يەرلىك ئەمەلدارلار بۇنىڭغا قارشىلىق مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئاھالە ئارىسىدا

ۋاستىچىدەك  قاتراپ خىزمەت قىلدى. مانجۇ بەگلەرگە باج تۆلەش نامى ئاستىدا، ئاھالىدىن خالىغان نەرسىسىنى ئېلىۋالاتتى[9]. مانجۇلارغا تايىنىۋالغان يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قىلغانلىرىغا كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويمايتتى. ھەجگە بېرىش، توي قىلىش، نەزىر ـ چىراق مۇراسىمى قىلىش، چوڭ ئەركانلارنى كۈتۈۋېلىش قاتارلىق ئىشلارغا كېتىدىغان پۇل، ئادەم كۈچى، ھايۋان، يېمەكلىكلەر ۋە باشقا بارلىق ئېھتىياجلار يەنىلا يەرلىك ئاھالىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنەتتى.

مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرغان مەمۇرىي ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ھەر يىلى 2 ـ 3 مىليون سەر (بىر سەر 36 گىرامغا تەڭ) كۈمۈش چىقىملىرى بار بولۇپ، بۇلار شى شياڭ (协饷) نامى بىلەن پادىشاھلىقنىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىدىن قولغا كەلتۈرگەن يىللىق باج ـ سېلىقلارنىڭ مەلۇم بىر مىقدارىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئاران ھەل بولاتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ رايونلاردىن كېلىدىغان پۇل ـماللارنىڭ ئايىغى كېسىلىشكە باشلىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يۈز بەرگەن ئەپيۇن ئۇرۇشى (1842 ـ 1840) ۋە تەيپىڭ تىيەنگو ھەرىكىتى (1864 ـ 1851) خاندانلىقنى سىياسىي جەھەتتىنلا مۇنقەرىزلىككە مۇپتىلا قىلىپ قالماي، بەلكى مالىيە جەھەتتىنمۇ دۆلەتنى كىرزىسقا دۇچار قىلدى. ماغدۇرى قالمىغان خاندانلىقنىڭ ئەمدى شەرقىي تۈركىستانغا قارىغۇدەك ھەپسەلىسى قالمىدى. خامچوتتا قىزىل رەقەم كۆرۈلۈپ، مالىيەسى كىرزىستىن چىقالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان خاندانلىق 1854 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئەھۋالنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىدىغان پۇللارنى تولۇقلاشتا قىيىنچىلىقتا قالغانلىقنى ئوچۇق ئېلان قىلىپ، 1862 ـ يىلىدا پۇل ئەۋەتىشنى تامامەن توختاتتى[10]. بەي يانخو باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلار شۇ يىلى خاندانلىقنىڭ

كۇچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈردى. بۇ ئىسيان قىسقا مۇددەت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانغا قەدەر يېتىپ باردى. ئۈرۈمچىدە تۇ دېلىن، كۇچادا مالوڭ، قەشقەردە بولسا جىن شياڭيىن باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلارمۇ مانجۇلارغا قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈردى. بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ پۇل ئەۋەتەلمىگەچكە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن، گېنېرال، ئامبال[11] ۋە مەمۇرلار بېيجىڭدىن پۇل كەلمىسىمۇ، يەنىلا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، تۆمۈر، گۈڭگۈرتكە ئوخشاش تەبىئىي كان بايلىقلىرىنى قېزىپ ئۆزلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالايدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ مانجۇلارنى جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ ئۇ قەدەر كۈچلۈك بولۇشىدىكى ئامىللاردىن بىرى، ئۇنىڭدا بولغان مول تەبىئىي بايلىقلاردۇر. كېرىيەنىڭ ئەتراپىدا ئالتۇن؛ ئاقسۇ، سايرام ۋە كۇچادا مىس، تۆمۈر، كۆمۈر، گۈڭگۈرت، ئاممىياكلىق تۇز؛ قەشقەر ئەتراپىدا كۆمۈر ۋە قوغۇشۇن؛ خوتەندە نېفت؛ كەلپىندە گۈڭگۈرت، باي ئەتراپىدا سىلىترا قاتارلىق بايلىقلار چىقماقتا[12]. ئاھالە مەجبۇرى ئەمگەككە ھەيدىلىپ، تاغلاردا، دەشتى چۆللەردە كان ئېچىش ئۈچۈن توختىماي ئىشلىتىلدى. شۇنداقتىمۇ، ھەر دائىم بارغانلىكى يەرلەرنى ئۆتمە ـ تۆشۈك قىلىپ تېشىپ ئىشلىسىمۇ، ئۇنىڭ بەدىلىگە جەبىر ـ زۇلۇمدىن باشقىغا ئېرىشەلمىدى[13]. باج ـ ياساقلار بارغانچە ئېشىپ بېرىشقا باشلىدى.

ئەسكەرلەر مائاشلىرىنى ئالالمىغانلىقتىن يۇرتلىرىغا قايتالمىدى، ھەتتا ئەمەلدارلارنىڭ ئۆي ـ ۋاقلىرىنى تارتىۋېلىش بىلەن تەھدىت سېلىپ، ئىسيان بايراقلىرىنى كۆتۈردى. قورقۇپ نېمە قىلارنى بىلمەي قالغان ئەمەلدارلار:

«ئەگەر كىم ئەسكەرلەرگە كۆمۈش ھەدىيە قىلسا، ئۇنىڭغا ئەمەلدارلىق ماقاملىرى بېرىلىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان پىلاكاتلارنى كوچا - كويلارغا، بازار يەرلىرىگە ئاستۇردى. ئەمەل، مەنسەپكە ھېرىسمەن كىشىلەر بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پۇلغا سېتىۋېلىشقا كىرىشتى، تەرجىمانلار بۇنىڭ دەللاللىقىنى قىلدى. مەيلى ئوغرى - بۇلاڭچى، قىمارۋاز بولسۇن، ھەتتاكى سەرگەردان بولسىمۇ پۇل بولسىلا ئەمەل ساھىبى بولالايتتى. ئەلۋەتتە، مەمۇرلارنىڭ كۆپىيىشى، ئاھالىنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنىڭ ئارتىشى دېمەكتى[14].

مەمۇرلار، نامدار كىشىلەر ۋە تىجارەتچىلەر خۇددى پادىشاھقا رەھمەت ئېيتىشنىڭ ياخشى بىر پۇرستى دەپ، تەرەپ - تەرەپتىن پۇل ئىئانە قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە، ئىئانە قىلغان پۇل مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ يۇقىرى - تۆۋەن مەنسەپلەر بىلەن تارتۇقلاندۇرۇلاتتى. بۇلاڭچىلىق قىلىپ تاپقان پۇللىرىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنى ئىئانە قىلىش بەدىلىگە نۆۋەتتىكى ئېھتىياجلار قامدىلاتتى. بۇ پۇللارنىڭ كېلىش مەنبەلىرى ھەرگىز تەكشۈرۈلمەيتتى. ئەكسىچە، پادىشاھقا بولغان ساداقىتىنىڭ نامايەندىسى دەپ قارىلاتتى. ئەسلىدە ئىئانە قىلىنغان بۇ پۇللار چېرىكلىكنىڭ (پارا بېرىشنىڭ) بىر تۈرى ئىدى. باركۆلنىڭ يېلى ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى (ئامبال) چىڭ ئەن (清安) ئوغلىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىم (ئامبال) بولۇشى ئۈچۈن 3000 سەر ئاق كۆمۈش خەجلىگەنىدى. پۇلغا ئەمەل سېتىۋېلىش بارغانچە ھېچكىم يات سانىمايدىغان نورمال بىر ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالدى. پۇلى بولغان ھەرقانداق بىر كىشى ئەمەل ساھىبى بولالايتتى[15].

بىرقانچە مىسال ئالىدىغان بولساق: ئەسلىي تۇرپانلىق بولغان ئەپرىدۇن ۋاڭبەگ يەركەننىڭ ھاكىمى ئىدى، گۇناھ ئۆتكۈزدى دېگەن باھانە بىلەن

ئەملىدىن قالدۇرۇلغاندا، ئورنىغا خوتەنلىك خىزمەتچىسى رۇستەمبەگ ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ بۇ ماقامنى پەقەت 2000 يامبۇغا (ئات تۇيىقى شەكلىدە قۇيۇلغان كۈمۈش پۇل) سېتىۋالغان ئىدى. يەنە بۇنىڭغا ئوخشىغان: كۇچالىق مىرزا ئىسھاق ۋاڭبەگ بىلەن مىرزا ئەھمەد ۋاڭبەگنىڭ خىزمەتچىسى بولغان كۇچالىق قۇتلۇقبەگ قەشقەرگە ھاكىم بولدى ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى سەيتبەگمۇ 1500 يامبۇ بەدىلىگە ئاقسۇغا ھاكىم بولدى[16].

ئەملىدىن قالدۇرۇلغان، ئەمەل دەرىجىسى چۈشۈرۈلگەن ۋە ياكى جازا كۆرگەن بىرى، مەيلى نېمە قىلسۇن پەقەت مەلۇم مىقداردا پۇل تاپشۇرسىلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەملىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيتتى. مەسىلەن، كۇچانىڭ ھاكىمى ئەھمەد يەركەندە ھاكىم بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقتىدا، يات كىشىلەر بىلەن ئۆزى يالغۇز كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن جازالاندۇرۇلغانىدى. كېيىن، ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلدى ۋە بۇ مانجۇ خانىدانلىقىغا بولغان ساداقەت ـ ۋاپادارلىقىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە خاتىرىلىنىپ، گۇناھى كەچۈرۈم قىلىندى. تۇرپان ۋاڭى ئۆتكۈزگەن بىر جىنايىتى سەۋەبلىك ۋاڭلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. ئۇمۇ ئەسكەر مائاشى ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلدى ۋە ئىككىنچى يىلى مۇكاپات سۈپىتىدە ئەملى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى[17]. ھەتتاكى، ئۆتكۈزگەن ئېغىر جىنايەتلىرى سەۋەبلىك شەرقىي تۈركىستانغا سۈرگۈن قىلىنغان مانجۇ ئەمەلدارلارمۇ پۇل تۆلەش بەدىلىگە قۇتۇلالايتتى.

پۇل ھەدىيە قىلغانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە پۇلنىڭ مىقدارلىرى ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسلىي مەقسەتلىرى ئوخشاش ئىدى. ھەدىيەلىرى سايىسىدە قولغا كەلتۈرگەن مەنسىپىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، ئەسلىي ھەدىيە قىلغان پۇل ـ مالنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش بىلەن بىرگە تېخىمۇ كۆپ قولغا چۈشۈرۈشنى

كۆزلەيتتى. پۇلى بولغانلار پارا بېرىش ئارقىلىق ئەمەلدار، بەگلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىرىۋالغان بىلەن يوقسۇللارنىڭ ھەممىسى يەنىلا پۇلى يوق، چارىسىز، غېرىب ئاھالىگە يۈكلىنەتتى. خەلق ئاھالىسى يەرلىرىنى، ھايۋانلىرىنى، ئۆي ـ جاھاز، ھەتتاكى ئاشخانا جابدۇقلىرىنىمۇ مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا گۆرۈگە قويۇش مەجبۇرىيىتىدە قالدى[18].

مانجۇلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئوخشىمىغان شەھەر، يېزا ـ قىشلاق ۋە كەنتلىرىدىن تارتىپ، چەت ـ ياقىلاردىكى كىچىك بازارلارغىچە دۇكان ئاچتى ۋە ئاھالىنى يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزگە قىزىقتۇردى. ئاھالە ئالغان قەرزلىرى بىلەن پەقەت باجلارنىلا تۆلىيەلىدى. لېكىن، يامغۇردىن قېچىپ، مۆلدۈرگە تۇتۇلغاندەك، قەرز ئېلىپ قەرز تۆلەيمەن دەپ قولىدا نېمە بار بولسا، ھەممىسىدىن ئايرىلدى[19].

شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتى خېلىلا تەۋرەپ قالغان مانجۇلار، چارىنى يەنىلا خەلق ئۈستىدىكى بېسىمنى ئاشۇرۇشتىن ئىزدەشكە باشلىدى. ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىنى قامدىيالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇلار ئەقلىگە كەلگەن ھەرقانداق بىر يولنى سىناپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە، ئىشنى مىتال پۇل بېسىشتىن باشلىدى. بۇ پۇللارنى بېسىش ئۈچۈن مىسقا ئېھتىياجى بار ئىدى. مىس ۋە قوغۇشۇنغا ئوخشىغان كان بايلىقلىرىنى ئىزدەش باھانىسىدە ئادەمسىز تاغلارغا ئەۋەتىلگەن كىشىلەر پەقەت كان قېزىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى ئېرىتىش ۋە قۇيۇمچىلىق ئورۇنلىرىدىمۇ ئىشلىتىلدى.

تەگرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى مۇشكۇللۇك قاپلاپ، ئاھالىنىڭ ھال ـ

ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلاشتى، پۇل قۇيۇش ئۈچۈن كېتىدىغان مىسنى تېپىش ئاھالىگە يۈكلەندى. مانجۇلار مىس باھاسىنىڭ قىممەت بولۇشىغا پىسەنتمۇ قىلمىدى. ئامبال ۋەبەگلەرنىڭ خالىغانچە ھۆكۈم يۈرگۈزۈشى نەتىجىسىدە باج - سېلىقلارنىڭ تۈرلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ باردى. بۇ ئەھۋاللار سەۋەبلىك ئاھالە نەپەس ئالالماس ھالغا كەلدى. دانىسى بىر پۇل (مىس پۇل ئۆلچىمى) بولغان مىس پۇل ئېھتىياجنى قامدىيالمىغاچقا، قىممىتى بەش پۇل، 10 پۇل، 50 پۇل ۋە 100 پۇللۇق مىس تەڭگىلەر باستۇرۇلدى (قۇيۇلدى). بۇلار داچەن (大钱) يەنى چوڭ پۇل دەپ ئاتىلاتتى. 1855 - يىلىدىن ئېتىبارەن كۆپ مىقداردا داچەن باستۇرۇلۇشقا باشلىدى. داچەننىڭ ئوبۇرۇتقا كىرىشى كۆمۈشنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇلنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋەتتى. نەتىجىدە پۇل پاخاللىقى ھەسسىلەپ ئاشتى[20].

ئاشلىق بېجىغا باغلىق كېمەيتىمە جازاسىدەك ئوخشىمىغان ناملار ئاستىدا قوشۇمچە باجلار ئېلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىجارەت بېجىغىمۇ يېڭى - يېڭى ئىسىملىق باجلار قوشۇلدى. مەسىلەن، مانجۇلار 1852 - يىلى تۇرپاندا پاختا بېجى، 1856 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئاۋۋال تۇز بېجى، ئاندىن تۆتۈن بېجى ئېلىشقا باشلىغان بولسا، غۇلجىدا يېڭى بىر تىجارەت بېجىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. 1857 - يىلى غۇلجىدا، تارباغاتاي ۋە ئاقسۇدا چاي بېجى، 1858 - يىلى ئاقسۇدا رەخت بېجى ئېلىشقا باشلىدى. قەشقەردە رەخت بېجى ئېلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، چاي بېجى ۋە ئۇششاقماللار بېجىنى قوشۇپ ئېلىشقا باشلىدى[21].

مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىسىدا ھېچ ئىككىلەنمەي يولغا قويغان باجلىرىنىڭ بىرىدا تۇز بېجى بار ئىدى. بۇ باج ئۈچۈن ھەركىم ھەر

ئايدا ئىككى پۇل تۆلەشكە مەجبۇر بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر ئايدا ھەر بىر كىشىدىن ئېلىنىدىغان «چوكا بېشى» دەيدىغان باجمۇ بار ئىدى[22]. ھەر بىر ھايۋان ئۈچۈن تۆلەيدىغان ھايۋان بېجىغا قوشۇپ، يايلاق بېجى دەپمۇ بىر باج ئالاتتى. ھەتتاكى، ئوتۇن ساتقانلاردىن ئوتۇن بېجى، ئىنىكى بولغانلاردىن سۈت بېجى دەپمۇ باج ئالاتتى[23].

1860 ـ يىلى مانجۇلار غۇلجىدا لى شۈي (厘税) نامىدا يېڭى بىر تىجارەت بېجىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. يەرلىك تىجارەتچىلەر رۇس ماللىرىنى ساتقاندا مۇشۇ لى شۈي بېجىنى تۆلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما يات كىشىلەر (چەت ئەللىكلەر)دىن بۇ باجلار ساقىت قىلىندى[24]، ئوخشاش يىلى ئاقسۇدىكى مەسلىھەتچى ئامبال ئاھالىدىن تۇز بېجى ئالدى. 1862 ـ يىلى ئۇچتۇرپاندا، كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان پىششىقلانمىغان تۇزدىنمۇ باج ئېلىشقا باشلىدى.

1863 ـ يىلى يەركەننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى يەركەن بىلەن قەشقەرنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ئانا يوللاردىن بىرى بولغان بارچۇق يولىغا تەكشۈرۈش پۇنكىتى قۇرۇپ، يولدىن ئۆتۈش بېجى ئېلىشقا باشلىدى. قۇمۇل بەگلىرىمۇ خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك، خىيالىغا كەلگەنلا ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن باج ئېلىشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى ۋالىسى ئۆز خاھىشى بويىچە، ئۈرۈمچىگە باغلىق رايونلاردىن قوشۇمچە زىرائەت بېجى ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. گۇچۇڭدا (奇台) دېھقانلار تويلامدا 12 شىڭ ئېغىرلىقتا ئۈچ خىل زىرائەت بېجى تۆلەيتتى. 1854 ـ يىلىغا كەلگەندە، تۆت شى ئېغىرلىقتا يېڭى بىر زىرائەت بېجى قوشۇلۇپ، باج ئېشىشى 33% كە يەتتى[25].

بەتەرلىكنىڭ چېكى يوق ئىدى. غۇلجىنىڭ چوڭ ئاقسۇ (داشگو) دېگەن يېرىدە رايونغا خاس بىر ياغاچ بار بولۇپ، نامرات ئاھالىلەر شۇ ياغاچنىڭ يوپۇرمىقىنى يىغىپ چاي ئورنىدا ئىستېمال قىلاتتى. ئىلى گېنېرالى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بۇ پۇرسەتنى ھېچ قاچۇرغۇسى كەلمىدى ـ دە، دەرھال شۇ ياغاچنىڭ يوپۇرمىقىدىنمۇ تىجارەت بېجى ئېلىشقا باشلىدى. ئاھالە مانا مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ياشاشقا مەجبۇر قالدۇرۇلدى. مەمۇرلار ئۆز يانچۇقلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزئارا بەسلىشىشكە چۈشكەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە، نازارەت قىلىش ئاھالە ئۈچۈن يەنە بىر زۇلۇم ئىدى. كۇچا ھاكىمى ئەمەت تەپتىش يەركەنكە ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋەتىلگەن 70 تىن ئارتۇق كىشى يول بويى قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ ماڭدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئاھالە ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ قاچتى[26].

مانجۇلار ئەسكەرلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداشتا بارغانچە قىينىلىۋاتاتتى. يېڭى تېرىلغۇ يەر ئېچىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشقا تىرىشتى. ساناپ تۈگەتكۈسىز باج ـ سېلىقنىڭ دەردىدىن تۆلىگۈدەك ھېچ نەرسىسى يوق ئاھالە «باجنى تۆلىمىدى» دېگەن باھانە بىلەن، ھەقسىز ئەمگەك كۈچى قىلىپ ئىشلىتىلدى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يېمەك ـ ئىچمىكىنىمۇ ئۆزى بىللە ئېلىپ كېلىشى شەرت قىلىندى. تۈگىمىگەن ئالۋانلار دەردىدىن دېھقانلار ھالىدىن كەتسىمۇ، ئەمما بەگ ـ ئەمەلدارلار يانچۇقنى تومپايتىشتىن ھېچ چارچىمايتتى. پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاھالىنىڭ ماللىرىنى بۇلاشنى ئەخلاقسىزلىق دەپمۇ قارىمايتتى. ئىلى گېنېرالى چاڭ چىڭ (常清) پۇل توپلاشتا شۇنداق بىر ھالەتكە يەتتىكى، ئاھالىنىڭ ئۇنى چاڭ چۇۋال دېيىشى ھېچ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ھېسابلانمايتتى.

ئۇچتۇرپاندا مانجۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زومىگەرلىكلىرى، شەھۋەتپەرەس ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا دۇم چۈشكەنلىكىدىن ئاھالە يەتكۈچە بىزار بولغانىدى. ئۇچتۇرپان ھاكىمى خەلقنى ئالداپ، يانچۇقىنى تومۇلىسا، ئەسكەرلەر قىز ـ ئاياللارنى ئاياغ ئاستى قىلدى. كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ ماڭغان بۇ جەبىر ـ زۇلۇم، خورلۇققا چىدىمىغان ئۇچتۇرپان خەلقى 1765 ـ يىلى مانجۇلارغا قارشى قوزغالدى. تۇنجى نىشانى ئۇچتۇرپان ھاكىمى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەرلەر ۋە ئەمەلدارلار بولدى.

قەشقەردىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ناشتۇڭ مانجۇلارغا قارشى قوزغالغان قوزغىلاڭنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئىلىغا كەتتى. ئاندىن ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، ئۇچتۇرپانغا كەلدى ۋە شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇچتۇرپان خەلقى سان جەھەتتە ئۆزىدىن خېلىلا كۆپ بولغان مانجۇ ئەسكەرلىرىگە قارشى سابات بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. مۇھاسىرە ئۈچ ئاي داۋاملىشىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە لازىمەتلىكلەرمۇ تۈگىدى. شەھەر قولدىن كېتىپ، مانجۇلار ئىگىلىدى. مانجۇلار خەلققە بىر قورقۇنچ سېلىشنى پىلانلىدى. ئەمما پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن بارلىق خەلق قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. مانجۇلار ئادەمسىز قويغان ئۇچتۇرپانغا باشقا شەھەرلەردىن مەجبۇرى ئادەم كۆچۈرۈشكە باشلىدى[28]. بۇ شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا نادىر كۆرۈنگەن ۋەھشەتلىك بىر قىرغىنچىلىق بولدى. جەبىر ـ زۇلۇمغا چىدىماي ئەرز ـ شىكايەتتە بولغان ئاھالىلەر ئېغىر جازالاندۇرۇلىدىغان بولۇپ، بەزىدە سۈرگۈن قىلىش ۋە تۈرمىگە سولاش جازالىرىنى يۈرگۈزسە، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۆلۈم جازاسى يۈرگۈزدى.

ئاقسۇ بايدا ئىيسا گۈنباز ۋە مۇھەممەد ئەلى بۇغرانىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر

توپ كىشىلەر ئەرز ـ شىكايەت قىلغانىدى، مانجۇلار ئۆزلىرى ئۇيدۇرۇپ چىقارغان جىنايەتلەرنى باھانە قىلىپ ئۇلارنى قولغا ئالدى. ئىيسا گۇنباز بىلەن 17 كىشىنى دار ياغىچىغا يوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارنى تىرىك ھالىتىدە تامغا مىخلاپ ئۆلتۈردى. ھەتتا بىر قانچە كىشىنى ئۇزۇن ۋاقىت ئاچ ۋە سۇسىز قويغاندىن كېيىن، ھاك سۈيى ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈردى.

كۇچادىمۇ مۇھەممەد ئەلى شەيخ ۋە موللا مۇسا ئىمام باشچىلىقىدا بىر توپ كىشى ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى بايان قىلدى. چۈنكى خەلقنىڭ ئېغىر باج ـ سېلىقىقا چىدىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەقلىق ھالىتىدە ھەقسىزغا چىقىرىلدى. «پادىشاھقا ئىسيان كۆتۈردى» دېگەن باھانە بىلەن تۆھمەت چاپلاپ قولغا ئالدى، مۇھەممەد ئەلى شەيخ ۋە ئىبراھىم ئەرباببەگ باشلىق ئوندىن كۆپ كىشىنى تىرىك پېتى چاناپ پارچىلاپ ئۆلتۈردى. بىر قانچە كىشىنىڭ پۇت پەيلىرىنى كېسىۋېتىپ توكۇر ھالىتىدە تاشلاپ قويىدى. ئىلىم كۆكبېشى، تەلەي كۆكبېشى، توختى كۆكبېشى قاتارلىق قىرىق نەچچە كىشى ئېغىر كويزا ـ كىشەن، زەنجىرلەر بىلەن زىندانغا تاشلاندى. ئاسايىشلىق خۇددى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىدەك غايىپ بولۇش بولسا، ھۇزۇر ۋە تىنچلىق سۇمرۇغقا ئوخشاش كوھىقاپنى يۇرت تۇتقانىدى[29].

مانجۇلار تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ مانجۇلارغا ئوخشاش كىيىنىشى ۋە ئۇزۇن ئۆرمە چاچ قويۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلاغقا مىنىپ كېتىۋاتقان بىر يەرلىك كىشى مانجۇ ئەمەلدارلارنى كۆرسە ئېتىدىن چۈشۈپ، تازىم بەجا كەلتۈرۈپ ئۇلارغا ئېگىلىشى، ئەگەر ئۇچراشقان كىشى ئامبال بولسا، ئۇنىڭغا تىزلىنىپ قۇللۇق بىلدۈرۈشى شەرت ئىدى. ئەمىربەگ شەھەرنى تەكشۈرسە، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر شەھەر ئاھالىسىنىڭ تىزلىنىپ

ئولتۇرۇشى شەرت، ئەگەر ئامبال بۇتخانىلارنى زىيارەت قىلسا، مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنىڭ، ھەتتاكى ھاكىمبەگلەرنىڭمۇ قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ تىزلىنىپ، بۇتخانا ئىشىكىدە ساقلىشى شەرت ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىكلەرنى پەس كۆرۈشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە ئەمەلدارلار پۇل ـ مال توپلاشنىڭ پېشىدە، ھەمىيانلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئىشى قالمىغانىدى. ئاھالىنى خۇددى كالىنىڭ سۈتىنى سىغىپ ئىچكەندەك بۇلاپ ھېچ ھالىنى قويمىغانىدى. مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن مۇستەملىكىچىلىك ئۇلارغا نىسبەتەن ئادەتتىكى بىر ئىشقا ئايلانىدى. قارشى چىققانلارنى بولسا ئۆلۈم جازاسى بىلەن باستۇردى. ئەمما، ئاھالىنىڭ قەلبىدىكى ئىنتىقام ئوتىنى ھېچقاچان ئۆچۈرەلمىدى. قوقەند، بۇخارا ۋە تاشكەنتلەرگە قېچىپ كەتكەنلەر مانجۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تىلدا بايان قىلىش بىلەنلا قالماي، ھەتتا مانجۇلارغا قارشى كۈچ توپلاشقا كىرىشتى[30].

ھەر تۈرلۈك ھەقلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان ئاھالە تۈرلۈك بېسىملارغا ئۇچراپ مىللىي غورۇرى دەپسەندە قىلىندى. ئايال ۋە باللىرى بىلەن قوشۇپ قۇل ھالىغا كېلىپ قالدى. ئاچ ـ يالىڭاچ قالدۇرۇپ، ئۆز يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىندى. نەپەس ئېلىشتىمۇ قىينالغان ئاھالىنىڭ سەبرى ئاللىقاچان توشتى. نىھايەت قۇللۇق زەنجىرىنى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدە مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن پارتلاشقا باشلىدى.

## كۇچادا كۆن چىقىش (كۇچا ئىنقىلابى)

1864 ـ يىلى مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشىدىن بىر ئەسىر كېيىن، تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، نامرات ۋە خار ياشاشقا مەھكۇم قىلىنغان خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئەمەلىيەتتە، موللا مۇسا سايرامىنىڭ مانجۇلارغا قارشى كۇچادا كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابنى «كۇچادا كۆن چىقتى» دەپ تەسۋىرلىگەنلىكى بۇ قوزغىلاڭنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى قىسقىچە ئىپادىلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ تارىخىي بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر يېرىدە پارتلىغان بۇ ئىنقىلاب مانجۇلارنىڭ تۈنجى ئىشغالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇراتتى. كۇچانىڭ قوزغىلىشىدىن بىر ھەپتە كېيىن بۈگۈر، باي، سايرام، كورلا ۋە قاراشەھەرلەردە مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭلار ئارقا ـ ئارقىدىن كۆتۈرۈلدى[32]. كۇچا، خوتەن، قەشقەر، ئىلى، ئۈرۈمچى ۋە باشقا شەھەرلەر قوزغىلاڭلارنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

1864 ـ يىلى 6ـ ئىيۇن كېچىسى تۇڭگانلاردىن ماشۈي ئىبر، مالوك ۋە شەمسىدىن خەلىپە باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپ كىشى مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلار كۇچانىڭ ۋەيشىياڭ بازىرىغا ئوت قويۇپ، قارشىسىغا چىققان مەمۇر، ئەسكەر[33] كىم بولسا ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋاقىتتا يېڭىسار ھاكىم بېگىنىڭ ئوغلى ئاللاھياربەگ كۇچادا بولۇپ، ئۇمۇ توپلانغان بىرقانچە كىشى بىلەن بىللە مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى ۋە ئامبال، مەمۇرلارنىڭ

ئىشخانىلىرىغا ئوت قويۇۋەتتى. تاڭ ئاتقۇچە كۆپ ساندا مانجۇ (مەنبە ئەسەرلەردە كۆپىنچە «كاپىرلار» كەلىمىسى قوللىنىلغان) ئۆلتۈرۈلدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مانجۇ ئەسكەرلىرى مەمۇر ئەمەلدارلار بىلەن بىللە قارشىلىق كۆرسەتتى، ئەمما مەغلۇب بولۇپ ھەممىسى قاچتى[34].

1864 ـ يىلى[35] 17 ـ ئاۋغۇست كېچىسى كۇچانىڭ يۇرت كاتتىلىرىدىن ئىبراھىم تۆرە، يولۋاس تۆرە، سىددىقبەگ، قاسىمبەگ، روزىبەگ باھادىر، توختىبەگ باھادىر ۋە باشقا كىشىلەر بىر يەرگە توپلىنىپ مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ تۇنجى ھۇجۇم نىشانى مانجۇلار ئاچقان پاھىشىخانىلار بولدى. پاھىشىلار كوچىلارغا سۆرەپ چىقىلىپ، كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىندى. بۇلار بىلەن بىرگە بازاردىكى مانجۇلارمۇ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قارشىلىقتىن قورقۇنچقا چۈمگەن مانجۇلار ئەسكىرى لازىمەتلىك ئىسكىلاتلىرىغا ئوت قويۇپ ئۆزلىرى ۋەيران قىلدى[36].

كۇچا ئىسيانىغا كۆپ قىسىم خەلق ئاھالىسى قاتناشتى. ئۇندىن كۆپرەك مانجۇ ئەمەلدارلار ئۆلتۈرۈلۈپ، سەھەرگە يېقىن يېڭى شەھەر تامامەن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. كۇچادا مىڭ مانجۇ ۋە يۈز ئەللىك قالماق بولۇپ، جەمئىي 1150 مانجۇ ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇلار زەمبىرەك، قوراللىرىنى ئېلىپ سەپ بولۇپ، ئۇرۇشقا ھازىرلانغانىدى. كۇچالىقلار، ئەندىجانلىقلار، قەشقەرلىكلەر ۋە تۇڭگانلار خۇددى پەرۋانىلەرنىڭ ئۆزىنى ئوتقا ئاتقىنىدەك، تۇيۇقسىزلا مانجۇ ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. بايراقلىرىنى تەتۈر قىلغان مانجۇ ۋە قالماق ئەسكەرلىرى جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۇرۇنسىمۇ، قۇتۇلالمىدى. 1150 مانجۇ ئەسكىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى، شەھەر قولغا ئېلىندى[38]. شۇنداق قىلىپ مانجۇلارنىڭ كۇچادىكى ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

مانجۇ ئارخىپلىرىدا قوزغىلاڭلارغا دائىر خېلى كۆپ ھۆججەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭغا ئاساسەن، پادىشاھ توڭجى (同治 1874 ـ 1862)نىڭ 3 ـ يىلى ئاپرېل ئېيىدا، كۇچادا مالوڭ (马隆) باشچىلىقىدا بىر گۇرۇپ كىشى ئاستىرتتىن تيەن مەن لا(田满拉 / تيەن موللا بولۇشىمۇ مۇمكىن) ۋە سۇمەن لا (苏满拉/ سۇ موللا بولۇشىمۇ مۇمكىن) قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، مانجۇ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. 5 ـ ئاپرېل كۈنى كۇچا شەھىرىگە ئوت قويۇلدى. 3 ـ مايدا، خان ئامبال (办事大臣) سالىڭ ئا (萨凌啊)، يېڭىسارنىڭ ئاغلاقچى خان ئامبىلى ۋىن يى (文艺) ۋە يەركەننىڭ مۇئاۋىن ئامبىلى ۋۇ رېن بۇ (武仁布) قاتارلىقلار ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلدى[39]. بۇ ۋاقىتتا خانىدانلىق چېگراسى ئىچىدە تەيپىڭ تيەنگو ھەرىكىتى (太平天国运动)، نيەن جۈن ئىسيانى (捻军起义)، شەن شى ۋە گەنسۇ تۇڭگانلار ئىسيانى (陕甘回民起义)، ئەڭ مۇھىمى، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى گۇاڭشى (广西)، گۈيجۇ (贵州)، يۈننەن (云南) گە ئوخشىغان رايونلاردا ياشاۋاتقان جۇاڭ مىللىتى (壮族)، مياۋ مىللىتى (苗族) ۋە تۇڭگانلارنىڭ مانجۇلارغا قارشى ئىسيانلىرىنىڭ نەتىجىسىدە، پادىشاھ شەرقىي تۈركىستانغا ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتەلمىدى[40].

كۇچا ئاھالىسى قىسقا مۇددەت ئىچىدە شەھەر قەلئەسىنى ئىگىلىدى. ئارقىدىن تۇنجى قىلغان ئىشى ئۆزلىرىگە بىر لېدىر ئىزدەش بولدى. بۇ ۋاقىتتا يەركەن ھاكىمى ئەھمەد ۋاڭبەگ ئۆتكۈزگەن بىر جىنايىتى سەۋەبلىك خاننىڭ ئەمرى بىلەن ئەمىلىدىن ئېلىنىپ، يۇرتى كۇچاغا قايتۇرۇلغان ئىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن كۇچادا تەسىر دائىرىسى زور بولغان ھادى جەمەتىدىن بولغان ئەھمەد ۋاڭبەگ ھەم نەسەبى ھەمدە شەخسى تەجرىبىلىرى جەھەتتىن لېدىر بولۇشقا لايىق كىشى دەپ قارالدى. تۇڭگانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە

ئالغان نۇرغۇن كىشى كېلىپ، ئەھمەد ۋاڭبەگنى ئۆزلىرىگە لېدىر بولۇشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇرۇندىن تارتىپ يۇرت سوراپ ـ باشقۇرۇپ كەلگەنىدى. خەلق ئاھالىسى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بىجانىدىل ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەھمەد ۋاڭبەگ كۇچا ئاھالىسىنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولغان مانجۇلارغا قارشى تۇرالىغۇدەك كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، ئۇندىن باشقا، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭمۇ خانىنىڭ ئەمرىدە خىزمەت قىلغانلىقى، ئەمەل تۇتقان مەزگىللىرىدە پەقەت مانجۇلارنىڭ ئىلتىپاتىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، بىر نەچچە قېتىم خان ھوزۇرىغا چىقىش شەرىپىگە نائىل بولغانلىقى، شۇڭا مانجۇلارغا قارشى چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقلا، يېشىنىڭ 70 كە ئۇلاشقانلىقىنى، لېدىر ـ باشلىق بولۇش ھەۋىسىنىڭ ھېچ يوق ئىكەنلىكىنى قىستۇرۇپ تەكلىپنى رەت قىلدى. نەتىجىدە كۇچا خەلقى مانجۇلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن ئەھمەد ۋاڭبەگنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى[41]. «جامىئۇتتەۋارىخ»تا تىلغا ئېلىنغانلارغا قارىغاندا، كۇچا خەلقى ئەھمەد ۋاڭبەگكە ھېچقانداق بىر تەكلىپ سۇنمىغان، پەقەت «سەن مانجۇلارنىڭ غالچىسى بوپسەن» دەپ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى بۇلىغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتكەن[42].

راشىدىن خوجىنىڭ كۇچادا تەختكە چىقىرىلىشى ۋە كۇچا قوشۇنىنىڭ تۇنجى غەلىبىلىرى

كۇچادا قىسقا مۇددەت تۇڭگانلار، كۇچالىقلار، قەشقەرلىكلەر ۋە

ئەندىجانلىقلار ئايرىلىپ، بىر ـ بىرىگە قارشى چىقىشتى[43]. بۇ تەپرىقىچىلىككە قارىتا شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى كۇچادا تۇرۇۋاتقان كاسانىيە تەرىقىتىنىڭ[44] خوجىلىرىدىن راشىدىن خوجىدىن ياردەم ئۈمىد قىلدى. بۇ ۋاقىتتا راشىدىن خوجا مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ قەبرىسىدە دۇئا ۋە زىكىر ئىبادەتلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. خېلىدىن بېرى راشىدىن خوجىنىڭ مۇرىد ـ مۇخلىسى ھالىغا كەلگەن خەلق ئاھالىسى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلاتتى[46].

كۇچا، قەشقەر، يەركەن، ئاقسۇ، شاھىيار، بۈگۈر ۋە باشقا شەھەرلەردىكى موللا ـ ئۆلىما، قازى ـ ئىمام، تىجارەتچى ـ بايلار باش قوشۇپ مەسلىھەتلىشىپ، قوبۇل قىلىپ ـ قىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ھەممىشە قابىل دەپ قارايدىغان راشىدىن خوجىنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۆزلىرىگە لىدىر بولۇپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە ئۇنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ خان دەپ ئېلان قىلدى. توختى ئىشىك ئاغىنى ۋەزىر، ئىسھاق خوجىنى لەشكەربېشى، جامالىدىن خوجىنى دادخاھ (ۋالى، ئۆلكە باشلىقى)، سىددىقبەگنى ئەمىر لەشكەربېشى، مۇھەممەد تۆرىنى باھادىربېشى قىلىپ تەيىنلىدى. كۇچانىڭ ھاكىمى قۇربانبەگ باشچىلىقىدا جەمئىي سەككىزبەگنىڭ مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىش بىلەن بىرگە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. بۇنىڭدىن قورقۇنچقا چۈشكەن باشقا يەرلىك ئەمەلدارلار دەرھال ئۆزلىرىنىڭ راشىدىن خوجىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنىدىغانلىقلىرىنى ئىپادە قىلىشتى[47]. راشىدىنخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىسىدا مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭلار قوزغالدى. كۇچا بىلەنلا كۇپايىلىنىشنى خالىمىغان راشىدىنخان بىرقانچە يىل ئىچىدە، شەرقتە ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇل، جەنۇبتا قەشقەر بىلەن يەركەنگە قەدەر ئىلگىرلىدى.

مانجۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قوماندانى پىڭ رۈي (平瑞) كۇچادىكى

قوزغىلاڭ خەۋىرىنى ئېلىپ، دەرھاللا قاراسۇنىڭ ئاغلاقچى خان ئامبىلى ۋىن يوڭ (文永)نى كۇچاغا خان ئامبال قىلىپ تەيىنلەپ، بىر قانچە يۈز ئەسكەر بىلەن كۇچاغا ئەۋەتتى. بۇ ئەسكەرلەر ئۇششاق تالغا[84] كەلگەندە، كۇچا ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ھەممىسى قىرىپ تاشلاندى (ئۇششاق تال — كۇچادىن 300 كىلومېتىر يىراق ئىدى)[49].

راشىدىن خوجا كۇچادا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا قوشۇنغا ئەسكەر ئېلىشقا باشلىدى. شەھەر مۇداپىئەسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇھىم ئورۇنلارغا ئەسكەرلەرنى مۇداپىئەگە ئورۇنلاشتۇردى[50]. ئۇ تۆمۈرچى، مىسچى، قۇيۇمچى قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى بىر يەرگە توپلاپ، زەمبىرەك، مىلتىق، نەيزە، قىلىچ ۋە ئاي پالتىغا ئوخشىغان ئۇرۇش سايمانلىرىنى، تۈزچىلارغا ئوق دورىسىنى ياساتقۇزۇپ، ئۇرۇشقا كېرەكلىك پۈتۈن ئېھتىياجلارنى تاماملىدى. ئاھالىنىڭ تەلەپ ـ شىكايەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ، بۇتخانا، مەيخانا، بوزخانا[51]، پاھىشخانا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ تۈزلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا مەسجىد، مەدرىسە ۋە ئىستىقامەت ئۆيلىرىنى سالدۇردى. بۇ ۋاقىتتا، باشقا رايونلاردىكى مانجۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر تەھدىت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن كۇچالىق، ئاقسۇلۇق، قەشقەرلىك، يەركەنلىك ۋە ئەندىجانلىق كۆپ ساندىكى تىجارەتچىلەر بىر يەرگە توپلىنىپ، مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇش قارارىنى قىلدى[52].

راشىدىنخان تەختتە ئولتۇرۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن، ئىدارە تۈزۈلمىسى ئورنىتىشقا بېرىپ، تاغىسى بۇرھانىدىن خوجىنى (خەتىپ خوجمۇ دېيىلىدۇ) ئەمىرلەشكەر، موللا ئوسمان ئاخۇننى ئالى سودىيە قىلىپ تەيىنلىدى. كىچىك ئوغلى مەھمۇددىن خوجا قوماندانلىقىدا 18 تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن جەمئىي

168 ئەسكەرنى 10 دانە زەمبىرەك بىلەن غەربكە قاراپ يولغا سالدى. ئەڭ ئاۋۋال نوپۇس زىچ بولغان باي ۋە سايراملارنى ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. چۈنكى ئۇ رايونلاردا خەلقنىڭ مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى كۇچا ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. مەزكۇر يەرلەردىن كۇچا قوشۇنىغا قوشۇلۇدىغانلار بىلەن قوشۇننىڭ ئومۇمىي سانىنىڭ ئاشىدىغانلىقى تەخمىن قىلىنىپ، قوشۇننىڭ ئاقسۇغا قاراپ ئىلگىرلىشى مۇۋاپىق كۆرۈلدى[53].

ئاقسۇ، قەشقەر ۋە يەركەننىڭ ئېلىنىشى، كۇچا ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، راشىدىنخان پۈتۈن ئىمكانىيەتلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ كۇچا قوشۇنىنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرلىشىنى بۇيرۇدى. پامىردىن ئۆتكەندە ئەگەر قوقەند ۋە بۇخارانىڭ چوڭلىرى ئىتائەت قىلمىسا، ياردەم ئۈچۈن قوشۇمچە ئەسكەر ئەۋەتىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادە قىلدى. ئىسھاق خوجا قوماندانلىقىدا سىددىق دادخاھ، مەمۇر باھادىر ۋە توختى مۇھەممەد يۈز بېشى قاتارلىقلار باشچىلىقىدا 50 تۇڭگان ئەسكىرىمۇ قوشۇلۇپ جەمئىي 230 ئەسكەرنى 12 زەمبىرەك بىلەن شەرققە ئەۋەتتى[51]. راشىدىنخاننىڭ شەرققە ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ھەققىدە «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسەردە كەلگەن مەلۇماتلار بىلەن «تارىخى ھەمىدى»دە بايان قىلىنغان مەلۇماتلار ئارىسىدا پەرق كۆرۈلمەكتە. «جامىئۇتتەۋارىخ»تىكى مەلۇماتلاردا، ئىسھاق خان خوجا لەشكەربېشى تەيىن قىلىنىپ، مۇكەممەل قوراللانغان بەش مىڭ مۇسۇلمان ئەسكەر(مەنبە ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە يەرلىك ئاھالىدىن تەركىب تاپقان ئەسكەرلەرگە بۇ ئىپادە قوللىنىلغان) ۋە ئەرىيىڭ شى قوماندانلىقىدا ئۈچ مىڭ تۇڭگان ئەسكەر بولۇپ، جەمئىي سەككىز مىڭ ئەسكەر قارا شەھەرگە ئەۋەتىلگەن[55].

بۇرھاندىن خوجا كۇچادىن يولغا چىقىپ، قىزىلغا كەلدى ۋە سايرامنى قولىغا ئالدى. خەلق ئاھالىسىدىن كۆپلىگەن كىشى كۇچا قوشۇنىغا قوشۇلدى. تۆت كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئاندىن بايغا كېلىپ ئىككى كۈن تۇردى ۋە ئالتە كىشىنى دارغا ئاستى. سايرامغا ئەكرەم شاھ ئەلەم ئاخۇننى، بايغا موللا ئافاق ئاخۇننى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ياقا ئېرىق دېگەن يەرگە كەلگەندە روزى تۆرە قوماندانلىقىدا 150 ئەسكەرنى مۇز داۋانغا ئەۋەتتى ۋە تاغ ئۆتكىلى ۋە قاراۋۇلخانىلارغا بۆكتۈرمىگە قويۇلغان مانجۇ ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، جامغا كېلىپ ئۇرۇشقا تەييار بولۇشلىرىنى بۇيرۇدى. بۇنداق بولغاندا، جامدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى ئىككى تەرەپتىن قورشاۋدا قالغان بولاتتى. بۇ ۋاقىتتا، باي، سايرام ۋە ئەتراپىدىكى تاغ باغرىلىرىدا ياشايدىغان ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى قوللىرىغا كالتەك ـ توقماق نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ، بۇرھاندىن خوجىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن ھېچنىمىگە قارىماي پىيادە ۋە ئاتلىق بولۇپ يولغا چىققاندى. چۈنكى ئۇلار ئاقسۇدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقاملىرىنى ئېلىشنى خالايتتى.

بۇرھاندىن خوجا «بىز سىزلەر ئۈچۈن ئۇرۇشىمىز، ساقلاڭلار!» دەپ چاقىرىق قىلدى. لېكىن، ئاھالىنىڭ زۇلۇمغا قارشى نە تاقىتى، نە ماجالى قالغانىدى. «توشقاندەك مىڭ يىل ياشىغۇچە، يولۋاستەك بىر يىل ياشاش ئەۋزەل» ياكى «يا جېنىمىزنى بېرىمىز، ياكى جېنىنى ئالىمىز» دېگىنىچە جان چىقىسمۇ قايتىشنى خالىمىدى. ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ كۇچا ئوردىسىغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ سانلىرى يەتتە مىڭدىن ئارتۇق ئىدى[56]. بۇرھاندىن خوجا كۇچادىن يولغا چىققاندا ئەسكەرلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى پەقەت 168 كىشى بولۇپ، يولدا قوشۇلغانلار بىلەن ئەسكەر سانى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتتى. باي ۋە سايرامنى ھېچ قارشىلىقىسىز ئۇچرىماستىنلا قولىغا ئالدى. مانا بۇ كۇچا

قوشۇنىنىڭ تۈنجى غەلىبىسى بولدى.

## كۇچا قوشۇنىنىڭ قارا يۇلغۇندىكى مەغلۇبىيىتى

بۇرھانىدىن خوجا ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە ياقا ئېرىقتىن يولغا چىقىپ، بامدات نامىزى ۋاقتىدا قارا يۇلغۇنغا كەلدى ـ دە، ئۇ يەردە نۆۋەتتە تۇرۇۋاتقان بىرقانچە مانجۇ ئەسكەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. پىلانلىغىنى بويىچە ئەتىسى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن روزى تۆرە ئىككى تەرەپتىن جامدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ كۈنى تۇيۇقسىز چىققان بوران ۋە قاتتىق ياغقان يامغۇر سەۋەبلىك بۇرھانىدىن خوجا ۋە قول ئاستىدىكىلىرى ئۆيلەردە پاناھلاندى. ئەسكەرلەر بولسا، ئاتنىڭ ئىگەر ـ جابدۇقلىرىنى ياستۇق ـ كۆرپە قىلىپ ياغاچلارنىڭ ئاستى ۋە تام تۈۋلىرىدە ئۇيقۇغا كەتتى.

كۇچا قوشۇنى تەييارلىقسىز ئىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە جامدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولۇپ، ئاقسۇ ھاكىمى سەيدبەگنىڭ ئېلىپ كەلگەن كۆپ ساندىكى ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىدى. زەمبىرەكلەرگە ئوت يېقىلدى، كۇچا ئەسكەرلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. 2800 دىن ئارتۇق ئەسكەر ھاياتىدىن ئايرىلدى، چۆل تەرەپكە قېچىپ ھايات قالغانلارمۇ بولغانىدى.

ئەپسۇس، ئۇلارمۇ چۆلدە سۇسىزلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى[57].

مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بۇرھانىدىن خوجا ساق قالغان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ كۇچاغا قاراپ چېكىندى. ئاقسۇ ھاكىمى سەئىدبەگ ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭغانىدى، ئەمما مانجۇلار تەرىپىدىن چېكىنىش بۇيرۇقى تاپشۇرۇپ ئالدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا باشقىچە بىر ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى. روزى تۆرە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا جامغا كېلىپ، مانجۇلارنىڭ دېھقان، پادىچى كىم بولسا ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەنىدى. روزى تۆرە قارا يۈلغۇندىكى ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، جامدىن ئۇدۇل ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. لېكىن مانجۇلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

قارا يۈلغۇن ئۇرۇشىدا قازى ئەسكەر موللا ئوسمان ئاخۇن مانجۇلارغا ئەسىرگە چۈشتى. كونا تالىپلىرىدىن سەيىدبەگ ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئاقسۇ ئامبىلىغا مەكتۇپ ئەۋەتتى. قازى ئەسكەرنىڭ مەنسىپى سەۋەبلىك كۇچا قوشۇنى ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار ئالالايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ زىندانغا تاشلاتقۇزدى. بۇرھانىدىن خوجا كېلىپ بىر ئايدىن كېيىن، كۇچا قوشۇنى ئاقسۇنى قولغا ئالدى. قول ـ پۇتلىرىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر سېلىنغان قازى ئەسكەر خاتا چۈشەنچىلەر بولسىمۇ، يەنىلا قۇتۇلدۇرۇلدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتقا قەدەر قازى ئەسكەرنىڭ سەيىدبەگ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشىنىلگەن ئىدى[58].

قارا يۈلغۇندىكى مەغلۇبىيەتتىن خەۋەر تاپقان راشىدىنخان بەكلا ئاچچىقلانغان ئىدى. ئىنتىزامسىزلىق قىلدى، دەپ بۇرھانىدىن خوجىنى ئېغىر تەنقىدلىدى. تۆت نەپەر ئەسكىرى قوماندانىنى دارغا ئاستى. ئىككى يىل ئىچىدە

كۇچا قوشۇنى غەربتە ئاقسۇ ئۇرۇشى، ئۇچتۇرپان ئۇرۇشى، قەشقەر ئۇرۇشى ۋە ئۈچ قېتىم قايتىلانغان يەركەن ئۇرۇشىغا قاتناشتى.

## كۇچا قوشۇنىنىڭ ئاقسۇنى ئېلىشى

راشىدىنخان خوجىنىڭ كۇچادا سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇشى بىلەن خۇتبىلەردە نامى تىلغا ئېلىنىشقا باشلىدى. ئۇندىن باشقا راشىدىن خوجا دەرھال ئۆز نامىدا تەڭگە پۇل باستۇردى. پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە «راشىدىنخان غازى»، ئارقا يۈزىگە «كۇچا سەلتەنىتى باستۇرغان پۇل» دەپ يېزىلغانىدى. قارا يولغۇن ئۇرۇشىدىن تەجرىبە ئالغان راشىدىن خوجا بۇ قېتىم ئاكىسى جامالىدىن خوجا قوماندانلىقىدا سەككىز يۈز ئەسكەرنى[59] زەمبىرەكلەر بىلەن ئاقسۇغا ئەۋەتتى. جامالىدىن خوجا غەيرەتلىك، تەدبىرلىك، ئالدىن كۆرەر، دۆلەت ئىشلىرىدا شجائەتلىك، تېبابەت ئىلمىدە ماھىر، ئىدارى ئىشلاردا قابىلىيەتلىك بىرى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن راشىدىنخان خوجا توغرا قارار چىقارغانىدى.

ئاقسۇ ھاكىمى سەيىد ھاكىمبەگ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھاللا مانجۇ ئامبالغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ. سەيىد ھاكىمبەگ قوماندانلىقىدا 1500 مانجۇ، 200 قالماق ۋە 1000 يەرلىك ئاھالىدىن تەركىب تاپقان جەمئىي 2700 ئەسكەر ئاقسۇ جامىغا ئەۋەتىلدى[60].

جامالىدىن خوجا ۋە قوشۇنى كۇچادىن يولغا چىقىپ، سايرام ۋە بايغا قەدەر ھېچقانداق بىر قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. ئۇ يەرلەردىن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ياش، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان پالۋان كىشىلەرنى تاللاپ قوشۇنغا كىرگۈزدى. ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇنلارغا قاراۋۇلخانىلارنى قۇرۇپ، نۆۋەتچى ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. جامالىدىن خوجا قوشۇنى بىلەن بايدىن يولغا چىقىپ ياقا لەڭگەرگە كەلدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان سەيىد ھاكىمبەگ ئەسكەرلىرى بىلەن قارا يۇلغۇنغا كەلدى. ھەر ئىككى قوشۇن سەگەكلىككە چۆمدى، ئەمما ئۇرۇش تېخى يۈز بەرمىگەنىدى. جامالىدىن خوجا چوقىغا كەلگەندە، سەيىد ھاكىمبەگمۇ دەرھال قارا يۇلغۇندىن سايغا كەلدى.

ئەمدى ئۇرۇش قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلدى. كۇچا قوشۇنى ئومۇمىيۈزلۈك سايغا كېلىپ ئۇرۇشقا ھازىرلاندى. بىر تەرەپتە مانجۇ ۋە قالماق قوشۇنى بىلەن سەيىد ھاكىمبەگ، يەنە بىر تەرەپتە جامالىدىن خوجا ۋە كۇچا قوشۇنى بار ئىدى. جامالىدىن خوجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇھەممەد تۆرە ئات چاپتۇرۇپ، ئىككى قوشۇن ئارىسىدىكى مەيدانغا كىردى. قارشى تەرەپتىنمۇ ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرگەن بىر قالماق ئەسكىرى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ يايىدىن ئوق ئۈزدى. ئوقنىڭ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇشىدىن ئەپچىللىك بىلەن قۇتۇلغان مۇھەممەد تۆرە نەيزىسى بىلەن قالماقنى ئات ئۈستىدىن يەرگە موللاق ئاتقۇزۇپ قىلىچ بىلەن كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

مانجۇ ئەسكەرلىرى دەرھال زەمبىرەكلىرىگە ئوت يېقىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەڭدە كۇچا قوشۇنى كۆپ تەرەپتىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشكە باشلىدى. جامالىدىن خوجا ۋە ئەسكەرلىرى ئارقىغا چېكىنىدى، سەيىد ھاكىمبەگ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چوقىغا قەدەر قوغلاپ، ئاندىن ئىز سۈرۈشنى توختاتتى ۋە ئەسىرگە

چۇشكەن كۇچا ئەسكەرلىرىنى، غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ ئاقسۇ يېڭى شەھەرگە كەلدى. ئەسلىدە قوغلاشنى داۋام قىلغان بولسىمۇ، تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەندە بايغا يېتىپ بارغان بولاتتى. ئەمما سەيىد ھاكىمبەگ بۇنى خىيالغا كەلتۈرمىدى. ئۇ ئۆزىمۇ كۇچالىق بولغاچقا، كۇچالىق ئەسكەرلەرنىڭ مانجۇ ۋە قالماق ئەسكەرلەر قولىدا ئۆلتۈرۈلۈشىنى خالىمىدى[61].

سايىدىكى ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. كۇچا قوشۇنىنىڭ كۆپلىگەن ئەسكەرلىرىمۇ تۇنجى قېتىم بۇنداق شىددەتلىك ئۇرۇشقا كىرگەنلىكتىن، قورقۇنچ ۋە ئىزتىراپ غالىپ كېلىپ ئۇرۇشنى تاشلاپ قاچتى. جامالىدىن خوجا سايرامغا كېلىپلا تۇنجى قىلغان ئىشى ئۇرۇشتىن قاچقان ئەسكەرلەرنى تېپىپ جازالاش بولدى. 500گە يېقىن ئەسكەر كۇچاغا قاچقان ئىدى. جامالىدىن خوجا ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە كۇچاغا — راشىدىنخان خوجىغا مەكتۇپ ئەۋەتتى، بۇنىڭلىق بىلەن قاچقان ئەسكەرلەر راشىدىنخان خوجا تەرىپىدىن تۇتۇلدى. قاچقۇنلۇقنىڭ بەدىلىگە ئەسكەرلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن يىگىرمە ئەسكەرنىڭ قۇلاق - بۇرۇنلىرى كېسىلىپ، يۈزلىرىگە قارا سۈركەلدى. ئاندىن قوللىرىنى باغلاپ كوچىلاردا سازايى قىلدى. ئۈچ ئەسكەر شەھەرنىڭ ئۈچ قوۋۇق دەرۋازىسى يېنىدىكى دار ياغىچىغا ئېسىلدى. بەش ئەسكەر سايرامدا ئۆلتۈرۈلدى. ھەتتا بەزى ئەسكەرلەر شەھەر دەرۋازىسىغا قۇلىقىدىن مىخلاندى[62].

راشىدىنخان خوجا جامالىدىن خوجىنىڭ مانجۇ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىلغانلىقىغا قاتتىق ئاچچىقلاندى. بىر مەكتۇپ بىلەن بىرگە كۇچادىن مىلتىق، نەيزە ۋە قىلىچلار بىلەن قوراللانغان قاسىمبەگ قوماندانلىقىدىكى ئىككى مىڭ ئەسكەرنى جامالىدىن خوجىغا ئەۋەتتى.

مەكتۇبىدا: بۇ قېتىم جامالىدىن خوجىنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى، ئەمما ئاتلىق قوشۇن بارار ـ بارماس دەرھال مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ، ئاقسۇنى قولغا ئېلىشنى بۇيرۇدى[64].

ئاقسۇ كۇچا قوشۇنى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. «تارىخى ھەمىدىي» ۋە «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق كىتابلار ئاقسۇ ئۇرۇشى ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلىي مەلۇماتلارنى بەرمەكتە. ئۇرۇش يۈز بەرگەن يەر دېگەندەك بەزى مەسىلىلەردە ئوخشىماسلىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەزمۇنىنىڭ ياخشى چۈشىنىلىشى مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن تۆۋەندە ھەر ئىككى ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان مەزمۇنلار ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىنىدۇ.

«تارىخى ھەمىدىي»دە دېيىلىشىچە: كۇچا قوشۇنى ئېھتىيات بىلەن دىققەتلىك بىر شەكىلدە ھەرىكەت قىلدى. ئانا يول يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، تەگرىتېغى يولى بىلەن ئۇدۇل ئىلىغا ماڭغاندەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. تاغنىڭ ئىچىگە جايلاشقان ئارا شور دېگەن يەرگە كېلىپ ساقلىدى. ئارا شور — شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن ئىلىغا بارىدىغان ئانا يولنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، مۇھىم ئۆتكەللەردىن بىرى ئىدى. جۇڭغارلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان مەزگىللەردە ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى يۆتكىگەندە ئەڭ مۇھىم قاتناش يولى قىلىپ قوللانغانىدى. جامالىدىن خوجا ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەش، چېنىقتۇرۇش، ئۇرۇشتا كېرەكلىك ئېھتىياجلارنىڭ تاماملىنىشى، يۈزلىنىش ئىمكانچىلىقى بولغان ھەرقانداق ئەھۋال ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن بىرگە، مانجۇلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەكشۈرۈپ مەلۇمات توپلاشقا كىرىشتى. كۇچا قوشۇنى ئارا شوردا يىگىرمە كۈن تۇردى.

مانجۇلارمۇ جۇڭغارلارنىڭ يولغا قويغىنىغا ئوخشاش، شەرقىي تۈركىستاندىن رەخت بېجى ئېلىشنى داۋام قىلدى، ھەتتا تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ئالدى. بۇ ۋاقىتتا قەشقەر، يەركەن، خوتەن ۋە باشقا رايونلاردىن رەخت بېجى نامىدا يىغىلغان رەختلەر ئىلىغا ئەۋەتىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان بولۇپ، رەختتىن باشقا يەنە ئەسكىرى لازىمەتلىكلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار مۇزارت تېغى ئېغىزىغا كەلگەندە، كۇچا قوشۇنى تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ، رەختلەر ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. ئەسكەرلەر بۇنى باشلىرىغا سەللە قىلىپ ئىشلەتتى. ئۇستىگە ئارتقان رەختلەرنى بولسا ئۆزلىرىگە كېپەنلىك قىلدى[64].

جامالىدىن خوجا ۋە ئەسكەرلىرى كېچە ئارا شوردىن يولغا چىقىپ، مۇز تاغ بوغىزى يولى بىلەن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەپ جامغا كەلدى ـ دە، ئۇ يەردىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم تەشكىللىدى. جام ئاقسۇنىڭ مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم قەلئەلەردىن بىرى ئىدى. جامدا مانجۇلارنىڭ دائىملىق تۇرىدىغان قوشۇنى بار بولۇپ، مانجۇلار قەشقەرنىڭ مۇداپىئەسى ئۈچۈن ئىلىدىن بەش يۈز قالماق ئەسكەرنى ئەۋەتكەنىدى. لېكىن كۇچادىكى قوزغىلاڭ سەۋەبلىك قەشقەرگە بارالماي، جامغا كەلگەنىدى. ئۇندىن باشقا مانجۇلار قالماق ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە ئىلىدىن توپلىغان بىكار تەلەپ، قىمارۋاز، ھاڭۋاقتىلاردىن مىڭغا يېقىن كىشىگە مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، قوشۇمچە ئەترەت قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. «جامىئۇتتەۋارىخ»تىكى مەزمۇنلارغا كۆرە، ئاقسۇ ھاكىمى سەيىدبەگ قوماندانلىقىدا 1500 مانجۇ 200 قالماق ۋە يەرلىك ئاھالىدىن تەشكىللەنگەن 1000 ئەسكەر بولۇپ، جەمئىي 2700 ئەسكەرنى جامغا ئەۋەتكەنىدى[65]. مەيلى مانجۇ ئەسكەرلىرى بولسۇن، مەيلى ياردەمگە ئەۋەتىلگەن يەرلىك ئاھالىدىن تەشكىللەنگەن ئەسكەرلەر بولسۇن ھەممىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەسكەرلەر

ئاقسۇغا قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارمۇ تۇتۇلۇپ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. ئاقسۇ ۋە جامدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى جەمئىي تۆت مىڭ ئەتراپىدا بولدى.

«جامئۇتتەۋارىخ»تا دېيىلگىنىگە ئاساسەن: قاسىمبەگ ئىككى مىڭ ئەسكەر بىلەن كۇچادىن يولغا چىقىپ، سايرامغا كەلدى ۋە ئۇ يەردە جامالىدىن خوجا بىلەن ئۇچراشتى. ئەتىسى جامالىدىن خوجا قاسىمبەگ بىلەن توختىبەگ تۆرە قوماندانلىقىدا بەش يۈز ئەسكەرنى ياقا ئېرىققا ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، ئۆزى ئەسكەرلىرى بىلەن بايغا كەلدى. سەيدىبەگ، ئەييۇپ سەركار قوماندانلىقىدا يۈز ئەسكەرنى ياقا ئېرىققا مۆكتۈرۈپ قويغانىدى. قاسىمبەگ ۋە قوشۇنىنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپ، دەرھال ئاقسۇ تەرەپكە قاچتى ۋە سەيدىبەگكە خەۋەر ئەۋەتتى[66]. بۇ ئىشلار تۈپەيلى ئاقسۇ ئامبىلى ئەنسىزلىككە چۈشتى ۋە سەيدىبەگ قوماندانلىقىدا بەش مىڭ مانجۇ، ئۈچ يۈز قالماق ۋە بەش يۈز يەرلىك ئاھالىدىن تەركىب تاپقان جەمئىي 5800 ئەسكەرنىڭ دەرھال قارا يۇلغۇنغا قاراپ يولغا چىقىشى توغرىلىق ئەمر قىلدى، مانجۇ ئەسكەرلىرى قارا يۇلغۇنغا كەلدى. جامالىدىن خوجا ئىككى مىڭ ئەسكەرنى تاغ ئارقىسىدىن ساي تامان يولغا سالدى. ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ، مانجۇ ئەسكەرلىرى كەلگەندە ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەلىماتىنى بەردى. جاڭگال ۋە شەرقىي تەرىپىدىنمۇ كۆپ ساندا ئەسكەر ئەۋەتىشكە سەل قارىمىدى، ئۆزى بولسا ئاساسىي قوشۇن بىلەن باراۋەر ئانا يولدىن ئىلگىرىلىدى، بۇنداق بولغاندا مانجۇ ئەسكەرلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ھېسابلىناتتى.

سەيدىبەگ مانجۇ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە قارا يۇلغۇندىن يولغا چىقىپ، چوقىغا يېقىن ئورۇندىكى سايغا كەلدى. مانجۇ ۋە كۇچا قوشۇنىنىڭ ھەر

ئىككىسى ئۇرۇشقا هازىر هالەتتە ئىدى. كۇچا قوشۇنىدىن قاسىمبەگ مانجۇ قوشۇنىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ، ئىككى قوشۇن ئارىسىدىكى مەيدانغا كىردى، ئۇنىڭ كەينىدىنلا كورلىلىق يولداش باھادىر ئەگەشتى. ئىككى باھادىر پالۋان ئاتلىرىنى ئۇينىتىپ، مانجۇ قوشۇنىنىڭ قارشىسىغا چىقتى. مانجۇ قوشۇنىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كەلگەن بىر قالماق ئەسكىرىنىڭ ئاتقان ئوقى قاسىمبەگنىڭ ئېتىنى يارىلاندۇردى. قاسىمبەگ ئارقىسىغا چېكىندى. يولداش باھادىر ئۈچ قالماق ئەسكىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. كۇچا قوشۇنىدىن مۇھەممەد تۆرە ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ، بىر قالماق ئەسكىرىنى ئاتتىن يەرگە ئېتىپ ئۆلتۈردى، يولداش باھادىرمۇ بىر قالماق ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى. مەيدان ئۇرۇشىغا كىرگەن قالماق ئەسكەرلىرى ئارقىسىغا چېكىندى[67].

مانجۇ ئەسكەرلىرى زەمبىرەكلىرىگە ئوت يېقىشقا باشلىدى. مۇھەممەد تۆرە بىلەن يولداش باھادىر ئىككىسى مانجۇ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنغىنىدا، كۇچا ئەسكەرلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتتى. مانجۇلارنىڭ زەمبىرەك ئېتىشلىرى بىرەر سائەتچە داۋاملاشتى. قالماق ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتقان ئوقلىرىمۇ نىشانىدىن ئېغىپ كەتمەيتتى. مانجۇ قوشۇنىدىكى توقسۇن ۋە دولان ئەسكەرلىرى ئۇستا ئاتچىلار ئىدى. كۇچا قوشۇنى مەغلۇبىيەت تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلىدى. نۇرغۇن ئەسكەر ھاياتىدىن ئايرىلدى.

كۇچا ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى. جامالىدىن خوجا قىبلە تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى. ئەسكەرلىرىگە: ئەگەر ئۇرۇشتا ئۆلسە شېھىت، قالسا غازى بولىدىغانلىقى ھەققىدە خىتاپ قىلىپ، كۇچاغا قېچىپ راشىدىنخان خوجا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن، مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆلۈشنىڭ تېخىمۇ خەيرلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە چاقىرىق قىلدى ۋە ئاۋۋال

ئۆزى باشلامچى بولۇپ مانجۇ قوشۇنغا قاراپ ئات چاپتۇردى. ئارقىدىن كۇچا قوشۇنىدىكى بارلىق ئەسكەرلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتتى. كۈتۈلمىگەن بۇ ھۇجۇمدىن مانجۇ ئەسكەرلىرى ناھايىتى ھودۇقۇپ كەتتى. جەڭنىڭ غەلىبە يۆنىلىشى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. مانجۇ قوشۇنىدىن ئەڭ ئاۋۋال قالماقلار ۋە مۇسۇلمانبەگلەر قېچىشقا باشلىدى. سائەتلەرچە ئوق ئېتىپ توختىمىغان زەمبىرەكلەر قىززىشتىن پارتلاپ كەتتى. مانجۇ ئەسكەرلىرىدىن بەك كۆپى تالاپەتكە ئۇچرىدى - دە، كۆپىنچىسى ھودۇقۇش ئىچىدە نىمە قىلارىنى بىلمەي قېچىشقا باشلىدى. كۇچا ئەسكەرلىرى قارا يۇلغۇنغا قەدەر مانجۇ ئەسكەرلىرىنى ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۆلتۈردى. مانجۇ ئەسكەرلىرى يەرگە تەتۈر سانجىلغان قىلىچلىرىغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. قالماقبەگلەر ئاقسۇغا قېچىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرغان بولسا، مانجۇلاردىن بىرىمۇ ساق قالمىدى. بۇ كۈنى كۇچا قوشۇنى جامغا كىردى[68].

سەيىدبەگ ئاقسۇغا كېلىپ، ئائىلىسىنى ئېلىپ قاقشال يولى بىلەن قەشقەرگە، ئاكىسى قۇتلۇقبەگنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى. باي ھاكىمى تىمۇر خەزىنىچىبەگ خوتەنگە قاچتى. كۇچا قوشۇنى ئاقسۇدا مانجۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. جامالىدىن خوجا ئاقسۇ سەلتەنەتىدە بەرقارار بولدى. 19 كۈندە يېڭى شەھەردىن باشقا ئەتراپتىكى بارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تابى بولدى. ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مانجۇلار ئۆلتۈرۈلمىدى. 1864 - يىلى 17 - ئىيۇل كۈنى ئىدى، ئاقسۇنىڭ خان ئامبىلى ۋە باشقا مەمۇربەگلەر ئاقسۇنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۈگەشكەنلىكىگە تەن بەردى. بالا - چاقلىرىنى ساراي ھويلىسىغا توپلاپ، ئەتراپىغا يەرلەشتۈرگەن مىلتىق ئوقى ۋە پارتلاتقۇچلارغا ئوت ياقتى. بەك كۆپ ساندا بولمىغان مانجۇ ۋە قالماق ئەسكەرلىرىمۇ قوشۇلۇپ ھەممىسى بىراقلا ئۆلدى[69].

مانجۇلار پەقەت ئۆزلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىلا ئەمەس ئالتۇن، تىللا، يامبۇ، كۈمۈش قاتارلىق بارلىق مال ـ مۈلكىنى بىراقلا كۆيدۈرگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ 1080 دانە يامبۇ، 600 سەر ئالتۇن، قارا چاي ۋە يىپەك رەختلەر قولغا چۈشۈرۈلدى. جەمئىي 100 گە يېقىن ئات ۋە قىچىر ساق قالغان، باشقا ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن. بىر ئامبار ئاشلىق كۆيۈپ كۈل بولغانىدى. جامالىدىن خوجا مانجۇلاردىن قولغا چۈشۈرگەن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ، قالغانلىرىنى ئەسىر ئالغان مانجۇ ئەسكەرلىرى بىلەن باراۋەر كۇچاغا ـــ راشىدىنخان خوجىغا ئەۋەتتى. ئاقسۇدىكى بۇتخانا، مەيخانا، بوزخانا ۋە پاھىشەخانىلارنى ھەتتا ئەپيۇن چېكىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇپ ـ چېقىلىپ، ئورنىغا مەسجىد، مەدرىسىلەر قۇرۇپ چىقىلدى[70].

كۇچالىق ئابدۇراھمان دوپبەگ دادخاھلىققا، ئاقسۇلۇق قاسىم قازىبەگ ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلەندى. بۇرۇنقى قازى ۋە مۇفتىلار ئۆز ئورۇنلىرىدا قالدى. خەلق ئاھالىسىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرى بويىچە ئادالەت ئورنىنى تاپتى. شەھەرنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇھىم ئورۇنلارغا ئەسكەرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

جامالىدىن خوجا ئاقسۇغا يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال بۇرھانىدىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ھامىدىن خوجىنى يۈز ئەسكەر بىلەن مۇھىم ئۆتكۈشمە نۇقتىلاردىن بىرى بولغان مۇز تاغ بوغۇزىغا ئەۋەتكەنىدى. ئاقسۇ قولغا ئېلىنىپ بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ھامىدىن خوجا ئاقسۇغا كېلىپ دادىسى بىلەن ئۇچراشتى. ئەمما ئەسكەرلەر تېخىچە شۇ يەردە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىلى گېنىرالى يەتتە مىڭ مانجۇ، ئۈچ مىڭ قالماق بولۇپ جەمئىي 10 مىڭ ئەسكەرنى قورال ـ ياراقلار بىلەن ئاقسۇ ئامبىلىغا ياردەمگە ئەۋەتتى. ئۇلار بۆكتۈرمىدە تۇرغان كۇچا

ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ، ئەللىك كۈن شۇ جايىدا تۇرغاندىن كېيىن ئىلىغا قايتىپ كەتتى[71]. ھەرھالدا ئۇلار بوغۇزدىكى كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى بىلەلمىگەنىدى. كۇچا قوشۇنىنىڭ نۆۋەتتىكى نىشانى ئۈچتۇرپان، قەشقەر ۋە يەركەنلەر ئىدى. ئۈچتۇرپان شەھىرى ئۇيەردىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىنلا ئەمەس، بەلكى شەھەرنىڭ ناھايىتى مۇستەھكەم مۇداپىئە سىستېمىسىغا ساھىب بولغانلىقى ئۈچۈن ئېلىش بەك ئاسانغا توختىمايتتى.

## كۇچا قوشۇنىنىڭ ئۈچتۇرپاننى ئېلىشى

1864 ـ يىلى 19 ـ ئىيۇلدا خەتىپ خوجا چوڭ ئوغلى ھامىدىن خوجا بىلەن بىللە ئالتە يۈز ئەسكەر ۋە زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ ئۈچتۇرپاننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئاقسۇلۇق موللا قازى ئاخۇن قازى ئەسكەر قىلىپ تەيىنلەندى. بىرقانچە دانىشمەن، بەگ ۋەبەگزادىلەرنىمۇ بىللە ئېلىۋالدى. يول ئۈستىدىكى ئارال ۋە ئاقيارلاردىن پالۋان، باھادىرلارنى تاللاپ قوشۇنغا كىرگۈزدى. يولغا چىقىپ تۆتىنچى كۈنى ئاچىتاغقا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۈچتۇرپان ھاكىمى توختىبەگ نۇرغۇن ساندىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىللە كۇچا قوشۇنىغا قارشى مۇداپىئە ئۈچۈن ئاچىتاغقا ئەۋەتىلگەنىدى. ئاچىتاغ ھېسابتا مانجۇلارنىڭ قاراۋۇلخانىسى بولۇپ، ئۇلار خەتىپ خوجا ۋە ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ، ھېچقانداق قارشىلىق قىلماي دەرھال ئۇنىڭغا ئىتات قىلدى. ئارقىدىن ئۈچتۇرپان ئاھالىسىمۇ كەينى ـ كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئەمدى ئۈچتۇرپاننى ئېلىش ئۈچۈن

بارلىق ھازىرلىقلار تاماملانغانىدى[72].

شەھەر دەرۋازىلىرى تاقالغان بولۇپ، ئەسكەرلىرى سىپىل مۇنارلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان زەمبىرەكلەرگە ئوت يېقىشقا باشلىدى ۋە مىلتىقلار بىلەن كۇچا ئەسكەرلىرىگە قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. كۆپ ساندا كۇچا ئەسكەرلىرى ھاياتىدىن ئايرىلدى. خەتىپ خوجا ئەسكەرلەرگە مۆلجەر ئىگىزلىكىدىن شەھەر سىپىللىرىغا قارىتىپ لەخمە كولاشقا بۇيرۇق قىلدى. بىر تەرەپتىن سىپىلنىڭ ئېگىزلىكىدە پەلەمپەي ياساشقا بۇيرۇدى. بۇ ۋاقىتتا مانجۇلار ئوق ـ دورا ۋە لازىمەتلىكلەر بار ئامبارغا ئوت قويۇۋەتتى. شۇنداق دەھشەتلىك بىر پارتلاش بولدىكى، ئامبار بىلەن بىرگە بۇتخانا تاملىرى، ئەسكەرلەر، ئائىلىلەر ھەتتاكى، مۆلجەر ئېگىزلىكىمۇ قوشۇلۇپ ھەممە نەرسە توز ـ تۇمان ئىچىدە ھاۋاغا ئۇچتى ـ دە، كۈندۈز ۋاقتىدا ئاسمان تۇيۇقسىز كېچە قاراڭغۇلۇققا چۆمگەندەك كۆرۈندى. قارشىدىكى ئىنسانىنى تونۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆرۈشمۇ ئىمكانسىز ئىدى. بۇ زور پارتلاش تەسىرىدە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئۈزۈلۈپ بىر ـ ئىككى مېتىر نېرىغا چۈشكەن، بەزىلەرنىڭ بەدەن پارچىلىرى ياغاچلارغا ئېسىلىپ قالغانىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مانجۇلارنىڭ بارلىق قورال ـ ياراق لازىمەتلىكلىرى ئۇچتۇرپاندىكى مۇشۇ ئامباردىن تەمىنلىنەتتى[73].

نەتىجىدە، خەتىپ خوجا ئۇچتۇرپاننى قولىغا ئالدى. ئەسكەرلەرنى مۇكاپاتلاش بىلەن بىرگە، ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن بەزىلىرىنى گۇناھلىرىغا قارىتا جازالىدى. ئۇچتۇرپاننىڭ بۇرۇنقى رەھبىرى موللا ئاتاۋۇللاھ ئاخۇن قايتىدىن رەھبەر قىلىپ سايلاندى. توختى ھاكىمبەگ كونا ئەملى بولغان ئۇچتۇرپان ھاكىملىقى بىلەن بىرگە دادخاھ قىلىپ، باي مۇھەممەد قازىبەگنى يەنە قازىبەگ قىلىپ تەيىنلىدى[74]. خاتىپ خوجا ئۇچتۇرپاندا ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن،

سددىقبەگ قىپچاقنىڭ قەشقەردە رەھبەرلىككە ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلدى.

## كۇچا قوشۇنىنىڭ قەشقەر يۈرۈش قىلىشى

ئۇچتۇرپاننى ئېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، خاتىپ خوجا ۋە قوشۇنى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئوتتىبىشى دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇ يەرگە چېدىر ـ بارگاھلىرىنى قۇردى. ھامىدىن خوجا ئىككى مىڭ ئەسكەر بىلەن ئالدىن ئەۋەتىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن خاتىپ خوجا 1500 ئەسكەر بىلەن يولغا چىقتى. قارابۇلاققا كەلگەندە، ئۆزلىرىگە قارشى چىققان بىرقانچە قىرغىزنى جازالىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا، جامدىكى ئۇرۇشتىن قەشقەرگە قېچىپ، قەشقەر ھاكىمى ئاكىسى قۇتلۇقبەگنىڭ يېنىدا پاناھلانغانىدى. ئەمما ئاكىسى قۇتلۇقبەگ، سەيىدبەگنىڭ قەشقەرگە كېلىشىدىن بەك مەمنۇن بولمىدى. چۈنكى ئۇنى كېيىنچە بىر پالاكەتچىلىككە سەۋەب بولىدۇ دەپ قارىغانىدى. ۋەزىيەتنى چۈشەنگەن سەيىدبەگ، ئەسكەر تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئاقساي يولى بىلەن ئىلى گېنېراللىنىڭ يېنىغا بېرىشنى قارار قىلدى[75]. قۇتلۇقبەگ، ئامبال ۋە باشقا ئەمەلدارلار بىلەن بىر يەرگە توپلىنىپ مەسلىھەتلەشتى. نەتىجىدە سەيىدبەگنى بىر مەكتۇپ بىلەن بىللە ئىلى گېنېرالىغا يولغا سالدى.

سەيىدبەگ قاقشال يولى بىلەن ماڭدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا تەرجىمانى بىلەن بىللە بىر قانچە قىرغىز تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، ھامىدىن خوجىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. سەيىدبەگ قارايۇلغۇندا قىلغانلىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانىدى، ئەمما ھامىدىن خوجىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى تەرىپىدىن گۇناھىدىن ئۆتۈۋېتىش تەلەپ قىلىندى. گۇناھى ئەپۇ قىلىنىپ، ئەمىر ئۇنۋانى بېرىلدى. تەرجىمانى ئىسمايىل قۇتۋالمۇ قەسەم قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن كۇچا قوشۇنىغا ئېلىندى[76].

ھاجى يۈسۈپنىڭ ئەسرىدە، سەيىدبەگنىڭ قىرغىزلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، ھامىدىن خوجىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلار ئۇچرىمىسىمۇ، ئەمما ئۆزى خالاپ كۇچا قوشۇنىنى قەشقەرگە دەۋەت قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار تېپىلماقتا. قاقشالغا كەلگەن سەيىدبەگ، قەشقەرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بايان قىلىنغان بىر مەكتۇپنى ئاقسۇغا ئەۋەتتى. مەكتۇپتا: قىپچاق سىددىقبەگنى خان ئېرىقتا مۇرەككەپبەگ[77] ۋە ئارتۇش[78] كۆچلىرى بىلەن قارشى ـ قارشىغا كەلگەندە، قەشقەردە تۇيۇقسىز بىر تەپرىقىچىلىقنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى، ئەگەر كۇچا قوشۇنى ئۈچ ـ تۆت مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۈستۈن ئاتۇشقا كېلىدىغان بولسا، 16 مىڭ قەشقەرلىكنىڭ راشىدىنخان خوجىغا تابى بولىدىغانلىقلىرى بايان قىلىنغانىدى.

راشىدىنخان خوجا سەيىدبەگنىڭ مەكتۇبىدىن بەكمۇ سۆيۈندى ـ دە، جامالىدىن خوجىنى دەرھال 500 ئەسكەر بىلەن ئاقسۇغا ئەۋەتتى. بۇلارغا ئاقسۇدىن 1500، ئۇچتۇرپاندىن 400، مارالبېشىدىن 600 ئەسكەر قوشۇلدى. جامالىدىن خوجا قەشقەرنى قىپچاق سىددىقبەگنىڭ قولىدىن ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ مىڭ ئەسكەر بىلەن بىللە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ھامىدىن خوجىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. ھامىدىن خوجا بىلەن قاقشالدا ئۇچراشقاندىن كېيىن،

قەشقەرگە قاراپ يولنى داۋام قىلدى[79].

خاتىپ خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن ئاۋۋال ئۈستۈن ئاتۇشتا بىر كۈن تۇرۇپ، ئەتىسى قەشقەرگە كىرىشنى پىلانلىدى. قەشقەرنىڭ ھاكىمى قۇتلۇقبەگ كۈچالىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى سەيىدبەگمۇ كۈچا قوشۇنىدا ئەمىر ئۇنۋانى بىلەن ۋەزىپە ئالغانىدى. بۇ سەۋەبتىن خاتىپ خوجا، قۇتلۇقبەگ بىلەن سىددىقبەگ قىپچاققا قارشى ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىدى.

جامالىددىن خوجا ئالتە كۈندىن كېيىن، قوشۇنى بىلەن ئارتۇشقا كېلىپ، كالتە يايلاق دېگەن يەرگە بارگاھىنى قۇردى. ئۇلار ئارتۇش ئاھالىسى تەرىپىدىن ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىندى. خەلق: سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جامالىددىن خوجنى ئارتۇشقا ئەۋەتتى، دېگەن ئىشەنچتە تولىمۇ خۇشال بولدى. سىددىقبەگ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال قەشقەردىن مۇكەررەپبەگ، غاپپاربەگ، شەمسىددىن ھاجى، كەنجىبەگ، ئىسلامبەگ پانسات ۋە باشقا كىشىلەرنى چاقىرىپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. نەتىجىدە ھەممىسى بىرلىكتە جانلىرى چىققانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىش قارارىنى ئالدى. قىزىل بۇيى ۋە خانئېرىقتىن ياردەمچى قىرغىز ئەسكەرلىرى كەلتۈرۈلدى. سىددىقبەگ ئەسكەرلىرىنى كۈچا قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى[80].

كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا، تۇيۇقسىز قەشقەر تەرەپتىن نۇرغۇن تۇغ ـ ئەلەملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قارىغاندا تۇغنىڭ ئارقىسىدا زور بىر قوشۇننىڭ بار ئىكەنلىكى كۆرۈلدى. كەلگەنلەر بولسا، سىددىقبەگ قىپچاقنىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى ئىدى. ئارتۇش ئاھالىسى قىرغىز ئەسكەرلىرىگە قارشى كۈچا قوشۇننىڭ يېنىدا ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش ئىككى سائەت داۋام قىلدى.

دوستبەگ دادخاھنىڭ قوماندانلىقىدا 500 ئاتلىق ئەسكەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىشى بىلەن جەڭنىڭ غەلىبە يۆنىلىشى قىرغىز ئەسكەرلەرگە قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى[81]. ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ساندا ئەسكەرلەر ھاياتىدىن ئايرىلدى. سىدىقبەگ قېچىپ ئەسكەرلىرىگە ئۇرۇشنى توختىتىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى. خاتىپ خوجا ۋە ئەسكەرلىرى تىنچ بىر شەكىلدە شەھەرگە دەۋەت قىلىندى. ئۇلارنى مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان غازىلار ۋە ئۆزلىرىنىڭ مېھمانلىرى دەپ كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتىۋالدى.

يۇز بەرگەن ئىشلار توغرىسىدا ھاجى يۇسۇپنىڭ بايانلىرى، يۇقھرىدا «تارىخى ھەمىدىy»دە دېيىلگەنلەر بىلەن بىرئاز پەرقلىنىدۇ. ھاجى يۇسۇپنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆرە: ئۇرۇشنىڭ توختىتىلىشى سىدىقبەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى جامالىدىن خوجىنىڭ تەلىپى بىلەن بولغان. جامالىدىن خوجا سىدىقبەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، كۇچا قوشۇنىنىڭ سىدىقبەگكە قارشى ئۇرۇشۇش نىيhتىدە بولمىغانلىقىنى، سىدىقبەگكە قارشى ئۇرۇشقانلارنىڭ سەيىدبەگ بىلەن ئارتۇشلۇقلار ئىكەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا، سىدىقبەگنىڭ ھۆكvمىگە تابى ئىكەنلىكلىرىنى تىلىغا ئالغان، نەتىجىدە ئۇرۇش توختىتىلغان[82].

«تارىخى ھەمىدىy»دە يېزىلغانلار تۆۋەندىكىدەك: خاتىپ خوجا ۋە ئەسكەرلىرى شەھەرگە تەكلىپ قىلىندى. ھەر تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخاندا كۈتۈۋېلىندى. نېمىشقىكىن، ئاتلارنىڭ ھەممىسى يىغىپ كېتىلدى، ئەسكەرلەر بەش ـ ئوندىن گۇرۇپ قىلىنىپ تارقىتىۋېتىلدى. جامالىدىن خوجا ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ چېدىر ـ بارگاھلاردا قېلىشىغا ئۇنىماي، چوڭ خوجىنىڭ قىزىل تۆپىدىكى ئۇستى ئوچۇق كەڭرى قورۇسىغا

يەرلەشتۈرۈلۈپ، سىرتقا چىقىشى ياكى باشقا ھەرقانداق بىرسى بىلەن كۆرۈشۈشى چەكلەندى. ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆتتى. ئۇلار سىدىقبەگ قىپچاقنى قايتا كۆرەلمىدى. كۆرۈشمىز دېسىمۇ كۆرۈشتۈرۈلمىدى. ئۆزلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىپ نەزەربەند قىلىنغانلىقىنى ناھايىتى كېچىكىپ بىلدى. شۇنداقتىمۇ، باشقا ھېچبىر چارىسى قالمىغانىدى.

قەشقەرنىڭ ئاقساقاللىرىدىن بىرقانچە مۆتىۋەر كىشى بىر يەرگە توپلىنىپ، خاتىپ خوجا بىلەن سىدىقبەگ قىپچاقنى ياراشتۇرماقچى بولدى. بۇ تەشەببۇس ئۈستىگە سۈلھ تۈزۈلدى. راشىدىنخان خوجا قەشقەرنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، سىدىقبەگ قىپچاق ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپانغا ئۆتمەسلىك ھەققىدە ھەمپىكىر بولدى. مارالبېشى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. خاتىپ خوجا ۋە قول ئاستىدىكىلەرگە ھەدىيەلەر بېرىلىپ، ھەر بىر ئەسكەرنىڭ يول خىراجىتى ئۈچۈن يىگىرمە تەڭگە بېرىلدى ۋە كۈچا ئەسكەرلىرىدىن تارتىۋېلىنغان ئات، قورال ـ ياراق ۋە چېدىرلىرىمۇ قايتۇرۇپ بېرىلدى. خاتىپ خوجا قوشۇنى بىلەن قەشقەردىن ئاقسۇغا قارىپا يولغا چىقىپ، 27 ـ دېكابىر كۈنى ئۇچتۇرپانغا ساق ـ سالىم قايتىپ كەلدى ۋە قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى[83].

## يەركەنىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە كۇچا قوشۇنىنىڭ تۇنجى يەركەن يۈرۈشى

راشىدىنخان خوجا يەركەننى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، كۇچادىن ئاكىسى نەزىرىدىن خوجىنى[84] 4500 ئەسكەر بىلەن يەركەنگە ئەۋەتتى. ئاقسۇغا كەلگەنلىرىدە 1500 ياردەمچى ئەسكەر قوشۇلدى. ئۈچتۇرپاندىن خاتىپ خوجا قوماندانلىقىدا 1500 ئەسكەر قوشۇلدى. كۇچا قوشۇنى جەمئىي 7500 ئەسكەر، نۇرغۇن ساندىكى زەمبىرەك، ئوق ـ دورا ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر بىلەن مارالبېشىغا كەلدى. بۇ يەردە 2000 ئەتراپىدا مانجۇ ۋە تۇڭگان ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ئەمما ئۇلار ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي قوراللىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولدى. مانجۇ ئەسكەرلەر مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ قوراللىرى، ئامباردىكى ئاشلىقلار كۇچا قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. مادا لاۋ يې ئۇلارغا رەھبەر قىلىندى. ئىلگىرى ئۇ ھېچكىمگە تابى ئەمەس ئىدى. كۇچا قوشۇنى يەركەنگە قاراپ ماڭغاندا، راشىدىنخان خوجىغا بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى[85].

يەركەندە ۋەزىيەت پەرقلىق ئىدى. يەركەننىڭ كونا ھاكىمى ئابدۇراھمان ھەزرەت، سۇلايمان ئىمام باشچىلىقىدا تۇڭگانلار ۋە مانجۇلاردىن (شەھەر تاقالغانىدى) ئىبارەت ئوخشىمىغان ئۈچ خىل كۈچ بىر ـ بىرلىرىگە قارشى چىققان ئىدى. كۇچا قوشۇنىنىڭ يەركەنگە كېلىشى بۇ تەڭپۇڭلۇقنى تامامەن

ئۆزگەرتەتتی. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، كۇچا قوشۇنىغا قارشى تۇنجى ئۇرۇشقانلار ئابدۇراھمان ھەزرەتنىڭ ئەسكەرلىرى بولدى. كۇچا ئەسكەرلىرىگە قارشى كۆپ بەرداشلىق بېرەلمىگەچكە، دەرھال ئۇرۇشتىن چېكىندىن. تۇڭگانلار بولسا، بەزىدە ئۇرۇشتى، يەنە بەزىدە سۈلھ تۈزۈشتى. يەركەن يېڭى شەھەرنىڭ سېپىللىرىنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلغان مانجۇلار مۇداپىئە قىلىشنى توغرا كۆرگەن ۋاقىتتا، ئارىلاپ - ئارىلاپ كىچىك كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ قوياتتى. دەل بۇ ۋاقىتتا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. نىياز ئىشىق ئاغابەگ قەشقەرگە —— ياقۇپبەگكە بىرقانچە يەركەن كاتتىلىرىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئەمما ئۇلار نىياز ئىشىق ئاغابەگ تەرىپىدىن ئۇيدۇرۇلغان ساختا ئىمزالار ئىدى. مەكتۇپتا: يەركەننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئۈچ تەرەپنىڭ ئارىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقلار سەۋەبىدىن پەقەت 400 - 500 ئەسكەر بىلەنلا يەركەننى قولغا ئېلىشنىڭ مۇمكىنلىكى تىلغا ئېلىنىپ، ياقۇپبەگ يەركەنگە تەكلىپ قىلىندى.

نىيازبەگ يەركەندە مۇئاۋىن ھاكىمبەگ بولۇپ، تۇڭگان قوشۇنى ئىچىدىمۇ مەلۇم بىر ۋاقىت خىزمەت ئۆتىگەن ئىدى. ئۇ كۇچا قوشۇنى بىلەن دائىملىق ئالاقىنى باشلىغان ئىدى. ئەسلىدە نىيازبەگنىڭ ياقۇپبەگنى يەركەنگە تەكلىپ قىلىشىدا تۆۋەندىكى ئىشلار سەۋەب بولغان. نىيازبەگ بىر كۈنى ھامىدىن تۆرىگە سالامغا كەلگەنىدى. ھامىدىن تۆرە ئۇنى قېپ - يالىڭاچ قىلىپ دەرەخكە ئاستۇردى. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋاپاسىز، ھىلىيگەر بولۇشى ھامىدىن تۆرىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى. ھامىدىن تۆرىنىڭ دادىسى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئىشقا بىۋاستە قول تىقتى. نىيازبەگ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، دەرھال ياقۇپبەگنى يەركەنگە تەكلىپ قىلدى[86].

ياقۇپبەگ قارشىسىدىكى كۈچنى كىچىك چاغلاپ، بۇ پۇرسەتنى قاچۇرۇشنى خالىمىدى ۋە چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن يەركەنگە كەلدى. تۇڭگانلار ھامىدىن خوجا بىلەن ئىتتىپاق بولۇشنى تاللىدى ۋە ياقۇپبەگكە قارشى كۈچلۈك قوشۇنى تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلدى. غەلىبە تەرەپ ئالماشتۇرۇپ تۇرغان بولغاچقا، غالىپ تەرەپ تېخى ئېنىق بولمىدى. جەڭ ئەسناسىدا بىر قىپچاق ئەسكىرى پۇرسەت تېپىپ خاتىپ خوجىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتىۋالدى ۋە مۇرىسىگە قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇردى. بۇنى پۇرسەت دەپ قارىغان ياقۇپبەگ كونترۇللۇقنى قولىغا ئېلىپ، جەڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئۆزىگە قاراتتى. لېكىن، ئەھۋالنىڭ خەتىرىنى كۆرۈپ يەتكەن ھامىدىن خوجا دەرھال سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقاتقۇزدى. كۈچا ئەسكەرلىرىمۇ غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى. نەتىجىدە جەڭ ناھايىتى جىددى تۈستە ئېلىپ بېرىلدى.

ياقۇپبەگ قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەرنى قورقۇنچ بېسىپ، تىت ـ تىت بولۇپ، سېپىل تاملىرىدىن ئاتىلىپ قېچىشقا باشلىدى. سەكرەش جەريانىدا بىر قانچە ئەسكەرنىڭ پۇت ـ قوللىرى سۇنۇپ كەتتى. ياقۇپبەگ بولسا، تېخىچە تاقالمىغان بىر سېپىلنىڭ ئىشىكىدىن قېچىپ كەتتى، ئەمما قاراڭغۇلۇقتا قېچىپ كېتىۋېتىپ، خەندەككە چۈشۈپ كەتتى. مۇھەممەد ئون بېشى دېگەن كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېتىغا مىنىپ ناھايىتى تەسلىكتە قەشقەرگە قايتىپ بېرىۋالدى[87].

باشقا بىرە مەنبەدە نىيازبەگنىڭ ياقۇپبەگنى يەركەنكە تەكلىپ قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىسىمۇ ، ئەمما ئۇ ياقۇپبەگنىڭ يەركەنكە كەلگەنلىكىنى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەيدۇ: ياقۇپبەگ توختى ئىشىق ئاغا بىلەن بەگ مىرزىنى بىر مەكتۇپ بىلەن يەركەنكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ۋە مازار ـ

ماشايخ زىيارىتى ئۈچۈن يەركەنكە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتادىلىدى. بۇ ۋاقىتتا يەركەن خەتىپ خوجا، ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە تۇغگان ئىمام ما دالاۋيى قاتارلىقلارنىڭ قولىدا ئىدى. ئەلچىلەر يەركەنتە ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىندى ۋە كۆپ مىقداردا ھەدىيەلەر بىلەن بىرگە ئىجابىي جاۋاب ئېلىپ قايتتى. ئەلۋەتتە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ياقۇپبەگ ناھايىتى سۆيۈندى.

ياقۇپبەگ يېڭىساردىن قەشقەرگە قايتىپلا، دەرھال ئەسكىرى ھازىرلىقلارنى باشلىدى. ھەمدە باھادىر قوماندانلىقىدا تۆت مىڭ كىشىلىك بىر ئاتلىق قىسىم قۇرۇلدى، مەھمەت سەئىد زەمبىرەكچىلەر ئەترىتىگە، كەپەك لاۋىر پىيادىلەر ئەترىتىگە باش قىلىپ تەيىنلەندى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ ياقۇببەگ بۇزرۇك خان تۆرىنى قەشقەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى يەركەنكە قاراپ يولغا چىقتى. بەش كۈن ئۆتۈپ ياقۇپبەگ يەركەنكە كەلگەندە تۇڭگان ما دالاۋيى، ئابدۇراھمان ھەزرەت، خەتىپ خوجا ۋە يۇرت كاتتىلىرى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. قونالغۇ ئۈچۈن ئۆز سارايلىرىدىن يەر تەسىس قىلدى، كالا، قوي، گۈرۈچ، يەم ـ خەشەك ۋە باشقا پۈتۈن ئېھتىياجلار ھازىرلاندى. ئەتىسى ياقۇپبەگ مازار زىيارىتىدىن قايتىپ، شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا ناھايىتى چوڭ بىر زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇردى.

ئەھۋالنىڭ جىددى ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ما دالاۋيى، ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە خەتىپ خوجا قاتارلىقلار شۇ كۈنى ئاخشىمى بىر يەرگە توپلىنىپ، ياقۇپبەگكە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلىپ، يەركەن ئاھالىسىگە ئۇرۇشقا ھازىر بولۇشلىرى توغرىسىدا خەۋەر يوللىدى. ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە كوچىلاردا «ئەندىجانلىقلارنى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەن شوئارلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن كوچا ئۇرۇشلىرى باشلىنىپ كەتتى. ئۆينىڭ

ئۆگزىلىرىگە چىقىۋالغان ئاھالە ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى تاش يامغۇرغا تۇتتى، كوچىلارنى چىراق بىلەن ... 

ئۆگزىلىرىگە چىقىۋالغان ئاھالە ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى تاش يامغۇرغا تۇتتى، كوچالىق تۇڭگانلارمۇ زەمبىرەك ۋە مىلتىقلىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ياقۇپبەگ ئاران دىگەندە شەھەردىن قېچىپ قۇتۇلدى. نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۆلتۈرۈلدى، تۆت مىڭ ئاتلىق ئەسكەردىن پەقەت مىڭلا ھايات قالغان ئىدى. توختى ئىشىق ئاغابەگ ۋە باشقا ئەسىر ئېلىنغان ئوتتۇز ئەسكەر ياقۇپبەگ يەركەنكە تاشلاپ قاچقان ئىككى دانە زەمبىرەك، كۆپ مىقداردا مىلتىق ۋە ئوق ـ دورا قاتارلىق لازىمەتلىكلەر بىلەن بىللە كوچادىكى راشىدىنخان خوجىغا ئەۋەتىلدى. ئۇلار قەشقەرنى ئەندىجانلىقلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىشنى ئىپادىلەپ، كوچادىن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ ياردەمگە ئەۋەتىلىشنى تەلەپ قىلدى[88].

ياقۇپبەگ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ھايات قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. كۇچا قوشۇنىغا قارشى مانجۇلار بولۇپ، ئۇلار تېخى ئۇرۇشقا كىرمىگەن ئىدى. تۇڭگانلار كۇچا قوشۇنى بىلەن بىللە مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى. يەركەننى تولۇق قولغا ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىقلار باشلاندى.

يېڭىشەھەر يەنىلا مانجۇلارنىڭ قولىدا ئىدى، سېپىل تاملار شەھەرنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتقان ئوقلىرى نىشانىدىن ھېچ قېيىپ كەتمەيتتى، بۇ ئەھۋالدىن كۇچا ۋە تۇڭگان ئەسكەرلىرى چارىسىز قالدى. ئاخىرى ئۇلار شەھەر ئەتراپىدىكى مېۋىلىك ـ مېۋىسىز دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ، شەھەر ئەتراپىغا قاراۋۇلخانا قۇردى. بىر قانچە نۇقتىدىن شەھەر سېپىللىرىغا قارىتىپ لەخمە قېزىپ، پارتلاتقۇچ ماددىلار ئارقىلىق سېپىلنىڭ 10 ـ 15 غۇلاچلىق يېرىنى ھاۋاغا ئۇچۇردى. مانجۇ ئەسكەرلىرى ئالدىن تەييارلىۋالغان قۇم ـ توپا بىلەن تولدۇرۇلغان تاغارلاردا سېلىپىلىنىڭ

بۇزۇلغان قىسمىنى كۇچا ئەسكەرلىرى كەلگەنگە قەدەر تاقاپ ئۇلگۇردى. مانجۇلارنىڭ يېمەكلىك ۋە ئەسكىرى لازىمەتلىكلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى، كۇچا قوشۇنى كۆپ زىيانغا ئۇچرىدى[89].

ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتكەندە كۇچا قوشۇنى قېيىن شەرتلەر ئاستىدا بولسىمۇ يەركەننى قولغا ئېلىپ، كۆپ مىقداردا قورال ـ ياراغ ۋە ئامبارلاردىكى ئاشلىقلارنى غەنىيمەت ئالدى. لېكىن ئۇزۇنغا بارماي يەركەنتىكى بىرقىسىم باشقا كۇچلەر نەپسىنى چوڭايتىشقا باشلىدى. كۇچادىكى خوجىلارمۇ تېخىچە تۇغۇگانلار بىلەن تولۇق ئىتتىپاققا كېلەلمىگەنىدى. يەركەنتىن ئابدۇراھمان خوجا، قاغىلىقتىن جامالىدىن خوجا قاتارلىقلار يەركەنكە ھۆكۈمدار بولۇش غەرىزىدە ئىدى.

يەركەننىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيىتى كۇچادىكى خوجىلارغا نىسبەتەن پاسسىپ ھالەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان بولۇپ، باشقا كۇچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششىمۇ ناھايىتى قېيىن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، قوقەند خانى مۇھەممەد ئەلى خاننىڭ ئوغلى مۇزەپپەرخان (كۇھىستاندا مەلۇم مەزگىل تۇرغان) كەشمىردىن يەركەنكە كەلگەن ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانماقچى بولغان. خەتىپ خوجا ئۇنى ناھايىتى ياخشى قارشى ئالدى ھەمدە ئۆزىگە يارىشا ئىززەت ـ ھۆرمەتنى كۆرسەتتى. ئۇنى ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئىش ھەققىمۇ بەلگىلىدى. ئەمما مۇزەپپەرخاننىڭ ھەرىكەت ـ مۇئامىلىلىرى خەتىپ خوجىدا گۇمان پەيدا قىلىشقا باشلىدى ۋە خەتىپ خوجا «بىزنىڭ ھۆكۈمدارىمىز كۇچادا، سىز بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشىڭىز كېرەك» دەپ مۇزەپپەرخاننى كۇچاغا ئەۋەتىۋەتتى. كۇچادىمۇ ناھايىتى ياخشى قارشى ئېلىندى، ئۆيلەندۈرۈلۈپ مائاش بەلگىلەپ بېرىلدى. مەلۇم بىر ۋاقىت راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغاندىن كېيىن،

راشىدىن خوجىغا ئۆزۈر خاھلىق ئېيتىپ كورلىغا باردى. كېيىن ياقۇپبەگ كورلىنى ئالغىنىدا بولسا، تۇرپانغا كەتتى.

يەركەنتىكى تۇڭگانلار قوشۇنى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، يىگىرمە بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن بىرگە كۆپ مىقداردا قورال - ياراق ۋە ئەسكىرى لازىمەتلىكلىرى بار ئىدى. كۇچا خوجىلىرى تۇڭگانلار بىلەن ئىتتىپاقلىق ئورنىتالماي كۇچاغا چېكىندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يەركەننى تۇتۇپ تۇرغىدەك كۈچى يوق ئىدى، ئەسكەر سانىمۇ تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ سانىغا نىسبەتەن بەكلا ئاز ئىدى. شۇنداق قىلىپ كۇچا قوشۇنىنىڭ تۇنجى يەركەن يۈرۈشى مۇۋەپپەقىيەتسىز ئاخىرلاشتى. ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان ئۇرۇشلىرىدا كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ھامىدىن خوجىنىڭ يەركەننى قولغا ئالالماي قايتىشى كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋار روھىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى[90].

كۇچا قوشۇنىنىڭ يەركەنگە ئىككىنچى قېتىملىق يۈرۈش قىلىشى (بىر تاشتا ئىككى پاختەك)

كۇچا قوشۇنى مەغلۇبىيەت بىلەن يەركەندىن چېكىندى. ئاقسۇ ھاكىمى جامالىدىن خوجا كۇچا قوشۇنىغا ئۆزى بىر باش قوماندان بولۇپ، يەركەن ۋە قەشقەرنى قولغا ئېلىشنى نىيەت قىلدى، راشىدىنخانمۇ بۇنى ماقۇل كۆردى. ئاقسۇدا قورال - ياراق سېخلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى، جامالىدىن خوجىمۇ

ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئاستىلاتماي داۋاملاشتۇردى. ئۇ پۈتۈن قىشنى ئەسكەر قوبۇل قىلىش، ئات، قورال، ھەربىي ئۈسكۈنىلەر ۋە ئوق ـ دورىلارنى تاماملاش بىلەن ئۆتكۈزدى.

باش ئەتىيازدا جامالىددىن خوجا ئىنىسى جالالىددىن خوجىنى ۋاكالىتەن ئورنىغا ئاقسۇ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى. كۇچانىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر خوجىلىرىدىن بىرى بولغان ئاخۇن ئەلەم قوماندانلىقىدىكى كۇچا ۋە شاھيار قوشۇنلىرى ئاقسۇغا كەلدى، ئارقىدىنلا خەتىپ خوجا ۋە ھامىدىن خوجا قوماندانلىقىدىكى ئۇچتۇرپان ئەسكەرلىرىمۇ شەھەرگە يېتىپ كەلدى.

1865 ـ يىلى ئىيۇل ئېيىدا جامالىددىن خوجا ئاقسۇدىن موللا ئابدۇلباقى مۇفتى ئاخۇن، قاسىم قازىبەگ، باقىش مىراپبەگ ۋە مۇھەممەد شەرىفبەگ؛ كۇچادىن ھەج خەزىنىچىبەگ، ياقۇپ دىۋانبەگ، موللاش مىراپ ۋە ئاق موللا مىراپ؛ ئۇچتۇرپاندىن ئاقبەگ، مۇسابەگ، قۇربان مىراپ، ئىبراھىم مىڭ بېگى ۋە باشقا بىر قىسىم ئىش ئەھلى، شىجائەت ۋە غەيرەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالتە مىڭ ئەسكەر بىلەن يەركەنگە قاراپ يولغا چىقتى[91]. جامالىددىن خوجا ئاقسۇ ئۇرۇشىدىكى غالىبىيىتى سەۋەبلىك يېڭىلمەس قوماندان دېگەن سۈپەتكە ئىگە بولغانىدى.

كۇچا قوشۇنى يەركەنگە ئۈچ مەنزىل قالغاندا، يەركەن ۋالىسى باشچىلىقىدا يۇرت مۆتىۋەرلىرى، تۆلگان ئىماملار ۋە كۆپ ساندىكى ئاھالە نۇرغۇن ھەدىيەلەر بىلەن ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا چىقتى، زەپەر ئۇزەڭگىلىرىنى يۈزلىرىگە سۈرۈپ، فەتىھ ئايەتلىرىنى ئوقۇدى. كۇچا قوشۇنىغا قارشى ئىلگىرىكى ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ئەپۇلىرىنى قوبۇل قىلىشنى سورىدى. ئۇلارنى

ئەپۇ قىلغان جامالىددىن خوجا دەبدەبىلىك مۇراسىم بىلەن يەركەن شەھىرىگە كىرىپ، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. تۇڭگانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەركەنتىكى ھەرقانداق بىر كۈچ كۈچا قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، قارشىلىششنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. جامالىددىن خوجىنىڭ سەلتەنىتىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن يەركەننىڭ تۆت ئەتراپىدىن كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، كەلگەنلەرگە كۆپ مىقداردا ھەدىيەلەر بېرىلدى. يەركەنتە ۋەزىيەت شۇ ھالغا كەلدىكى، بۆرە بىلەن قوي بىر دەريادىن سۇ ئىچىپ، بۆركۆت بىلەن كەپتەر بىر ئۇۋىدا تۇخۇملىغۇدەك بولدى[92].

جامالىددىن خوجا ھەرقانداق بىر قارشىلىقسىز ئۇچۇرماي يەركەننى تولۇق قولغا ئالدى. يەركەن كوچىلىرىدا «دەۋر راشىدىنخان خوجا دەۋرىدۇر» دېگەن سادالار ياڭرىدى. تارىختىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان يەركەن بىر قانچە ئەسىردىن بۇيان ئىشانلارنىڭ مۇھىم پائالىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. يەركەننىڭ قولغا ئېلىنىشى شۈبھىسىزكى كۇچا ھاكىمىيىتىگە، بولۇپمۇ راشىدىنخان خوجىنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، نوپۇز قازاندۇرغانىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا مۇكەررەمبەگ ياقۇپبەگكە قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇپ، پەقەت ئىككى مىڭغا يېقىن ئەسكىرى بىلەن موغالغا قېچىپ بېرىپ[93]، ئەسكەرلىرىنى موغالدا ساقلاشقا بۇيرۇق قىلىپ، ئۆزى جامالىددىن خوجا، تۇڭگان ما دالاۋيى قاتارلىقلاردىن ياردەم سوراش ئۈچۈن يۈز ئەسكىرىنى يېنىغا ئېلىپ يەركەنكە قاراپ يولغا چىقتى. ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە تاماملىغان مۇكەررەمبەگ تاغارچىغا كېلىپ مۇسابەگ بىلەن كۆرۈشتى، جامالىددىن

خوجىغا بىر مەكتۇپ ئەۋەتىلدى. مۇكەررەپبەگ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن يەركەن شەھىرىگە تەكلىپ قىلىندى ۋە ناھايىتى ياخشى قارشى ئېلىندى. مۇكەررەپبەگ جامالىدىن خوجىغا توققۇز ئات، توققۇز دانە يامبۇ، توققۇز بوغچا تون[95] ھەدىيە قىلدى. ئاخىرى مۇكەررەپبەگ جامىلدىن خوجىنى ياقۇپبەگكە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قايىل قىلدى، تۇڭگانلارمۇ بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلدى. ئەلۋەتتە، جامالىدىن خوجا بۇنداق بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمايتتى.

نۆۋەتتە كۇچا قوشۇنىنىڭ قارشىسىدا قەشقەر بار ئىدى. جامالىدىن خوجا قەشقەرنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىقلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، قورال ـ ياراق، باشقا ئەسكىرىي لازىمەتلىكلەر ۋە ئاشلىقلارنى تاماملاش بىلەن بىرگە، يەركەنتىن كۆپ ساندا ياردەمچى ئەسكەر يۆتكەشكىمۇ سەل قارىمىدى. ئەلەم ئاخۇن خوجىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، يەركەنتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن قاتلىمىغا ئەكەلدى. كۇچا قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئەسكەر سانى ياردەمچى تۇڭگان ئەسكەرلەرنى قوشقاندا 72 مىڭ[96] نەپەر بولدى.

بۇ ئۇرۇش ھەم راشىدىنخان خوجا ئۈچۈن ھەمدە ياقۇپبەگ ئۈچۈن بۇرۇلۇش نۇقتىسى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭدىن كېيىن كۇچا ئارمىيىسى قەشقەرگە قايتا كېلەلمىسىمۇ، ياقۇپبەگ شەرقىي تۈركىستاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ھالەتتە سەھنىگە چىقاتتى.

تارىخ 1866 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە كەلگەندە، كۇچا قوشۇنى يەركەنتىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئىككى يۈز[97] ھارۋىغا زەنجىر ـ كىشەنلەرنى توشقۇزۇپ بىللە ئېلىپ ماڭدى. سەۋەبى، قەشقەرنى قولغا ئالغاندا، قېچقاق ۋە ئەندىجانلىقلارنى ئەسىر ئېلىپ، قولىغا زەنجىر، پۇتىغا كىشەن

سېلىش ئىدى[98].

جامالىدىن خوجا ئەڭ ئاۋۋال پەخىردىن خوجا قوماندانلىقىدا سەككىز مىڭ ئەسكەرنى، ئارقىدىنلا كۈچالىق تاھىربەگ پانسات، قاسىمبەگ، روزى باھادىر ۋە باشقا قوماندانلار بىلەن بەش مىڭ ئەسكەرنى، كېيىن نىيازبەگ دادخاھ، شەمسىدىنبەگ، ئىسھاقبەگ باھادىر قوماندانلىقىدا ئالتە مىڭ ئەسكەرنى ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ما دالاۋيى قوماندانلىقىدا تۆت مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى ئالتە يۈز زەمبىرەك بىلەن يولغا چىقتى. ئىسھاق تۆرە، ئەھمەد تۆرە ۋە توختى ئىشىك ئاغابەگلەرنى يېنىغا ئالغان جامالىدىن خوجا، 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى[99]. كۇچا قوشۇنى تۇنجى قېتىم بۇنداق كۆپ سانلىق ئەسكەر بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلانغان بولۇپ، بۇنداق كۆپ ساننى قايتا توپلىيالمايتتى.

كۇچا قوشۇنى تۇنجى قونالغۇسىدا ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئەتىسى قەشقەرگە قاراپ يولنى داۋام قىلدى. خان ئېرىققا كەلگەندە، ئۇ يەرگە چېدىر تىكىپ، بارگاھ قۇردى. ئەسكەرلەر سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىشەنچكە تولۇپ، مەغرۇرلانغان جامالىدىن خوجا: «ياقۇپبەگ بۇنچە كۆپ ئەسكەرنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر تاپسا، تېز پۇرسەتتە قەشقەرنى تاشلاپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە قېچىپ كېتەتتى» دەپ تەكەببۇرانە سۆزلەشكە باشلىدى.

يېڭىسار تەرەپتىن بىر تۇغ كۆرۈندى ۋە تېزلا ياقۇپبەگنىڭ تۇغى ئىكەنلىكى بىلىندى. ئالدى تەرەپتىكى قاراۋۇلخانىنىڭ خاراكتېرىدىكى ھەر خىل ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسكەرلەر ۋە قاراۋۇللار كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى جامالىدىن خوجىغا يەتكۈزۈپ تۇردى. كۇچا قوشۇنىغا سېلىشتۇرغاندا ياقۇپبەگنىڭ

ئەسكەرلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. جامالىدىن خوجا ياقۇپبەگ قوشۇنىنى ئوتۇق ۋە سولدىن قورشاۋغا ئېلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇلاردىن ئەسىر ئالغان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرمەي، تىرىك ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، گولاپنىڭ ئاقساقاللىرىدىن ھەمراخان ئىككى يۈز ئەللىك دادىل جەڭچىسى بىلەن كۇچا قوشۇنىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن جامالىدىن خوجىنىڭ يېنىغا كەلدى. جامالىدىن خوجا: «بىزگە باشقا يەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ كېرىكى يوق» دېگىنىچە ئۇنى رەت قىلدى. قاتتىق رەت قىلىشقا ئۇچرىغان ھەمراخان[100] ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇرۇشتا قازانغان غەلىبىلىرى بىلەن ناھايىتى كۆپ ياردەمدە بولدى[101].

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن ياقۇپبەگ، ئۆزىنىڭ كۇچا قوشۇنىغا قارشى تېخىمۇ كۆپ ئەسكەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئەتراپتىكى رايونلارغا ئادەم ئەۋەتتى. بەش كۈن ئىچىدە تاغدىن چۈشكەن نۇرغۇن قىرغىز ئەسكەرلىرى ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. سېرىق قولدىن ھەسەن شاھبەگ، تاشقورغاندىن بوغچا بەردار، ئۇلۇغجاتتىن رۇستەمبەگ قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەرمۇ تەييار بولغانىدى. ئەڭ باشتا ئابدۇللاھ لەشكەر بېشى قوماندانلىقىدا بەش مىڭ ئەسكەر؛ ئاندىن سىدىقبەگ قىپچاق، ئىسابەگ دادخاھ ۋە مەھمەت كېرىم لەشكەر بېشى قوماندانلىقىدا بەش مىڭ ئەسكەر؛ ئارقىدىن غازىبەگ باھادىر ۋە بەچچە باھادىر قوماندانلىقىدا ئۈچ مىڭ ئەسكەر؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بوغچە بەردار ۋە ھۇسامەتتىن پانسات قوماندانلىقىدا ئۈچ مىڭ ئەسكەر؛ ئاخىرىدا ئەزىزبەگ توقسابا ۋە قادىر كۇلۇبەگ دادخاھ قوماندانلىقىدا ئىككى مىڭ ئەسكەر ئەۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، ياقۇپبەگ بۇزۇرۇك خان تۆرە ۋە كىچىك خان تۆرىنى بىللە ئېلىپ، گولاپ ۋە ھسار ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان جەمئىي ئون ئىككى مىڭ ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا نۇرغۇن توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن خانئېرىققا قاراپ يولغا چىقتى[102]. «تارىخى ھەمىدىي»

ناملىق ئەسەردە، ياقۇپبەگ ئارمىيىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئېنىق سانى تىلغا ئېلىنمىغان، ئەمما ئۇلارنىڭ كۇچا قوشۇنىغا سېلىشتۇرغاندا سانىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان[103].

غاپپاربەگ مىڭ چەۋەنداز بىلەن بىللە يوپۇرغىدىكى بىر ئورمانلىقتا مۆكەررەپبەگ ۋە پالتابەگ قوماندانلىقىدىكى كۆپ ساندىكى كۇچا ئەسكەرلىرى بىلەن يۈزمۇ يۈز ئۇچراشتى. كۇچا ئەسكەرلىرى ناھايىتى ياخشى قوراللانغان بولۇپ، قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىغا ھالقا ئېسىۋالغانىدى. ئۇرۇش جەريانىدا، ئىككى تەرەپتىن ئونغا يېقىن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى، نۇرغۇن ئەسكەر يارىلاندى. غاپپاربەگ تاقابىل تۇرالماي ئاپپاق غوجا تەرەپكە قاراپ قاچتى، كۇچا ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ سۇلتانئىبرىققا كەلدى. يەكشەنبە بازارغا كەلگەندە يەركەن ئەسكەرلىرى بىلەن غاپپاربەگنى قورشىۋالدى. ئەمما، غاپپاربەگ يەنە قېچىپ، ئاۋۋال قىزىل بۇيىغا، ئارقىدىن تازغۇنغا كېلىپ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشتى[104].

بۈزرۈكخان تۆرە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاۋۋال ئەلچى ئەۋەتىپ سۈلھى تۈزمەكچى بولدى. ئەگەر قوبۇل قىلمىغانلىرىدا ئۇرۇش مۇقەددەر بولاتتى. شۇ سەۋەب سەيىد ھاكىمبەگنى جامالىدىن غوجىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ: «يېڭىشەھەردە كاپىرلارغا (مانجۇلارغا) قارشى بىرلىكتە جەڭ قىلىپ شەھەرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قالغان كاپىرلارنىمۇ باراۋەر يوقىتايلى؛ قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن ۋە مارالبېشى بىزدە قالسۇن، كۇچا ۋە ئەتراپىدىكى شەھەرلەرگە خان غوجا پادىشاھ بولسۇن، ئاۋۋالقى تاللىشىمىز ئۇرۇش ئەمەس.» دېگەن تەكلىپنى بەردى.

جامالىدىن غوجا ئەلچىنى قوبۇل قىلدى ۋە سۇنۇلغان تەكلىپكە قارىتا

ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە: «خان غوجا بۇ شەھەرلەرنى قىلىچ بىلەن ئالغان، بۇ ئەندىجانلىقلار تەييارغا ھەييار بولۇپ تېخى بىزگە بەيئەت قىلىڭلار، دەيدۇ. ئۇلار ئېيتقانلىرىغا دەرھال تۆبە ـ ئىستىغپار ئېيتسۇن ۋە قىلىچ ـ قالغانلىرىنى بوينىغا ئېسىپ خان غوجىغا ئىتائەتتە بولسۇن، ئۇنداق بولمىغىنىدا بىزنى جەڭ مەيدانىدا ساقلىسۇن!» دەپ ئەلچىنى قايتۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا ھازىرلاندى.

ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنى گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ: ئابدۇللاھ لەشكەر بېشى، مەۋلان قۇلى پانسات ۋە ئەلى قۇلى پانساتلارنىڭ قوماندانلىقىدا تۆت مىڭ لەشكەرنىڭ سول تۇرادا؛ غازىبەگ باھادىر ۋە ھەسەن شاھ توقسابالارنىڭ قوماندانلىقىدا بەش مىڭ لەشكەرنىڭ ئوڭ تۇرادا ئورۇن ئېلىشلىرىنى بۇيرىدى. بوخچا بەردار دادخاھ ۋە ئالىشبەگ دادخاھ قوماندانلىقىدا ئالتە مىڭ لەشكەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يەنى مەركەزگە ئورۇنلاشتۇردى. ئەزىزبەگ توقسابا ۋە ئوبۇلقاسىم سەردار قوماندانلىقىدىكى يېڭىسار ئەسكەرلىرىنىڭ تۆگگان قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى بۇيرۇلدى.

ياقۇپبەگ ئوسمانىيلار پادىشاھى ئابدۇلئەزىز خان ئەۋەتكەن نىمچىسىنى ئۇچىسىغا ئارتىپ، بېلىگە خەنجىرىنى قىستۇردى، ئوڭ مۈرىسىدە ئون بىر پاي ئوق ئالىدىغان مىلتىق، سول مۈرىسىدە كىچىك نەيزىسى، قولىغا قىلىچىنى ئالدى ـ دە، ئېتىغا مىندى. بۈزرۈكخان تۆرە بىلەن كىچىك خان تۆرىنىمۇ يېنىغا ئالغان بولۇپ، سىدىقبەگ قىپچاق ۋە مۇھەممەد كېرىم لەشكەر بېشى قوماندانلىقىدىكى لەشكەرلەرمۇ تەق بولغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جامالىددىن غوجا قوماندانلىقىدىكى ئەللىك ئالتە مىڭ[105] لەشكەرگە قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىدى.[106]

ئابدۇللاھ پانسات باھادىر قوشۇنى بىلەن كۇچا قوشۇنغا قارشى شىددەتلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كۇچا قوشۇنى ئىككى قانات سەپ تۈزگەن بولۇپ، بۇ ئىككى قانات ئارىسىدا تۈڭگانلاردىن تەركىب تاپقان توپچى ئەترەت بار ئىدى. ئۇلار گويا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ ئارقىغا چېكىنىۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن غازىبەگ پانسات، سول تەرەپتىن ئەزىزبەگ جاللات ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەڭ شۇ قەدەر شىددەتلىك بولدىكى، مەيداندا ئاتا بالىسىغا، ئانا قىزىغا قارىغۇدەك پۇرسەت يوق ئىدى. ئابدۇللاھ پانسات جەڭ مەيدانىدا ئوڭ ـ سولغا ئات سېلىپ ئەسكەرلىرىنى روھلاندۇرۇۋاتقاندا، سول تەرەپتىن زەربە يېگەن كۇچا قوشۇنى چېكىنىشكە باشلىدى.[107]

كۇچا ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى، ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىگە قاچقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۆلتۈرۈشنى، قولغا چۈشۈرگەن ھەرقانداق نەرسە، ھەتتا ئات بېشىدەك ئالتۇن بولسىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ شەخسىي غەنىيمىتى بولىدىغانلىقىنى بۇيرىدى. ئۇلار كۇچا قوشۇنىنى موغالغا قەدەر قوغلاپ، 20 مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى. ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنىڭ خان ئەركىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى. جامالىددىن غوجا مۇكەررەمبەگ، سىدىقبەگ ۋە پالتابەگلەر بىلەن بىللە ئاقسۇغا قاچتى ـ دە، يەركەنكە قايتىپ كېلەلمىدى. [108]

راشىدى خوجا ئىككى يىل ئىچىدە كۇچا، ئاقسۇ، يەركەن، ئۇچتۇرپان ۋە كورلىغا قەدەر بولغان نۇرغۇن يەرلەرنى قولغا ئالدى. ئەمما كۇچا قوشۇنى بۇ قېتىم خانئېرىق جېڭىدە ياقۇپبەگكە تەڭ كېلەلمەي ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ـ دە، چېدىر ـ لاپاس، ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراق، يېمەك ـ ئىچمەك ھەتتا خەزىنىلىرىنىمۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرمەي، ئاقسۇغا قاراپ چېكىندى. قانلىق جەڭدە

هاياتىدىن ئايرىلغان ۋە ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنىڭ سانىمۇ ئاز بولمىدى، بۇنداق بولۇشىغا قارىماي قالغان بىر قىسىم ئەسكەرلەر قىيىن شارائىتلاردا ئۆز يۇرتلىرىغا قاچتى، چۆل يوللىرىدا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەنلەرمۇ بولدى. يەركەن ھاكىمى ئەلەم ئاخۇن خوجا خانئىرىق ئۇرۇشىدىن قېچىپ يەركەنگە كەلگەن ئەسكەرلەردىن ئەھۋالنى بىلىپ، دەرھال ئاقسۇغا قاراپ يول ئالدى. كۇچا قوشۇنى بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئەمما قەشقەرنى ئالالمىغاننى ئاز دەپ يەركەندىنمۇ ئايرىلىپ قالدى[109]. راشىدىنخان خوجا ۋە كۇچا قوشۇنى غەربكە قاراپ يۈرۈش قىلغاندىن بېرى تۇنجى قېتىم بۇ قەدەر ئېغىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغانىدى. ھالبۇكى، بۇ قەدەر كۆپ سانلىق كۇچا قوشۇنى ئالدىدا بۇنداق بىر غالىبىيەتكە ئېرىششنى ياقۇپبەگ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. بۇ زەپەر ياقۇپبەگنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا 14 يىل داۋام قىلىدىغان ھاكىمىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

كۇچا قوشۇنىدىكى سانى 12 مىڭغا يېتىدىغان تۇڭگان ئەسكەرلىرى جامالىدىن خوجا بىلەن بىللە قاچمىدى، بەلكى قاراڭغۇ چۈشكىچە ئۇرۇشنى داۋام قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاتقان توپ ئوقلىرى ياقۇپبەگ قوشۇنىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. قوشۇن تۇڭگان ئەسكەرلەرگە يېقىنلىشالمىدى، ياقۇپبەگنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلانغان بولسىمۇ، ئوقنى قەشقەرگە قايتىپ ئاندىن چىقاردى[110]. ئاخىرىدا تۇڭگانلار سۈلھىنى قوبۇل قىلىپ، توپ ـ زەمبىرەكلىرى بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كېلىندى. ياقۇپبەگ ئۇلارغا مەرتىۋىلىرى بويىچە سوۋغاتلار بېرىپ، توپ ـ زەمبىرەكلىرى ئېلىنىپ قورالسىزلاندۇرۇلدى[111].

بۇ ھادىسىگە دائىر «جامىئۇ تتەۋارىخ»تا بايان قىلىنغانلار يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن پەرقلىقتۇر. «جامىئۇتتەۋارىخ»قا كۆرە: سەيىد ھاكىم، ھاجى

تۇراپ ۋە موللا ئابدۇسەمەت قاتارلىقلار ياقۇپبەگكە تەرىپىدىن تۇڭگانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئەمما تۇڭگانلار سۈلھى ئۈچۈن بىرقانچە شەرت قويغان بولۇپ، ئەگەر بۇ شەرتلەر ئورۇندالمىغان تەقدىردە ئاخىرقى نەپەسلىرىگە قەدەر ئۇرۇشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، بۇ شەرتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم بىرى قورالىلارنى تاپشۇرماسلىق ئىدى. ياقۇپبەگمۇ بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى. «ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ» دېگەن مەنبەدە ئېيتىلغان تۇڭگانلارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار «جامىئۇتتەۋارىخ»تا كەلگەن مەزمۇنلارنى تەستىقلىماقتا. بۇ بايانغا كۆرە تۇڭگان ئەسكەرلىرى قاچمىدى، ئەكسىچە ئۈچ كۈنگىچە توپ ئېتىپ قارشىلىقىنى داۋاملاشتۇردى. ئاخىرىدا تۇڭگانلار قوراللىرىنى تاپشۇرماسلىق شەرتى بىلەن ياقۇپبەگ بىلەن كېلىشتى[113].

## كۇچا قوشۇنىنىڭ شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىشى ۋە قاراشەھەرنىڭ فەتھى

راشىدىنخان خوجا كۇچادا ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇردى. توختى مۇھەممەد يۈز بېشى، باھائۇددىن خوجا ۋە ئايدىن خوجا قوماندانلىقىدىكى يۈز ئەسكىرى، قاراشەھەر ۋە تۇرپاندىكى مانجۇ قوشۇنىغا قارشى يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن شەرققە ئەۋەتىلدى. كۇچا قوشۇنىنىڭ بۇ قېتىمقى شەرققە يۈرۈشى ئىككى يىل داۋام قىلاتتى. قوشۇن بۈگۈرگە كەلدى، تۇڭگانلارمۇ كۇچا قوشۇنى بىلەن بىللە مانجۇلارغا قارشى جەڭ قىلدى. سېپىل ئىچىدىكى يۈزگە يېقىن مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى، شۇنداقلا بۈگۈردىكى كۆپ سانلىق

تۇڭگانلار كۇچا قوشۇنىغا قوشۇلدى. راشىدىنخان خوجا كۇچا قوشۇنىغا ھەمدەم بولۇشلىرى ئۈچۈن دەرھال ئىسھاق خوجا[114]، سىدىق دادخاھ ۋە مەمۇر خەلپە قوماندانلىقىدا يۈز ئەللىك ئەسكەر ئەۋەتتى. كۇچا قوشۇنى كورلىغا كەلدى ۋە ھېچكىم قارشىلىق كۆرسەتمىدى، ئەكسىچە،بەگلەر ۋە باشقا يۇرت چوڭلىرى قوشۇننى شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن قوشۇن قاراشەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى، كورلىدىنمۇ خېلى كۆپ ساندا ئەسكەرلەر قوشۇلدى[115]. كورلا بىلەن قاراشەھەر ئارىلىقىدىكى مۇساپە بەك ئۇزاق بولمىسىمۇ، ئەمما يولدا بېسىپ ئۆتۈش كېرەك بولغان خېلى كۆپ توسالغۇلار بولۇپ، بۇلار كۇچا قوشۇنىنىڭ ئىشنى قىيىنلاشتۇردى.

كۇچا قوشۇنى ئىككى كۈندىن كېيىن كۆنچى دەرياسىغا كەلگەندە، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مانجۇلار دەريادىكى كېمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرغاققا چىقاردى، يىگىرمە مىڭ موڭغۇل ئەسكىرىنى دەريا قىرغىقىدا كۇچا قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇشقا ھازىرلىدى. توپ ـ مىلتىق ئوقى ياغدۇرۇپ ئەسكەرلەرنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە پۇرسەت بەرمىدى. كۇچا قوشۇنى چارىسىز قالدى، كورلا باھادىرلىرىدىن ئىسلام خەلپە، بۇ ئەھۋالدا دەريادىن ئۆتۈشنىڭ ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، باغراش كۆلىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇششاقتالىغا بېرىش ۋە ئۇ يەردىن قاراشەھەرگە ئۆتۈش ھەققىدە بىر تەكلىپ سۇندى، بۇ تەكلىپ قوشۇن تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.

باشقا بىر مەنبەدە ئېيتىلىشىچە، توپ ۋە مىلتىق ھۇجۇملىرىغا قارىماي ئىسھاق خوجا ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر دەرياغا كىرىپ قالماق ئەسكەرلىرىگە قارشى ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. بۇ ھۇجۇمدا نۇرغۇن ئەسكەر قارشى قىرغاققا ئۆتەلمەي ھاياتىدىن ئايرىلغان بولۇپ، ئون مىڭ ئەسكەردىن پەقەت ئۈچ مىڭىلا دەريادىن

ساق ـ سالامەت ئۆتەلىگەنىدى. شەھەر سېپىلى كۇچا قوشۇنى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىپ يىگىرمە كۈندىن كېيىن تولۇق قولغا ئېلىندى، قالماق ئەسكەرلىرى تاغقا قاراپ قېچىپ كەتتى، قولغا چۈشۈرۈلگەن غەنىيمەتلەر ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى[116].

كورلىغا قايتقان كۇچا قوشۇنى باغراش كۆلىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، توققۇز كۈندە ئۇششاقتالغا يېتىپ كەلدى. ئۈرۈمچىدىن ئون سەككىز مىڭ مانجۇ ئەسكىرى ئەۋەتىلگەن بولۇپ، قوشۇن ئۇ كۈندىكى يامغۇرلۇق ھاۋادا توپ، مىلتىق ۋە ئوق ـ دورىدىن ئىبارەت بارلىق قوراللارنى سۇ بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قۇمغا كۆمۈۋەتكەن ئىدى. تەييارلىقسىز تۇرغان مانجۇ ئەسكەرلىرى كۇچا قوشۇنىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇرۇش ھالىتىگە كىردى، چوڭ بىر بۇتخانىدا پاناھلىنىپ مۇداپىئە قىلغان بولسىمۇ، كۆپ قىسىم مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، پەقەت ئاز بىر قىسىملا قاراشەھەرگە قېچىۋالدى. ئۇرۇش ناھايىتى كەسكىن بولدى[117].

بۇ ۋاقىتتا قالماقلار تۇرپان تەرەپتىن كەلگەن ئىككى ئاتلىق مانجۇ ئەسكىرىنى تۇتۇۋېلىپ كۇچا قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن قاراشەھەر ئامبىلىغا قارىتىپ يېزىلغان بىر مەكتۇپ چىققان بولۇپ، مەكتۇپتا: «ئىمپېراتورنىڭ ئەمرى بىلەن ھەمدەم ئۈچۈن 24 مىڭ ئەسكەر، 470 دانە توپ، ئىككى يۈز ھارۋا قورال ۋە ئەسكىرى لازىمەتلىكلەر يولغا چىقتى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇششاقتالغا يېتىپ بارىدۇ، كۆپ مىقداردا ئاشلىق ۋە ئوت ـ سامان توپلاش كېرەك» دەپ يېزىلغانىدى. كۇچا قوشۇنى دەرھال ئۇرۇشقا ھازىرلاندى، قارشى تەرەپتىن تۇغ ـ ئەلەملەر[118] يەنى، مانجۇ قوشۇنى يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى.

مانجۇلارنىڭ كۇچا قوشۇنىدىن ھېچ خەۋىرى يوق بولۇپ، يىراقتىن كۆرۈنگەن ئەسكەرلەرنى ئۆزلىرىگە ئاشلىق ئەكىلىپ بېرىۋاتقانلار دەپ ئويلاپ ئىلگىرىلەۋەردى. تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلاندى، ئىسھاق خوجا ۋە توختى مۇھەممەد خەلپە بىر تەرەپتىن؛ باۋۇدۇن خوجا، مەمۇر خەلپە يەنە بىر تەرەپتىن؛ ئايدىن خوجا، دۇئايى خەلپە ۋە سۇ موللا ئەسكەرلىرى بىلەن باشقا بىر تەرەپتىن ئاتلىق ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئايدىن خوجا ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز چېكىنىشى جەڭ يۆنىلىشىگە سەلبى تەسىر كۆرسەتتى. ئىسھاق خوجا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ يا غازى ياكى شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە يېتىشلىرى ھەققىدە چاقىرىق قىلدى. بۇ تۈرلۈك مەنىۋى ئۇزۇقلار سايىسىدە كۇچا ئەسكەرلىرى «ئاللاھقا تەۋەككۈل» دېگەن نىدالار بىلەن جەڭنى داۋاملاشتۇردى.

توپ ـ مىلتىق ۋە ئارا ـ سىرا ئۇنىڭغا قوشۇلغان ئەسكەرلەرنىڭ نەرە تارتقان ئاۋازلىرى ھېچ توختىمايتتى. مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ جاسارەتلىرى سۇنۇپ، زەپەر ئىشىكى كۇچا قوشۇنىغا ئېچىلىۋاتاتتى. كۆپ قىسىم مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى تاللىغان بولۇپ، بۇمۇ جەڭدە يېڭىشتىكى مۇھىم ئامىلدىن بىرى بولۇپ قالدى. بەش كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشقان بۇ جەڭدە، ئىككى مىڭچە[119] ئەسكەرگە ئىگە كۇچا قوشۇنى سانى 24 مىڭدىن ئاشىدىغان مانجۇ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. مانجۇ ئەسكەرلىرىدىن پەقەت مىڭغا يېقىنىلا جېنىنى ئېلىپ قاچقان بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى[120].

ئەمدىلا جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن كۇچا قوشۇنى ئارام ئېلىۋاتقانلىرىدا، قاراشەھەردىن يەتتە مىڭ مانجۇ، ئۈچ مىڭ قالماق بولۇپ جەمئىي 10 مىڭ ئەسكەر يولغا چىقتى، 56 ھارۋا ئەسكىرى لازىمەتلىكلەر، 250

تۆگىگە ئارتىلغان ئاشلىق ھەمدە كۆپ ساندا توپلارمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ تېۋىلغۇ دېگەن يەرگە قارارگاھ قۇرغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگىنىدە، كۇچا قوشۇنى دەرھال قاراشەھەرگە يولغا چىقتى. قوشۇن 30 يول مىقدارى مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن چۇقۇر دېگەن ئورۇندا مانجۇ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە جەڭ باشلىنىپ كەتتى.

مانجۇ ئەسكەرلىرى تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ، ھارۋىلارنى قاتار تىزىپ مۇداپىئە تېمى شەكىللەندۈرۈپ ئوت ئېچىشقا باشلىدى. ئىسھاق خوجا جاسارەتلىك، كۆزى قارا ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن مانجۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ باردى. مانجۇ ئەسكەرلىرى قورقۇنچقا چۆمدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ توپ ۋە باشقا ئوق - دورىلىرى نېمە سەۋەبتىنكى پارتلىماي قويدى. بۇ جىددى ۋاقىتتا تۇيۇقسىز شۇنداق بىر پارتلاش يۈز بەردىكى، ھارۋىلارنى، قورااللارنى ۋە ھەتتا تۆگىلەرنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ كېچە - كۈندۈز پەرق ئېتىلمەس ھالغا كەلدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا مانجۇ ئەسكەرلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى.

كۇچا قوشۇنى تېۋىلغۇدا بىر كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن ئەتىسى يولغا چىقتى، قالماقلار ئۇلارغا يول باشچىلىق قىلدى. قاراشەھەرگە يېقىن يەرگە كەلگەندە جاسۇس دەپ قارالغان ئىككى مانجۇ ئەسكىرى قولغا ئېلىندى. سوراق قىلىش ئارقىلىق مانجۇ قوشۇنىنىڭ توپچى ئەسكەرلىرىنىڭ ئانا يول ئۈستىدە ئورۇنلاشقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. قالماقلارنىڭ تەشەببۇسى بويىچە قوشۇن ئانا يولدىن ئۇزاقلىشىپ، سول تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدى ۋە شەھەرنىڭ قىبلە تەرەپتىكى تېرەكلىك دېگەن يېرىگە كېلىپ ئورۇن ئالدى.

تېرەكلىكنىڭ بىر تەرىپى دەريا، يەنە بىر تەرىپى تاغ بىلەن قورشالغان،

باشقا بىر تەرىپىدە بولسا چوڭقۇر سۇ ئازگىلى بار ئىدى. ئوخشاش كۈندە جەڭ باشلىنىپ، ۋەيشياڭ بازىرىغا ئوت قويۇلۇپ بارلىق مانجۇلار ئۆلتۈرۈلدى، جەسەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يەر دەسسەپ مېڭىش ئىمكانسىز ھالغا كەلگەنىدى. ئىككى نەيزە چوڭقۇرلۇقىدىكى سۇ ئازگىلىغا تاشلانغان جەسسەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئازگالدىكى سۇ تېشىغا ئېقىشقا باشلىدى، توغرىسى سۇ ئەمەس قېپقىزىل قان ئېقىشقا باشلىدى[121].

سېپىل ئىچىدىكىلەردىن باشقا بارلىق مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، سېپىل ئىچىدىكىلەر كۇچا قوشۇنىغا توپ ـ زەمبىرەك ئېتىپ ئۇلارنى سېپىلغا يېقىنلاشتۇرمىدى. بۇ ئىسھاقبەگنىڭ تۇنجى قېتىم مۇستەھكەم سېپىلدىكىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشى ئىدى. ئۇلار سېپىلغا يېقىنلىششىش ئۈچۈن تۆگىلەرنىڭ ئىگەرلىرىنى سۇغا چىلاپ ئاندىن ئۇلارنى رەتلىك قىلىپ ھارۋىغا تىزدى، كۆزى قارا كۇچا ئەسكەرلىرى ھارۋىنىڭ ئاستىغا مۆكۈنگەن ھالەتتە سېپىلغا يېقىنلاشتى ۋە سېپىل ئىشىكىگە ئوت قويۇۋەتتى.

كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن مانجۇ ئەسكەرلىرى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالايمىقانلىششقا باشلىدى، جەڭ ئۈستۈنلۈكى كۇچا قوشۇنىغا ئېغىۋاتاتتى. قوشۇندىكى قالماقلارغا تەرجىمانلىق قىلىۋاتقان غوجەك قازى مانجۇ قوشۇندىكى قالماقلارغا، كۇچا قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە چاقىرىق قىلدى، مانجۇلار ئارىسىدىكى قالماقلارمۇ دەرھال بۇ چاقىرىققا بىنائەن ئېتىشنى توختاتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن كۇچا قوشۇنى دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتتى، بىر تەرەپتىن قاراشەھەرگە ئوت قويۇپ، بىر تەرەپتىن مانجۇ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى[122].

بىر ھەپتە ئىچىدە مانجۇ ئەسكەرلىرى، مەمۇرلىرى ۋە تىجارەتچىلىرى بولۇپ جەمئىي 200[123] مىڭدىن كۆپرەك كىشى ئۆلتۈرۈلدى. كوچا قوشۇنىدىكى ھاياتىدىن ئايرىلغانلارنىڭ سانى 200 گىمۇ يەتمىگەن، يارىلانغانلار بولسا 300 دىن ئاشمىغانىدى. ئىسھاق خوجىنىڭ بۇ غەلىبىسى ھەقىقەتەن تارىخقا پۈتۈلگۈسى بىر ۋەقە ئىدى. چۈنكى سان جەھەتتىن سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ئاز بولغان كوچا قوشۇنىنىڭ مانجۇلارغا قارشى قاراشەھەردە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىنىڭ ئوخشىشى ئۇ زامانغا قەدەر ھېچبىر تارىخ كىتابىدا يېزىلمىغانىدى. كوچا قوشۇنى قولغا چۈشۈرگەن غەنىيمەتلەردىن ئات، ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەك، پۇراقلىق چايلار، فارفۇر بۇيۇم ۋە ساپال قاچىلار، تۈرلۈك قىممەتلىك تېرە ۋە رەختلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى، بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپ ساندا كۆيمەي قالغان توپ ـ مىلتىق، ئوق ـ دورا ۋە باشقا ئەسكىرى لازىمەتلىكلەرمۇ بار ئىدى[124].

## كوچا قوشۇنىنىڭ تۇرپاننى فەتھى قىلىشى

ئىسھاق خوجا قارا شەھەرنى قولغا ئالغىلى ئون كۈن بولغاندا، 30 مىڭ مانجۇ ئەسكىرىنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئالدى. ئۇ كوچادىكى خان خوجىغا مەكتۇپ يوللاپ ياردەمچى ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى، 20 كۈندىن كېيىن خان خوجا ئەۋەتكەن 10 مىڭ ئەسكەر قاراشەھەرگە يېتىپ كەلدى. بۇندىن ئون كۈن ئۆتكەندە مانجۇ ئەسكەرلىرى ئايغىر بۇلاققا

كەلدى[125]. مۇشاۋىر ۋە قوماندانلار بىلەن باش قوشقان ئىسهاق خوجا، مانجۇلارغا قارشى تۇرپانغا قوشۇن تارتىش مەسىلىسى ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. مەشھۇر ئايغىر بۇلاق تۇرپان يولى ئۈستىدە بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتۈش ھەر تەرەپتىن قىيىن ئىدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى بارلىق ھازىرلىقلارنىڭ تاماملىنىشى ھەققىدە ئورتاق پىكىرگە باردى ۋە توپ ـ زەمبىرەك، مىلتىق، ئەسكىرى لازىمەتلىكلەر، ئاشلىق، ئوت ـ سامان قاتارلىق ئېھتىياجلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قىلىپ تۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. تېخى يېڭىلا جەڭدىن چىققان كۇچا قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

كۇچا قوشۇنى قاراشەھەردىن يولغا چىقىپ، تېۋىلغۇدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۇششاقتالغا كەلدى. يوللار مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى بىلەن شۇ قەدەر تولغانكى، بۇ يوللاردىن ئۆتۈش ئىمكانسىزدەك كۆرۈنەتتى، تاكى مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىككىنچى قېتىم ئىستېلا قىلغىنىغا قەدەر بۇ جەسەت — سۆڭەكلەر ئۇششاقتالدىن تازىلانمىدى. ياقۇپبەگ باشلىق ھەرقانداق بىر كىشى بۇ جەسەت ۋە سۆڭەك دۆۋىلىرىگە قاراپ ھەيرانلىقلىرىنى يوشۇرالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىسهاق خوجا ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ مانجۇ قوشۇنىغا قارشى جەسۇر ۋە قورقۇمسىز كۈرەش روھىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمىدى[126].

ئىسهاق خوجا ۋە قوشۇنى ئۇششاق تالدىن يولغا چىقىپ، شۇ كۈنى دۆڭ دىڭزىدا بىر كېچە تۈنىدى ۋە يولنى داۋام قىلىپ قارا قېرىنغا كەلدى. كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەتىسى كۈمۈش ئۆتكىلىدىن ئاشتى. بۇ يەرلەر شۇ قەدەر سەھرايى ـ چۆل ئىدىكى، بۇ يەردە سۇ ئەمەس، ھەتتا چىش كولىغۇدەك ياغاچ پارچىسمۇ تېپىلمايتتى، پەقەتلا كۈمۈشتە 20 ـ 30 ئائىلىگە

يەتكۈدەك سۇ بار ئىدى. قوشۇن بۇ يەردىن ئۇجمە دۆڭگە ۋە ئۇ يەردىن ئايغىربۇلاققا يېتىپ باردى، بۇ يەردە ئاتلارنى تەرتىپ بىلەن سۇغۇرغىلى يەتكۈدەك سۇ تېپىلدى. ئاندىن يەنە يولنى داۋام قىلىپ توقسۇنغا كەلدى. توقسۇن — كوچا ـ بازارلىرى باي ـ باياشات، ئاۋات بىر يەر ئىدى. توقسۇن خەلقى ئىسھاق خوجىنى ئوبدان قارشى ئالدى[127]. تۇرپاننى نىشانلاپ چىققان ئىسھاق خوجا ئاخىرى نىشانغا يېقىنلاشقانىدى.

ئىسھاق خوجا تېخى تۇرپانغا يېتىپ كەلمىگەنىدى، ئەمما سايراملىق مەسۇم خان خوجا، تۇرپانلىق قاسىم چانگا، ۋاھىت خەلپە، زائىت خەلپە ۋە ھاجى باقى خەلپە باشچىلىقىدا ئاھالىلەرنى تەشكىللەپ مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، تۇرپانغا قاراشلىق 19 يېزىدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى، ئائىلىلەر ۋە تىجارەتچىلەردىن كىم بولسا ھەممىنى ئۆلتۈردى. تۇرپان بازارلىرى ناھايىتى ئاۋات ۋە باي بولۇپ، بەزى بازارلاردا 7 ـ 8 مىڭ بەزىلىرىدا بولسا 2 ـ 3 مىڭ مانجۇ بار ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. قارشىلىششقا ماغدۇرى يەتمىگەن مانجۇ ئەسكەرلىرى سېپىللارنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاپ، ئۆزلىرىنى سېپىلغا سولىدى[128].

ئىسھاق خوجا تۇرپانغا كېلىپ شەھەر ئەتراپىنى قورشىدى ۋە مۇھىم ئورۇنلارغا ئەسكەرلەرنى يەرلەشتۈرۈپ، جىددى ئۇرۇش تەييارلىقلىرىنى باشلىدى. تۇرپان شەھىرىنىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم بولۇش بىلەن بىرگە، ھەرخىل مۇداپىئە سىستېمىلىرى بار ئىدى. مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ سانىمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئىككى كۈندە بىر سېپىلدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلاتتى ۋە غەلىبە قازىنالماي يەنە سېپىل ئىچىگە چېكىنەتتى. بۇ ئارىلىقتا مانجۇ ئەسكەرلىرىدىن خېلى كۆپى ئۆلدى، شۇنداقلا كۆچا ئەسكەرلىرىدىنمۇ ھاياتىدىن ئايرىلغانلار

بولدى. شەھەر تېخىچە قولغا ئېلىنمىدى، كۇچا قوشۇنى مانجۇلارنىڭ سېپىلدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىشنى ساقلاپ ئولتۇرۇش ئورنىغا ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئېگىز - ئېگىز مۇنارلارنى ياساپ ئۇنىڭغا ئورۇنلاشقان مەرگەنلەر ئارقىلىق سېپىل ئىچىدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە بۇ ئۇسۇل ياخشى ئۈنۈم بەردى.

بۇ ۋاقىتتا سۇ موللا ئەسكەرلىرى بىلەن بۈگۈردىن ئىسھاق خوجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىپ سېپىللارغا ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە تەلىپى قوبۇل قىلىنىپ دەرھال ھۇجۇم باشلاندى. ھۇجۇم شۇ قەدەر شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلدىكى، ھەتتا سېپىل ئىچىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ كىردى. نۇرغۇن مانجۇ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى، ئالغان كاللا ۋە كەسكەن قول - پۇتلاردىن سېپىل ئۈستىدىن يەرگە تاشلاشقا باشلىدى. سۇ موللا بەدىنىگە تەگكەن ئوق سەۋەبلىك ھاياتىدىن ئايرىلدى، مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى پىشۇرۇپ يەۋەتتى. كۇچا قوشۇنى بۇ سېپىللارنى سەككىز ئايدىن بېرى مۇھاسىرىگە ئالغان بولۇپ، مانجۇلارنىڭ ئاشلىق، يېمەك - ئىچمىكى تۈگىگەن، ئۇلار ئات - ئېشەك، ئىت - مۈشۈك ۋە ھەتتاكى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىكىلەرنى قېرى - ياش دېمەستىن يېيىشكەن ئىدى.

ئىسھاق خوجا سېپىلنىڭ بول ئېرىق تەرەپتىكى ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، مانجۇلارنىڭ شەھەرنى تەرك ئېتىپ بېيجىڭغا قاراپ قېچىشىغا يول قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان مانجۇلار شەھەرنى تەرك ئېتىپ سېپىلدىن چىقتى، بول ئېرىققا كەلگەنلىرىدە كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلدى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى، شەھەر ئىچىدىكى مانجۇلارغا ئائىت بولغان توپ - زەمبىرەك،

قورال ـ ياراق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر غەنىيمەت ئېلىندى. نەتىجىدە مانجۇلاردىن ئەسكەر، مەمۇر ۋە تىجارەتچى بولۇپ جەمئىي 15 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن، كۇچا قوشۇنىدىن بولسا 400 گە قەدەر كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى[129].

## كۇچا قوشۇنىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە ئەتراپىدىكى رايونلارنى فەتھە قىلىشى

ئۈرۈمچىدە تۇڭگانلار مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن مانجۇلار سېپىل قوۋۇقلىرىنى پۈتۈنلەي تاقىۋەتتى، ئەمما شەھەر تۇڭگانلار تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىندى. سۇ دالاۋىيى ۋە داۋۇت خەلىپە[130] تۇرپاندىكى ئىسھاق خوجىغا مەكتۇپ يېزىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا كۇچا قوشۇنى تېخى تۇرپاننى قولغا ئالالمىغانىدى. بۇ ئىسھاق خوجىغا نىسبەتەن تېپىلغۇسىز بىر پۇرسەت بولغاچقا، دەرھال قارار چىقىرىپ، باۋۇددىن خوجا ۋە مەسۇم خان خوجىغا مىڭلارچە ئەسكەر؛ ۋاھىد خەلىپە، زائىد خەلىپە ۋە تۇڭگانلاردىن نۇر ئاخۇن بىلەن ئەلى خەلىپىگە 7 ـ 8 يۈز ئەسكەر بېرىپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، كەينىدىنلا رەھمەت باھادىر ۋە ھاجى باقىلارنىمۇ مىڭلارچە ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى. كۇچا قوشۇنى ئۈرۈمچىگە كېلىپلا بىر نەچچە كۈن ئىچىدە شەھەرنى قولغا ئالدى ۋە 30 مىڭدىن كۆپرەك مانجۇ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈردى.

كۇچا قوشۇنى ئۈرۈمچىدىن كېيىن جىمسارنىمۇ ئالدى ۋە ئالتە مىڭدىن

كۆپرەك مانجۇ ئەسكەرلىرى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. ئەمدى نۆۋەت گۇچۇڭغا كەلدى، بۇ يەرنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان ئاۋات بازارلىرى بار ئىدى. ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى مانجۇلارنى تەشكىل قىلغان بۇ شەھەردىكى جەڭ ئەسناسىدا 200 دىن كۆپرەك ئائىلىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئاز بىر قىسمى تاغ ـ باياۋانلارغا قېچىپ كەتتى. كۇچا قوشۇنى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەشنى داۋاملاشتۇردى، گوياكى ئۇلارنىڭ قارشىسىغا چىققۇدەك بىر توسالغۇ قالمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ سىن تەندە 15 مىڭ، فۇكاڭدا 10 مىڭ، جىبەكۇدا سەككىز مىڭ، قاراباسۇندا 10 مىڭ، ماناستا 50 مىڭ، جىڭ خودا 20 مىڭدىن كۆپرەك كىشى ئۆلتۈرۈلدى[131].

ئىسھاق خوجا ئايدىن خوجا، قوماندانلىقىدا؛ ھەسەن قاسىم باھادىر، تۇڭگان خوۋ خەلىپە، ھىدايەت خەلىپە، قەشقەرلىك مۇسا خەلىپە، قۇربان خەلىپە، كۇچالىق توختى مۇھەممەد خەلىپە، شاھيارلىق موللا ئوسمان شەيخ باھادىر، يولداش مىرزا، ئىدرىس خەلىپە، ئاقسۇلۇق ھوشۇر خەلىپە ۋە باشقىلارنىڭ ھەربىرىگە 700 ـ 800، ئاز بولغاندا 400 ـ 500دىن ئەسكەر بېرىپ، جەمئىي 21 مىڭ ئەسكەرنى مورخۇغا ئەۋەتتى. ئانا يولنى بويلاپ ماڭغان قوشۇن بەش مەنزىل ئۆتكەندىن كېيىن چىقتىم ئۆتىڭىگە كەلدى ۋە بۇ يەردە ئانا يولنى قويۇپ، سولغا قايرىلىپ تاغ ئىچى بىلەن تازبۇلاققا ۋە ئۇ يەردىن يەسەنگە چەنزەگە كېلىپ مانجۇلارغا قارشى جەڭ باشلىدى، 10 مىڭغا يېقىن مانجۇ ئەسكىرى يوق قىلىندى. ئاندىن قوشۇن يەباچەنزىگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە 12 مىڭ مانجۇ ئەسكىرىنى يوقىتىپ، ئارقىدىن مورخوغا كەلدى، بۇ يەردىكى جەڭ ناھايىتى قاتتىق بولدى. كۇچا قوشۇنى بۇ يەردە مانجۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى يوقاتتى، ئاز بىر قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ جېنىنى قۇتقۇزۇۋالدى. نۆۋەت دوگچەنگە كەلگەندە ئەھۋال بىرئاز پەرقلىق بولۇپ، ئىشلار ئويلىغاندەك قۇلاي

بولمىدى. شەھەرنىڭ سېپىللىرى مۇستەھكەم بولۇپ، ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سانىمۇ كۆپ ئىدى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى، قىرىق مىڭغا يېقىن مانجۇ ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما شەھەرنى ئېلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. قار - شىۋىرغانلىق ھاۋارايىدا ئۇرۇش قىلىش قىيىنغا چۈشتى، ئاخىرىدا كۇچا قوشۇنى تۇرپانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى[132].

باۋۇددىن خوجا قوماندانلىقىدىكى كۇچا قوشۇنى، تۇڭگان خۇ خەلىپە ۋە توختى مۇھەممەد خەلىپە باشچىلىقىدىكى تاللانغان، ياخشى قوراللانغان 15 مىڭ ئەسكەر بىلەن قايتىدىن موخۇر ۋە دوگچەڭنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بىر قانچە مەنزىلدىن كېيىن قوشۇن موخۇرغا يېتىپ كەلدى، زامانىدا موخۇر جېڭىدىن قېچىپ قۇتۇلغان مانجۇ ئەسكەرلىرى قايتىدىن توپلىنىپ كۇچا قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇشتى. ئۇرۇش ناھايىتى كەسكىن داۋاملاشقان بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتقان كۇچا قوشۇنى قايتىدىن تۇرپانغا چېكىندى[133].

كۇچا قوشۇنىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق قوشۇن تارتىشىمۇ مەغلۇب بولدى. بۇ ئەھۋالنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان لۈكچۈننىڭ خوجا ۋەبەگزادىلىرىدىن ئىبراھىم خان، ھىۋزۇللاھ خان، يولۋاس خان ۋە شاھ مەردان باشچىلىقىدا بىر نەچچە يۈرت چوڭلىرى توپلىنىپ، موخۇردىن 4-5 مىڭ ئەتراپىدا مانجۇ ئەسكەرلىرىنى مەخپى ھالدا تەكلىپ قىلدى، چۈنكى ئۇلار كۇچا قوشۇنىغا قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئىدى. ئىبراھىم خاننى خان دەپ ئېلان قىلىپ، زاھىد خەلىپە بىلەن ۋاھىد خەلىپىنىمۇ ئۆز سېپىگە تارتىپ كەتتى. ئىسھاق خوجا ئۇلارغا قارشى نەسىرىدىن خوجا قوماندانلىقىدا سەككىز مىڭ ئەسكەرنى لۈكچۈنگە ئەۋەتتى. بۇ جەڭمۇ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى، ھەر

ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئەسكەر ھاياتىدىن ئايرىلدى. كۇچا قوشۇنى مەغلۇب بولۇپ يەنە تۇرپانغا چېكىندى.

لۈكچۈنلۈك خوجىلار كۇچا قوشۇنىغا قارشى قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى، ئۇلار ناھايىتى كۆپ ساندا يەرلىك ئاھالىنى ئۆلتۈردى. ھەتتاكى ئۇلار بېيجىڭدىن مانجۇ ئەسكەرلىرى كەلسە، كۇچا قوشۇنىدىكى قوماندانلارنى تۇتۇپ مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ماقام - مەنسەپكە ئېرىشىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدى. لۈكچۈندە 400 دىن كۆپرەك تۇڭگان ئائىلە بولۇپ، بۇلار ئۇ ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇپ، چوڭ - كىچىك دېمەي ھەممىنى ئۆلتۈردى. سۇ دالاۋيى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ياردەم ئۈچۈن ئۈچ مىڭ ئەسكەرنى ئۈرۈمچىدىن لۈكچۈنگە ئەۋەتتى، ئىسھاق خوجىمۇ 15 مىڭ ئەسكەر بىلەن لۈكچۈنگە قاراپ يولغا چىقتى. تۇرپانلىقلار ھېچبىر تەرەپنى تۇتماي ئۇرۇشقا ئارىلاشمىدى. لۈكچۈنلۈك خوجىلار كۆپ ساندىكى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشقا كىردى، ئۇرۇشنىڭ غەلىبە كۆرسەتكۈچى بىر نەچچە قېتىم ئالماشقان بولۇپ، ئاخىرى بۇ كۆرسەتكۈچ كۇچا قوشۇننى كۆرسەتتى. ئۇرۇش نەتىجىسىنىڭ تۇراقسىز ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاھىد خەلىپە دەرھال لۈكچۈن خوجىلىرىدىن بىر قانچىنى تۇتۇپ باغلاپ كۇچا قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئەپۇ قىلدۇرغان بولدى. كۇچا قوشۇنى شەھەرگە كىرگىنىدە قارشى كەلگەن كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈردى. ھاشىر تاجىبەگنى لۈكچۈنگە، قاسىم چاڭگىنى بولسا تۇرپانغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى.

## كۇچا قوشۇنىنىڭ قومۇلنى فەتھە قىلىشى

ئىسهاق خوجا تۇنجى قېتىمقى موخۇر ئۇرۇشى ئەسناسىدا موللا تېمۇر خەلىپە بىلەن توختەم باھادىر باشچىلىقىدا ئالتە تۈمەنگىچە ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 كىشىلىك بىر ھەيئەتنى قومۇلغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. ھەيئەت قومۇ ۋاڭى بىلەن كۆرۈشتى، موللا تېمۇر خەلىپە قومۇلدىكى مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشماقچى بولغانلىقىنى تىلغا ئالدى. شۇ ۋاقىتتا قەدەر قومۇلدا ھېچكىم مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرمىگەن ئىدى. ۋاڭ خان بۇنىڭغا كۆز يۇمۇش بىلەنلا قالماي 500 كىشىگە يەتكۈدەك قالقان، قورال - ياراق، ئوقيا ۋە ھەرخىل ئەسكىرى لازىمەتلىكلەرنى تەمىن ئەتتى. ئەلچىلەر ئەسكەر توپلاپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مانجۇ ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ، ئىسهاق خوجىنى قومۇلغا تەكلىپ قىلدى. ئىسهاق خوجا، ئەگەر قومۇل ۋاڭى ئىتائەت قىلسا ئۇنىڭ جېنى، مال - مۈلكى ۋە بارلىق ئاھالىلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنداق بولمىغىنىدا ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىدىغانلىق خەۋىرىنى يوللىدى[135].

1865 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (ھىجرىيە 1282- يىلى مۇھەررەمنىڭ 5- كۈنى) ئىسهاق خوجا 16 مىڭ ئەسكەر بىلەن تۇرپاندىن قومۇلغا قاراپ يولغا چىقتى[136]، ئۆزى بىلەن بىرگە يەنە ئۈچ مىڭ تۆگىگە ئارتىلغان ئەسكىرى لازىمەتلىك ۋە ئاشلىقلار بار ئىدى. مەزكۇر يول تامامەن چۆللۈك بولۇپ، ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان ھېچبىر ئائىلىلىك يوق بولۇپ، يەپ

ئىچىدىغان نەرسە ئۇيااقتا تۇرسۇن، ئات ـ ئۇلاغلارغىمۇ يېگۈدەك بىر نەرسە تاپقىلى بولمايتتى. كۇچا قوشۇنى يولغا چىقىپ 16 كۈندىن كېيىن قومۇل چىقتىمغا كەلگەن بولۇپ، شەھەرگە يېتىپ بېرىشقا يەنە بەش مەنزىل يول بار ئىدى. قومۇل ۋاڭى نۇرغۇن تۆگە ۋە هارۋىلارغا يۈكلەنگەن چېدىر، قوي، ئوت ـ سامان، نان، ئىرىمچىك، قۇرۇق مېۋە ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئەۋەتتى. ئارقىدىن ۋاڭ ئۆزى قومۇلدىكى ئۆلىما ـ ئاقساقاللارنى ئېلىپ ئىسھاق خوجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ كۆپ مىقداردا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى[137]. ئۇ قەدەر كۆپ ھەدىيەلەر بەردىكى، قويلارنىڭ سانى يوق، سەككىز مىڭ پىچىلغان ئات، 400 يامبۇ ۋە باشقا ھەرخىل نەرسىلەر بار ئىدى. سوۋغاتلار تەقدىم قىلىنىپ، كۆرۈشۈشلەر ئاياغلاشقاندىن كېيىن ۋاڭ ئالدىراپلا يولغا چىقتى.

ئىسھاق خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە قومۇل شەھىرىگە كەلدى، قومۇل ۋاڭى ئۆزى كۈتۈۋېلىشقا چىقىپ ئىسھاق خوجا ۋە قول ئاستىدىكىلىرىنى كاتتا بىر سارايغا ئورۇنلاشتۇردى. ۋاڭ يەنە سوۋغات تەييارلىغان بولۇپ، بۇ سوۋغاتلار ئىچىدە سەككىز مىڭ يامبۇ، سەككىز مىڭ ئات، كىمخاپ تون، قورال ـ ياراق ۋە باشقا كۈنلۈك لازىمەتلىكلەر بار ئىدى، شۇنداقلا يەنە ھېچ ئۈزۈلدۈرمەي تۆت كۈندە بىر ھەر تۆت ئەسكەرگە بىر دانە قوي، بىر كىلوگرام يېشىل چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى تارقىتىپ تۇردى، ئەلۋەتتە ئۇنۋانى يۇقىرى كىشىلەرگە ھەدىيە مىقدارىمۇ كۆپىيىپ باراتتى.

قومۇلدا 1 مىڭدىن كۆپرەك ئائىلە ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاڭغا ئىشلەيتتى، ۋاڭ بولسا ھەر يىلى مانجۇ ئىمپېراتورىغا 360 دانە قوغۇن ۋە توققۇز دانە بىلەي تاش ھەدىيە قىلاتتى، ۋاڭغا بولسا ئىمپېراتورنىڭ خەزىنىسىدىن كۆپ مىقداردا مال ـ دۇنيالار كېلىپ كېلەتتى، شۇنداقلا ۋاڭ ئۈچ يىلدا بىر قېتىم

بېيجىڭغا بېرىپ مانجۇ ئىمپېراتورى بىلەن كۆرۈشەلەيتتى، بۇنىڭغا كەتكەن بارلىق چىقىم ئىمپېراتور خەزىنىسى تەرىپىدىن ئاتچوت قىلىناتتى. ئىمپېراتور ھەر قېتىمدا قومۇل ۋاڭىغا 500 يامبۇ ھەدىيە قىلاتتى، ۋاڭ باشقا ھېچبىر ئەمەلداردا بولمىغان ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مانجۇ ئەمەلدارلارنىڭ ۋاڭ ئۈستىدە ھېچقانداق تەسىرى يوق بولۇپ، ۋاڭ بىۋاستە ئىمپېراتورغا باغلىق ئىدى. ۋاڭنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق بولۇپ، 260 قوي ئېغىلى — ھەر ئېغىلدا 700 ـ 1200 تۇياق قوي بار؛ باش باھار كەلگەندە قويلارنىڭ سانىنى ئېلىش ئۈچۈن بىربەگ ۋە ئۈچ مىرزا، ئاتلارنىڭ سانىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە بىربەگ ۋە ئۈچ مىرزا ۋەزىپىلەندۈرۈلىدىغان بولۇپ، مال ـ ۋارانلارنىڭ سانىنى ئېلىش ئۈچۈن بەش ـ ئالتە ئاي ۋاقىت كېتەتتى[138].

ئىسھاق خوجا بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن قومۇلنىڭ تۆت ئەتراپىدىن كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ۋاڭنىڭ مانجۇلار بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنى باھانە قىلغان تۇڭگانلار ۋاڭغا تۆھمەت چاپلاپ ئۇنى تۇتۇپ زىندانغا ئاتتى. ئۇلار بۇنى ئىسھاق خوجىغا خەۋەر قىلمىغان، چۈنكى ماھىيەتتە بۇ تۇڭگانلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى ئىدى. ئىسھاق خوجا تۇڭگانلارغا ۋاڭنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى، ئەكسىچە تۇڭگانلار ۋاڭنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم 18 ئورۇندىكى كۆمۈلگەن خەزىنە، يايلاقلاردىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق قوي، كالا ۋە تۆگىلەرنىڭ ھەممىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى، شۇ كېچىسى ۋاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئىسھاق خوجا ئەھۋالنى ئىنقىلاش مەقسىتىدە ۋاڭنى دەرھال ئۆزىگە تاپشۇرۇشى ئۈچۈن ئىسابەگ بىلەن سۇلتانبەگ تۆرىنى تۇڭگانلارغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى[139].

ۋاڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئىسھاق خوجا غەزەپتىن

ئۆزىنى يوقتايلا دەپ قالدى ۋە 18 مىڭ ئەسكەر بىلەن شەھەرنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى مەيدانغا كەلدى، نەسرىدىن مىراپنى ئەۋەتىپ تۇڭگانلارنى جەڭگە چاقىردى. تۇڭگانلارمۇ ئىككى مىڭ ئەسكەر ۋە توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن جەڭگە ھازىرلاندى، بىر سائەتتىن كېيىن ئۇلار توپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇلاردا مىڭدىن ئارتۇق توپ ـ زەمبىرەك بولۇپ، خۇددى ھەربىر تۇڭگان ئەسكەر توپچى ئىدى. جىددى جەڭ تۆت سائەت ئەتراپىدا داۋاملاشقان بولۇپ، ئاخىرى تۇڭگانلار قېچىشقا باشلىدى. تۇڭگان قوماندانلار قىلىچلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ ئىسھاق خوجىنىڭ ئالدىغا كەلدى، گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىشى ئۈچۈن يالۋۇردى ۋە ئەپۇ قىلىندى. بۇ ئۇرۇشتا 700 تۇڭگان ئەسكەر، 116 كۇچا ئەسكىرى ھاياتىدىن ئايرىلدى. تۇڭگانلار قومۇل ۋاڭىدىن قولغا چۈشۈرگەن خەزىنە، ئات، تۆگە، قوي ۋە باشقا ھەممە نەرسىنى ئىسھاق خوجىغا تاپشۇردى[140].

گەنسۇدىكى تۇڭگانلارمۇ مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى، ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشى ئۈچۈن قومۇلغا ـ ئىسھاق خوجىغا ئەلچى ئەۋەتتى، ئەمما باركۆلدە ئەھۋال باشقىچە ئىدى. ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاندىن قاچقان مانجۇ ئەسكەرلىرى باركۆلگە كەلگەن بولۇپ، بۇيەردىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ سانلىرى 100 مىڭ كىشىگە يەتكەن ئىدى. شەھەرنىڭ بىر مەنزىل يىراقلىقىغا قوغدىنىش تېمى قۇرغان مانجۇلار پاناھلىنىشقا كەلگەنلەرنى شەھەر ئىچىگە ئالمىدى، ئەمما ئۇلارغا يېتەرلىك يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا ئېھتىياجلارنى تەمىنلىدى، ئۇلارنى ئاۋانگارت ئەترەت قىلىپ شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇردى[141].

ئىسھاق خوجىنىڭ قومۇلغا كەلگىنىگە ئىككى ئاي ئالتە كۈن بولغانىدى[142]، قومۇلدىن 10 مىڭ كۇچا ئەسكىرىنى باركۆلگە ئەۋەتتى، بۇ ئەسكەرلەر 11 كۈندىن كېيىن باركۆلگە يېتىپ كەلدى[143]. باركۆلنىڭ ئىككى

تەرىپى پاتقاق سازلىق بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى، ئەسكەرلەر ئاتلار بىلەن سازلىقتىن ئۆتۈشكە ئۇرۇندى ـ يۇ، ئاتلار قۇلاقلىرىغىچە پېتىپ كەتتى، گوياكى ئۆتۈش ئىمكانسىز ئىدى. شەھەر ئەتراپىنى قورشىغان تاغلار خۇددى شەھەرنىڭ مۇستەھكەم قەلئەسىدەك بولۇپ، پەقەت بىرلا كىرىشى بار ئىدى[144]. كۇچا ئەسكەرلىرى نەچچە قەپەس ئۇرۇشتىن كېيىن مانجۇلارنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە مۇداپىئە تېمىدىن ھالقىپ شەھەرگە قاراپ ئىلگىرىلىدى. شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدە قالماقلار تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان يەنە بىر شەھەر بار ئىدى. ياركەنتلىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى قابىل جەڭچى بولۇپ، ئاتىنىڭمۇ ياخشىسىغا مىنەتتى، تېز چاپاتتى. ئات ئىگەرلىرىنىڭ ئەندىجان ئۇسلۇبىدا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن كۇچا ئەسكەرلىرى، بۇ مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ قەشقەر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلىقىنى بىلدى[145].

ئىسھاق خوجا قومۇلدىن تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىمۇ بىللە ئەكەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى ياركەنتلىكتىن سەككىز يول ئۇزاقلىقتىكى مەيدانغا ئورۇنلاشتۇردى. قومۇللۇق ھەيدەربەگنى ئەلچى قىلىپ مانجۇلارغا بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى، مەكتۇپتا: راشىدىنخان خوجا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىسھاق خوجا قوماندانلىقىدىكى 50 مىڭ كۇچا ئەسكىرىنىڭ ئالدىدا، مانجۇ ۋە قالماقلاردىن كىم بولسا بولسۇن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى، قىلىچ ـ قالقانلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ ئىسھاق خوجىنىڭ ئالدىغا كېلىشى كېرەكلىكى، ئەكسىچە ھەممىسىنىڭ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى يېزىلغانىدى.

مانجۇلار ھەيدەربەگنى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپنى ئوبدان مۇتالىئە قىلىشتى. شۇنداقلا ئىسھاق خوجىنىڭ تەلەپلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئالتە كۈن مۆھلەت سورىدى. ئەلچى ھەيدەربەگ سوۋغا ـ سالاملار بىلەن

قايتىپ كەلدى. ئىسھاق خوجا بۇ نەتىجىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى ـ دە، مانجۇلارنىڭ ئۇرۇشىدىغانلىقىنى ھېچ ئەقلىگە كەلتۈرمىدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق ئۇرۇش تەييارلىقى قىلمىدى، مانجۇلارنىڭ تەسلىم بولۇش ۋاقتىنىڭ توشۇشىنى ساقلاشقا باشلىدى. بەشىنچى كۈنى كېچىدە قىلىچ ـ قالقان، نەيزە ـ پالتا، كالتەك ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن قوراللانغان 10 مىڭ پىيادە ئەسكەر، ئۇلارغا ھەمدەم بولۇپ بىللە ماڭغان ئىككى مىڭ تاللانغان ئاتلىق ئەسكەر ئۆزلىرى بىلىدىغان ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ يولدىن كېلىپ، كۇچا قوشۇنىغا قارشى كېچە ھۇجۇمغا ئۆتتى[146].

مانجۇلار، تەييارلىقسىز ھالەتتىكى كۇچا قوشۇنىغا ئۈچ يولدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتتى. كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاتلىرى يايلاقتا ئىدى، ئۇلار باش ـ ئايغىنى يىغىشتۇرۇپ بولغۇچە يۇزگە يېقىن كۇچا ئەسكىرى ھاياتىدىن ئايرىلدى. قوشۇندىكى تۇڭگانلار توپ ـ زەمبىرەكلەرگە ئوت يېقىشقا باشلىدى، ئەسكەرلەرمۇ ئوتقا ئۆزىنى ئاتقان پەرۋانە مىسالى مانجۇ ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. كەسكىن جەڭ تۆت سائەت داۋاملاشتى، كۆپ ساندىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى ھەم 80 دىن كۆپرەك مانجۇ ئەسكىرى ئەسىر ئېلىندى، 800 گە يېقىن كۇچا ئەسكىرى ھاياتىدىن ئايرىلدى، قوشۇندىكى ھاياتىدىن ئايرىلغان تۇڭگانلارنىڭ سانى 316 نەپەر ئىدى. باركۆل كۇچا قوشۇنى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىندى. قورشاۋدىن ئۈچ ئاي 20 كۈن ئۆتكەنگە قەدەر مانجۇلار ئۈچ قېتىم سېپىلدىن چىقىپ ئۇرۇشتى، ئەمما چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىدى[147].

ئومۇمىي ۋەزىيەت كۇچا قوشۇنىنىڭ پايدىسىغا ئېغىۋاتاتتى، ئەمما بۇ ۋاقىتتا ئىسھاق خوجىغا قومۇلدىن كۈتۈلمىگەن بىر مەكتۇپ كەلدى[148].

راشىدىنخان خوجا ئىسھاق خوجىنى ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە كۇچاغا قايتىشقا بۇيرىغانىدى. مەكتۇپتا: «قىرغىز ـ قىپچاقلار قەشقەردىن كېيىن يەركەننى قولغا ئالدى، خوجىلا يەركەندىن قېچىپ كۇچادا پاناھلاندى. كۆپ مىقداردا ئەسكەر، قورال ـ ياراق، لازىمەتلىكلەر ۋە خەزىنە زىيان بولدى. ئاۋۋالقى ئىشىمىز قەشقەر بىلەن يەركەننى قىپچاق ـ ئەندىجانلىقلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشتۇر، ئۇنداق بولمىغاندا ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھازىر بىزگە ئەڭ يېقىن كەلگەن دۈشمىنىمىزمۇ بۇلار، دەرھال ئەسكەرلەر بىلەن بىللە قايتىپ كېلىڭلار ۋە ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنداڭلار، تامام.» دەپ يېزىلغانىدى.

كۇچا ئەسكەرلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇزۇن زاماندىن بۇيان ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا، دوست ـ يارەن ھەسرىتى چېكىۋاتقان ئەسكەرلەر قىسقا ۋاقىت بولسىمۇ جەم بولۇش خۇشاللىقىغا چۆمدى ۋە باركۆل تېخىچە ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئاۋۋال قايتىپ كېيىنچە قايتا كېلىش ھەققىدە ئىسھاق خوجىغا يالۋۇردى. ئىسھاق خوجا چارىسىز قالدى. ھالبۇكى، بۇ مەكتۇپ ئىسھاق خوجا ۋە ئەسكەرلەرگە مەنپىي تەسىر كۆرسىتىش بىلەنلا قالماي، كېيىنچە كۇچا قوشۇنىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولۇپ قالدى.

كۇچا بىلەن قومۇلنىڭ ئارىلىقى ئىككى مىڭ چاقىرىم كېلەتتى. كۇچا قوشۇنى شەرققە قىلغان يۈرۈشىدە ئىنتايىن مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئىسھاق خوجا باركۆلدىكى مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرماي كۇچاغا قايتتى. قومۇلنى چىن ۋاڭ خانغا تاپشۇردى، قولغا ئالغان باشقا شەھەرلەرنىڭ بېشىغا، يەنى ئۈرۈمچىگە داۋۇد خەلىپە بىلەن سۇ دالاۋيىنى، تۇرپانغا ئايدىن خوجا بىلەن سۇ يەنشۇەينى، كورلىغا ئوغلى فارۇق شاھ

خوجىنى، بۇگۇرگە بولسا تاھىر قازىبەگنى ئەكەلدى. ئىسھاق خوجا قوشۇنى بىلەن تەنتەنە ۋە ھەشەم ئىچىدە كۇچاغا قايتىپ كەلدى[149].

## كۇچا قوشۇنىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يەركەن ۋە قەشقەر يۈرۈشى

1865 ـ يىلى 12 ـ دېكابىر، ئىسھاق خوجا تاپشۇرۇپ ئالغان مەكتۇپتىكى تەلەپ بويىچە كۇچاغا قايتىپ كەلدى ۋە راشىدىن خوجا بىلەن كۆرۈشتى، ئارقىدىن ئۈچ مىڭ كىشىلىك قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىللە ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. قومۇلدىن ئىسھاق خوجا بىلەن بىللە قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى كۇچادا قالدى، چۈنكى بۇ ئەسكەرلەر ئېلىنغان قارارغا كۆرە ئىسھاق خوجىنىڭ ئارقىسىدىن ھامىدىن خوجا قوماندانلىقىدا يەركەنگە ئەۋەتىلەتتى.

ئىسھاق خوجا ئاقسۇدا 10 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، توختى مۇھەممەد باھادىر بىلەن ئىبراھىم باھادىر قوماندانلىقىدا ئىككى مىڭ ئەسكەرنى يەركەنگە ئەۋەتتى، بىر كۈندىن كېيىن ئۆزى «ھۇزۇرۇم» نەغمىسىنىڭ تەڭكەشلىكىدە قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىللە دەبدەبىلىك ھالدا يولغا چىقتى. ھەيرانلىق ۋە ھاياجانغا تولغان تۆت مىڭغا يېقىن ياش ئىسھاق خوجىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، ئىككى ـ ئۈچ مەنزىلدىن كېيىن بەزىلىرى قايتىپ كەتتى. ئىسھاق خوجا يەركەنگە يېتىپ باردى[150]. ئەمما ھامىدىن خوجا ۋە ئەسكەرلىرىدىن ھېچقانداق بىر خەۋەر ئالالمىدى.

جامالىدىن خوجا ۋە قوشۇنى خانىېرىقتا ياقۇپبەگكە قارشى جەڭدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن يەركەنگە ئەمەس، كۇچاغا قاچقان ئىدى. يەركەننى ئاسانلا قولغا ئېلىۋالغان ياقۇپبەگ، كىچىك خان تۆرىنى يەركەننىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى. ئىسھاق خوجا يەركەنگە كېلەر ـ كەلمەس پۇرسەتتىن پايدىلانغان تۇڭگانلار ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، كىچىك خان تۆرىنى تۇتۇپ يېڭىشەھەردە زىندانغا ئاتتى، ئەلەم ئاتخۇن كۆپ ساندىكى ئەسكەرلىرى بىلەن باراۋەر ئۆلتۈرۈلدى. نەتىجىدە، يەركەننىڭ بىر قىسمى تۇڭگانلارنىڭ قولىغا، قالغان قىسمى بولسا ئىسھاق خوجىنىڭ قولىغا ئۆتتى[151].

ياقۇپبەگ ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولدى، ئۆز تەخت ئەندىشىسىدىن ئىسھاق خوجىنىڭ يەركەندە سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇشىنى قوبۇل قىلالمىدى. دەرھال يىگىت ـ باتۇرلارنى تىزىملاپ چىقتى؛ 12 مىڭ ئاتلىق، ئۈچ مىڭ پىيادە بولۇپ جەمئىي 15 مىڭ[152] ئەسكەر تىزىملاندى. جامالىدىن دادخاھ، مىرزا ئەھمەد قۇشبەگ، ئۆمەر قۇل باھادىرباشى ۋە ئابدۇللاھ پانسات قاتارلىقلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ مىڭدىن ئەمىرلەشكەر تەيىنلەندى، قالغان ئۈچ مىڭ ئەسكەر بولسا، ياقۇپبەگنىڭ ئەمرىدە بولاتتى. تۇنجى بولۇپ مىرزا ئەھمەد قۇشبېشى ئەسكەرلىرى بىلەن باراۋەر مارالبېشىغا ئەۋەتىلدى. ئۇ يەردە يەرلىك ئاھالە ۋە كۇچا خوجىلىرىغا ئىتائەت قىلغان تۇڭگانلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ مىڭ كىشى بار ئىدى. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئېلىپلا شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقاپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى.

شەھەر ئەتراپى مۇستەھكەم سېپىللار بىلەن قورشالغان بولۇپ، بىر ھەپتە بويىچە ئېتىشىش ـ ئېلىشىشلار داۋاملىشىپ تۇردى. ياقۇپبەگ كۆپ ساندىكى ئەسكەرلىرى بىلەن مارالبېشىغا كەلدى، تۇڭگانلار مەغلۇپ بولدى ۋە شەھەر

قولغا ئېلىندى. ئەسىر ئېلىنغان تۇڭگانلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرگە ئەۋەتىلدى، ھېكىمخان تۆرە مارالبېشىغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىپ، 500 پىيادە ئەسكەر ۋە 300 سەرۋاز ئۇنىڭ يېنىدا قالدۇرۇلدى — ئۇلار بىلەن بىللە ئىككى دانە توپمۇ بار ئىدى(1886 ـ يىل 15 ـ ئىيۇل)[153].

باشقا بىر مەنبە ـ ئەسەردە دېيىلىشىچە، مارالبېشى تېخىچە مانجۇلارنىڭ قولىدا بولۇپ، كۇچا قوشۇنى بىرقانچە جەڭنىڭ ھەممىسىدە مەغلۇب بولغانىدى. ياقۇپبەگ 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن مارالبېشىغا كەلدى، شەھەر ئۈچ تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىنىپ يەنە بىر تەرىپىگە پىستىرما قۇرۇلدى. ئۆز ئارا جەڭگە كىرىش ھەر كۈنى دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇردى، ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى شەھەرگە يېقىنلىشالمىدى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى، ياقۇپبەگ ئەندىشىلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى شەھەردە مال باھا قالايمىقانچىقى يۇقىرى پەللىگە چىقىش بىلەن بىرگە نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ھېكىمخان تۆرە شەھەرنىڭ قىبلە تەرىپىدىن سېپىلغا قارىتىپ لەخمە قېزىپ، قەلئە تېمى ئاستىغا يەرلەشتۈرگەن پارتلاتقۇچلارغا ئوت ياقتى. سېپىلنىڭ ئون غۇلاچ كەڭلىكتىكى قىسمى ھاۋاغا ئۇچۇرۇلدى، ھەكىم خان تۆرىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن 400 ى ھاياتىدىن ئايرىلدى، شەھەر ئاخىرى ئېلىندى. كۆپ ساندىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىگە ئوت قويۇپ ئۆلۈۋالدى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىندى. غەنىيمەت ئېلىنغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، يىپەك رەخت، چاي ۋە فار ـ فۇر بويۇملار خەزىنىگە قوشۇۋېتىلدى. بۇتخانا، مەيخانا ۋە قىمارخانىلار چېقىلىپ، ئورنىغا مەسجىد ـ مەدرىسىلەر قۇرۇلدى. مارالبېشىدا ئۈچ مىڭ ئەسكەر قالدۇرۇلدى؛ ھېكىمخان تۆرە مارالبېشىغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىپ، ئىگەر ـ توقۇملىرى ئالتۇندىن ياسالغان ئات ھەدىيە قىلىندى[154].

ياقۇپبەگ 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن مارالبېشىدىن يەركەنگە كېلىپ، شەھەرنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بىر ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتى، ئەسلىدە بۇ سايىدە ئىسھاق خوجىنى قورشاۋغا ئالغانىدى. كىچىك خان تۆرىنى گۆرۈگە ئالغان تۇڭگانلار يېڭىشەھەردە، ئىسھاق خوجا بولسا كوناشەھەردە ئىدى. شەھەر سىرتىدا قالغان ياقۇپبەگ ئاۋۋال كۇچادىن ئىسھاق خوجىغا كېلىدىغان ھەرقانداق ياردەمنى توسماقچى بولدى. ئەمما ئاقسۇ ۋە كۇچادىن يەركەنگە كەلگەن، نە يەركەندىن ئاقسۇ ۋە كۇچاغا ماڭغانلار يوق ئىدى. ئەلەم ئاخۇن تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى[156].

ئىسھاق خوجا، ياقۇپبەگ ۋە تۇڭگانلاردىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تەرەپ يەركەندىكى بىرقانچە كۈننى جىمجىت ئۆتكۈزدى. بۇ جىمجىتلىقنى تۇنجى بۇزغۇچى تۇڭگانلار بولدى. ئۇلار يېڭىشەھەردىن چىقىپ تۆت قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئىسھاق خوجىمۇ ھەرىكەتكە ئۆتتى، كۇچا قوشۇنىدا يەرلىك ئاھالىدىن باشقا ئاز قىسىم يەركەندىكى ھىندى ۋە كەشمىرلىكلەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار ياقۇپبەگكە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئەمما ھېچبىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. ئاخىرىدا تۇڭگانلار ئىسھاق خوجا بىلەن باراۋەر ياقۇپبەگكە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى. تۇڭگانلارنىڭ سانى 25 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، قوراللىرىمۇ كۆپ ئىدى[157].

نىياز ئىشىق ئاغابەگ[158] ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ياقۇپبەگكە مەخپى ئۇچۇر يوللىدى. يېڭىشەھەردىن توققۇز مىڭ[159] تۇڭگان، كوناشەھەردىن ئىككى مىڭ بولۇپ جەمئىي 11 مىڭ ئەسكەر[160] ياقۇپبەگكە قارشى كېچە ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى ئىدى، شۇ كېچىسى نىياز ھېكىمبەگ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە كۇچا قوشۇنىدا بولاتتى. ياقۇپبەگكە قارشى

چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ چەۋەندازلىرىنىڭ كۈچا قوشۇنىغا قارشى ئات سېلىشىنى تەلەپ قىلدى، چۈنكى مۇشۇ شەكىلدە قېچىش كۆرۈنۈشى بېرەلەيتتى، بۇ ۋاقىتتا قالايمىقانلاشقان كۇچا ئەسكەرلىرىمۇ قېچىشقا باشلايتتى. ياقۇپبەگ بۇ خەۋەرنى ئېلىپلا چېدىر - بارگاھلىرىنى قۇرۇق قالدۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنى تۆت ئەتراپقا تارقاقلاشتۇرۇپ ئۇرۇشقا ھازىرلاندى. كەچ كىرگەندە تۇڭگانلار ئايرىم - ئايرىم ئىككى يولدىن توپ - زەمبىرەكلىرى بىلەن كېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. قارىغۇدەك بولسا چېدىر - بارگاھلار قۇپقۇرۇق ئىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلدى. نەتىجىدە 1400 كىشىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ 600 ى تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئىدى. «ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ» دېگەن ئەسەردىكى مەزمۇنلارغا كۆرە، بەش مىڭ تۇڭگان؛ كۇچا، يەركەن، ھىندى ۋە كەشمىرلىك ئەسكەرلەردىن 10 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگەنىدى. جەڭ بىر كېچە كۈندۈز، بەلكى ئىككىنچى كۈنى سەھەرگە قەدەر داۋاملاشقانىدى[161].

ياقۇپبەگ، ئابدۇخالىق ئىشاننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئىسھاق خوجا ۋە تۇڭگانلارنىڭمۇ ئەمدى يەنە ئۇرۇش قىلغۇدەك ماجالى قالمىغان، ئەسكەرلىرىنىڭمۇ كۆپ قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان، سۈلھىنى قوبۇل قىلىشتىن باشقا چارىسىمۇ يوق ئىدى. ياقۇپبەگ ئىسھاق خوجىنى ئۆز ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىپ ياخشى كۈتۈۋالدى. ئىسھاق خوجا مىرزا ئەھمەد قۇشبېگىنىڭ چېدىرىدا قالدى، ئۈچ كۈن بويىچە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرۈلمىدى. كۇچا ئەسكەرلىرى توپ - زەمبىرەك، قورال - ياراق ۋە باشقا بارلىق لازىمەتلىكلىرىنى تاپشۇردى، تۇڭگانلارمۇ ئوخشاشلا تاپشۇردى. ياقۇپبەگ ئىسھاق خوجىنى چاقىرىپ، ئەگەر ئۆزى ئىسھاق خوجىنىڭ ھازىرقى ھالىغا چۈشۈپ قالسا قانداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سورىدى. ئىسھاق خوجا ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ياقۇپبەگنى تۇتۇپ

باغلاپ، ئاتقا مىندۈرۈپ ئۇدۇل كۇچاغا ئەۋەتىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولغاندا ھازىرغا قەدەر مارالبېشىغا بېرىپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىسھاق خوجىنىڭ جاۋابى ياقۇپبەگنى مەمنۇن قىلدى.

شۈبھىسىزكى، ئىسھاق خوجا مانجۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلەردە ھەقىقەتەن ماختاشقا تېگىشلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ياقۇپبەگ ئىسھاق خوجىنى غازى دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭغا تەۋازۇ بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئىتتىپاقلىق ۋە تىنچلىقنى ئاساس قىلغان مەزمۇنلار ھەققىدە سۆز قىلدى. راشىدىنخان خوجىنىڭ ئاقسۇنى ئىسھاق خوجىغا بېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى دائىم ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقدىشى دەپ قارىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى بىرىگە كەلگەن دۈشمەننى ئۆز دۈشمىنى دەپ قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. مارالبېشىنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ چېگراسى بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر راشىدىنخان خوجا ئاقسۇنى ئىسھاق خوجىغا بەرمىسە، ئۆزى ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە كۇچاغا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ياقۇپبەگ ئۆزى مىنگەن ئارغىمىقىنى ئىسھاق خوجىغا ئارماغان قىلدى؛ بۇنىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ھەدىيەلەرنى سوۋغا قىلدى. يولغا چىقىش ۋاقتىدا كېرەكلىك بارلىق ئېھتىياجلار تاماملاندى. ئىسھاق خوجا قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىللە كۇچاغا يولغا چىقتى، بۇلار بىلەن بىرگە يەنە 2670 كۇچا ئەسكىرى بار ئىدى[162]. تۇڭگانلارنىڭ بولسا ھەممىسى قورالسىزلاندۇرۇلدى، ئەمما ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە باشقا ھېچقانداق نەرسىسىگە چېقىلمىدى. بىر قىسمى قەشقەرگە ئەۋەتىلدى، ئەپيۇ قىلىنغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەركەندە قالدى. مەيخانا ۋە پاھىشەخانىلار چېقىلىپ، ئورنىغا مەسجىد، خانىقا ۋە مەدرىسىلەر بىنا قىلىندى. يۇنۇسجان دادخاھ يەركەنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى. بىرقانچە

كۇندىن كېيىن ياقۇپبەگ قەشقەرگە قايتتى(1866 ـ يىل 6 ـ سېنتەبىر)[163].

راشىدىنخان خوجا بۇ ۋاقىتلاردا ئىسھاق خوجىدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. ھامىدىن خان خوجىنى سانلىرى مىڭغا يېتىدىغان ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپان ئەسكەرلىرىگە قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ مارالبېشىغا ئەۋەتتى. ئۇلار مارالبېشىنى ئالغاندىن كېيىن، يەركەنگە كېلىپ ئىسھاق خوجىغا ياردەم بېرەتتى. كۇچا ئەسكەرلىرى ھېكىمبەگ خان تۆرىنىڭ چاھارباغقا سالدۇرغان تۇرمىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ھېكىمبەگ خان تۆرە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئەسكەرلىرى بىلەن باراۋەر كېلىپ ھامىدىن خان خوجىغا قارشى جەڭگە كىردى. ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشقان كەسكىن جەڭ ھېكىمخان تۆرىنىڭ غالىبىيىتى بىلەن ئاياغلاشتى. كۆپ ساندا كۇچا ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، ھامىدىن خان خوجا چېكىنىشكە مەجبۇر قالدى ۋە يەركەنگە كېتەلمىدى.

ئىسھاق خوجا ئاقسۇغا كېلەر ـ كەلمەس، ئۆزىنىڭ يەركەننى بىر ئات بەدىلىگە ياقۇپبەگكە سېتىۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئۇششاق سۆزلەر چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش راشىدىنخان خوجىمۇ 30 مىڭ ئېتى بولغان يەركەننى ئىككى ئاتنىڭ بەدىلىگە ئەندىجانلىقلارغا سېتىپسەن، دەپ ئۇنى ئەيىپلىگەنىدى[164]. ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا ھەقىقەت ئايدىڭ بولاتتى. ئىسھاق خوجا بارغانلىقى يېرىدە زەپەر قازىنىپ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىنىڭ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئىسھاق خوجىنىڭ مانجۇلارغا قارشى قولغا كەلتۈرگەن ئوخشىشى يوق غەلىبىسى ئالدىدا راشىدىنخان خوجا قىزغىنىش بىلەنلا قالماي، ئەندىشىلىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ئوتتۇرىغا چىقارغان ئۇششاق سۆزلەر بىلەن ئىسھاق خوجىنىڭ شۆھرىتىنى سۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى.

راشىدىنخان خوجا ئىسھاق خوجىنىڭ قومۇل ۋە تۇرپان جەڭلىرىگە قاتناشقان ئەسكەرلىرىنى كۇچادا قالدۇردى، ئاقسۇدىنمۇ ئەسكەر ئەكەلدۈرمىدى، پەقەت يېنىدىكى ئاز ساندىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىللە يەركەنگە ئەۋەتتى. ھامىدىن خان خوجا قوماندانلىقىدىكى كۇچا قوشۇنى يەركەنگە ئىسھاق خوجىغا ياردەمگە ئەۋەتىلەتتى، ئەمما ۋاقتىدا ئەۋەتىلمىدى. مارالبېشىنى قولغا ئالغان ياقۇپبەگ يەركەنگە بارىدىغان بارلىق ئانا يوللارنىڭ كونتروللۇقىنى قولغا ئالغانىدى. سانىمۇ ئاز ھەم ۋاقتىسىز ئەۋەتىلگەن كۇچا ئەسكەرلىرى مارالبېشىدىن قارشى تەرەپكە ئۆتەلمىدى. نەتىجىدە راشىدىنخان خوجىنىڭ غەرىزى ئىشقا ئاشقان بولدى[165].

ئىسھاق خوجىنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەردار بولۇشى بەك ئۇزۇنغا قالمىدى. ئىسھاق خوجا كۇچاغا قاراپ يولغا چىقىشنى قارار قىلغىنىدا، ئاقسۇدىكى بارلىق ئەسكەرلەرمۇ ئىسھاق خوجا بىلەن باراۋەر كۇچاغا كېتىشنى قارار قىلدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسھاق خوجا بىلەن بىللە تۇرپان، قومۇل جەڭلىرىگە قاتناشقان ئەسكەرلەر ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇدا بولغان جامالىدىن خوجا ۋەزىيەتنىڭ خەتەرلىكنى ھېس قىلىپ، ئۆزى ئىسھاق خوجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزرە بايان قىلدى. مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، گۇناھلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

جامالىدىن خوجا ئىسھاق خوجا ئۈچۈن مول زىياپەت داستىخىنى تەييارلىدى، كۆپ مىقداردا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى ۋە بىر قىسىم ئەسكەرلەرنىڭ ئاقسۇدا قېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئىسھاق خوجا، تاھىرىدىن خوجا، ھوللاش خەزىنىچى، ئابدۇۋاھىدبەگ ۋە ئىيسابەگلەرنىڭ قوماندانلىقىدا مىڭ ئەسكەرنى جامالىدىن خوجىغا قالدۇردى. جامالىدىن خوجا ھەرقانچە ئەسكەرلەرگە ھەدىيە

بېرىپ ئەھۋالنى تېزدىن ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ بولسىمۇ، ئەسكىرى ئىنتىزام ساقلىنالمىدى. ئىسھاق خوجا كۈچاغا قاراپ يولغا چىقتى[166].

1 Zheng, v.d., a.g.e., s. 619.

2 Bekin, a.g.m., s. 21.

3 Boulger, a.g.e., s. 68. Atıf ’ın verdiği bilgilere göre 12500 kişi sürgüne gönderil miştir. Âtıf, a.g.e., s.166. Kuropatkin’in da anlattıklarına göre, başkaldırdıkla rından dolayı tutuklanan 12500 kişi, siyasi mahkûm olarak Mançular tarafın dan Gulca’ya sürgüne gönderilmişlerdir. Wusiman, a.g.t., s. 115.

4 Bir shi eşittir 62,5 kilogram. Ayrıca 1 shi = 10 dou = 100 sheng; 1 sheng = 10 he; 1 shao = 1/100 sheng. Zheng, v.d., a.g.e., C:I, s. 663. Xia Zheng-nong (夏征农) v.d., Cihai (辞海), 12. bs., Shang-hai, Shang-hai Ci-shu Chuban-she, 2007, s. 1538.

5 Cai Jin-song (蔡锦松), v.d., Xin-jiang Jian-shi (新疆简史), 3. bs., C:II, Urum çi, Xin-jiang Ren-min Chuban-she, 1997, s. 92.

6 Xia, v.d., a.g.e., s. 162.

7 Zheng, v.d., a.g.e., C.II, s. 2261-2262.

8 Cai, v.d., a.g.e., C.II, s. 93.

9 Ch’en, a.g.e., s.148-149.

10 Cai, v.d., a.g.e., C:II, s. 95. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 174. Dai yi (戴逸), Zhong-guo Jin-dai Shi-gao (中国近代史稿), C:I, Bei-jing, Zhong-guo Ren min Da-xue Chuban-she, 2008, s. 95-104.

11 Mançular tarafından tayin edilen amir veya idarecilere denir; bazen Hâkim an lamına da gelmektedir.

12 Wusiman, a.g.t., s. 24.

13 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 174-175.

14 A.e., s. 176.

15 Cai, v.d., a.g.e., C:II, s. 97.

16 Sayrami, Tarihi Hamidi, s.176-177.

17 Cai, v.d., a.g.e., C:II, s. 98.

18 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 175.

19 Bekin, a.g.m., s. 22.

20 Cai, v.d., a.g.e., C:II, s. 95.

21 A.e., s. 96.

22 Sayrami, Tarihi Hamidi, 174-175.

23 Boulger, a.g.e., s. 62. Bekin, a.g.m., s. 21.

24 Cai, v.d., a.g.e., C:II, s. 96.

25 A.e., s. 96-97.

26 A.e., s. 99.

27 A.e., s. 98.

28 Âtıf, a.g.e., s.169-172. Wusiman, a.g.t., s. 114-115.

29 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 169-170, 175. Wusiman, a.g.t., s. 122.

30 Wusiman, a.g.t., s. 127-130. Âtıf, a.g.e., s. 174.

31 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 181.

32 Cai, v.d., a.g.e., C:II, s. 111.

33 Mançuların Doğu Türkistan'daki ordusu, Mançu askerlerden müteşekkil Man ying (满营, yani Mançu askerî birlik) ve Çinli askerlerden müteşekkil Lü-ying (绿营, yani yeşil bayraklı askerî birlik) şeklinde iki askerî birlikten oluşturul muştur. Ch'en, a.g.e., s. 13.
Ayrıca Mançular Doğu Türkistan'da yerli ahali ve Kalmuklardan da oluşan kü çük de olsa askerî birlikler teşkil etmişlerdir. Eğer kaynak eserlerde birlikleri oluşturan askerler hakkında özel olarak bilgi verilmemiş ise, onları Mançu as kerleri şeklinde vermeyi tercih ettik.
34 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 182. Molla Musa Sayrami, Tarihi Eminiye, Haz. Muhammed Zunun, Urumçi, Xin-jiang Halk Neşriyatı, 1989, s. 54.
35 Kuçar'da Mançulara karşı birçok ayaklanma vuku bulmuştur. İlki 1864 tari hindedir. Başka bir kaynakta ise 28 Şubat 1866 yılında vuku bulan ayaklanma hakkında bilgi vermektedir. Bkz.: Talib Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 1 (Prov. 115). [Dönemin Doğu Türkistan tarihi açısından oldukça önem arz eden mezkûr el yazması eser, İsveç Lund Üniversitesi Kütüphanesi'nin "The Jarring Collection" bölümünde Jarring Prov. 115, 116 ve 117 numaraları ile kayıtlı bu lunmaktadır. Mezkûr eserin müellifi Molla Nimet Mingbegi oğlu Talib Ahun olup eseri 1899 yılında (Hicri 1317 Cemazeyilahir 1) tamamlamıştır. Hotanlı olan yazar,

Atalık Gazi ve nesebînin unutulmaması için eseri kaleme aldığın dan bahsetmiş fakat esere isim vermemiş veya daha sonra kaybolmuştur (Bkz.: Jarring Prov. 117, s. 129.). Çalışmamızda yazarın muradından yola çıkarak ese re "Atalık Gazi Yakup Beg" ismi verilerek kullanılmıştır]. Fakat 1866 yılında Kuçar'da Mançu askerleri yoktu ve yıl olarak diğer kaynak eserler tarafından da doğrulanmamaktadır.

Kuropatkin'in verdiği bilgilere göre, Raşiddin Han Hoca 1862 yılında Mançu lara karşı cihat ilan etmiştir. Wusiman, a.g.t., s. 154. Fakat verdiği tarih doğru değildir.

36 Hacı Yusuf, Cami'üt Tevarih, Kaşgar, 1908 (Hicri 27 Muharrem 1326), s. 349 b, 348 a. (El yazması eser. Institut Narodov Azii Akademii Nauk, Russia. D124)

Mezkûr el yazması eserin sayfa numaraları ile ilgili üç çeşit numaralandırma mevcuttur. Biri sayfanın sol üst köşesinde sayfa 2'den başlayıp bir sayfa atlaya rak kendi sırasını takip ederken, diğeri ise sayfanın üst ortasında sayfa 1'den başlayıp sayfa atlamadan kendi sırasını takip etmiş, ancak belli bir sayfadan sonra devam etmemiştir. Bir diğeri ise sayfanın üst ortasında sayfa 352'den başlayıp bir sayfa atlayarak kendi sırasını geriye doğru takıp etmiştir. Çalışma mızda ise mezkûr sayfa numarası tercih edilmiş, sayfa numarasının bulunduğu sayfaya a, numaralandıra-

ma yapılmamış (atladığı) sayfaya ise kendinden önceki sayfa numarasının b sayfası olarak verilmiştir.

Müellifin kendisinin verdiği bilgilere göre Cami'üt Tevarih toplam dört nüsha yazılmıştır. Biri Şami Damolla'ya, diğeri Hotan'lı bir zengine verilirken; iki tanesi ise Andican'a ve Piskent'e gönderilmiştir. Bkz.: Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 2 b.

37 Birçok kaynak eserde "Kuçarlılar, Andicanlılar, Kaşgarlılar" gibi ifadeler karşı mıza çıkmaktadır. Mezkûr ifadeler dönemin Doğu Türkistan'ında sıkça kulla nılmış hatta az da olsa günümüze kadar devam etmiştir.

38 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 348 a / b.

39 Wei Guang-tao (魏光焘), Kan-ding Xin-jiang Ji (勘定新疆记), C:I, Tai-bei, Wen-hai Chuban-she, 1976, s. 20.

Ch'en, a.g.e., s. 43.

Adı geçen unvanlar hakkında Bkz.: Ablet, Veli, Davut, Çince-Uygurca Tarihi Terimler Karşılaştırmaları, Urumçi, Xin-jiang Üniversitesi Neşriyatı, 2003, s. 87.

40 Detaylı bilgi için Bkz.: Dai yi (戴逸), Zhong-guo Jin-dai Shi-gao (中国近代史 稿), C:II, Bei-jing, Zhong-guo Renmin Da-xue Chuban-she, 2008, s. 445-512.

41 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 183-184.

42 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 348 b.

43 A.e., s. 347 a.

44 Nakş-i bendiyye tarikatı şubelerinden biri, kurucusu Şemsüddin Ahmed-ül-Ka sani'dir.

45 Raşiddin Hoca beş kardeşin en büyüğü olup, kardeşleri ise İshak Hoca, Cemal din Hoca, Fethettin Hoca ve Celalettin Hoca idi. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 80 b, 81 a (Prov. 115).

46 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 349 a.

47 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 184. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 347 a / b. Muham mmed Ömer, Badevletname, 1890 (Hicri 15 Muharrem 1308), s. 16 a (El yaz ması eser. Institut Narodov Azii Akademii Nauk, Russia. C587).

Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 81 a / b (Prov. 115).

48 Chen'in verdiği bilgilere göre, Ping-rui'un Urumçi'den Kuçar'a gönderdiği as kerî kuvvet Su-başı'na gelince tamamen yok edilmiştir. Bunun üzerine Urum çi'de de başkaldırılar vuku bulmuştur. Ch'en, a.g.e., s. 43-44.

49 Liu zhi-xiao (刘志霄), Weiwuer-zu Li-shi (维吾尔族历史), C:II, Bei-jing, Zhong-guo She-hui Ke-xue Chuban-she, 1996, s. 73.

50 Badevletname'de verilen bilgilere göre, Kuçar ordusundaki asker sayısı on iki günde üç yüz bini bulmuştur, ancak bu rakam başka herhangi bir kaynak tara fından doğrulanmamıştır. Ömer, Badevletname, s. 16 a.

51 Birkaç kaynakta anlatılanlara göre, birçok bölgede bo-

zahaneler yıkılarak yerle rine mescit, medrese veya tek-
keler inşa edilmiştir.

52 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 347 b, 346 a / b. Ömer, Ba-
devletname, s. 16 b.

53 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 186.

54 A.e., s. 187.

55 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 346 b.

56 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 191-192.

57 A.e., s. 193 -194.

58 A.e., s. 196.

59 Cami'üt Tevarih'te asker sayısı iki bin beş yüz olarak verilmiştir. Yusuf, Ca mi'üt Tevarih, s. 346 b.
Bir başka kaynak eserde ise askerlerin sayıları beş bin olarak verilmiştir. Xin-ji ang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao (新疆宗教研究资料), No:6, Çev. Luo Wan-ying (罗万瀛), Urumçi, Xin-jiang She-hui Kexue-yuan Zong-jiao Yanjiu-suo,1981, s. 2. (Mezkûr el yazması eserin yazar adı, eser ismi ve yazıldığı tarih vesaire bil gileri bulunmamaktadır. El yazması eser Çağatay Türkçesinden Çağdaş Uygur Türkçesi'ne Cüneyt tarafından aktarılmış olup, Luo Wan-ying Çağdaş Uygur Türkçesi'nden Çinceye tercüme etmiştir.)

60 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 345 a.

61 A.e., s. 345 a / b, 344 a / b.

62 A.e., s. 344 b, 343 a.

63 A.e., s. 343 b.

64 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 198-200. Liu, a.g.e., C:II, s. 76.

65 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 345 b.

66 A.e., s. 342 a / b.

67 A.e., s. 342 b, 341 a / b.

68 A.e., s. 341 b, 340 a / b.

69 A.e., s. 340 b, 339 a. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 200-201. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 2.

70 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 339 a / b.

71 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 201- 202. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 337 b.

72 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 203.

73 A.e., s. 203-204.

74 A.e., s. 204.

75 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 298 a / b.

76 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 211.

77 Cihangir Hoca'nın Kaşgar'daki hâkimiyet dokuz ay on yedi gün sürmüştür. O dönemde Mukarrep Beg hakkında bilgi için Bkz.: Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 306 b, 305 a.

78 Azim Beg, Çong Muhammed, Kurban Çong, Taş Çong vesaire Artuş'un büyük Ieri Sultan Satuk Buğra Han'ın türbesinde bir araya geldiler. Artuş ahalisinden 400-500 kişi

toplandı. Sıddık Beg, Kaşgar Kök-arık'a gelmişti. Kaşgar Yeni-şe hir, Yeni-hisar ve Maral-başı hâlâ Mançuların ellerinde idi. Artuş ahalisi henüz çevresindeki güçlere karşı savaşabilecek konumda değillerdi. Azim Beg yüz atlı asker ile beraber Sıddık Beg'e gelerek, Tahir Beg'in serbest bırakılmasını istedi, zira Sıddık Beg'e hiç güvenmiyordu. Sıddık Beg, Azim Beg'in beş on gün daha sabırla beklemesini isterken, Mançulara karşı beraber savaşmayı da dile getirdi. Azim Beg adamları ile beraber dışarı çıktıklarında Kırgız askerleri onları yaka lamak isteseler de kaçmayı başardılar. Tahir Beg ise Kırgızlar tarafından balta ile parçalanarak öldürüldü. A.e., s. 303 a / b, 302 a / b, 301 a / b, 299 a.

79 A.e., s. 292 a / b, 291 a / b.

80 A.e., s. 291 b, 290 a.

81 A.e., s. 290 a / b.

82 A.e., s. 290 b.

83 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 212-213. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 289 a.

84 Atalık Gazi Yakup Beg adlı eserde verilen bilgilere göre, Raşiddin Hoca beş kardeşin en büyüğü olup, kardeşleri ise İshak Hoca, Cemaldin Hoca, Fethettin Hoca ve Celalettin Hoca idi. Ancak, ağabeyi Nezirdin Hoca'nın adı geçmemek tedir. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 80 b,

81 a (Prov. 115).

85 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 214. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 337 a / b.

86 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 336-337. Liu, a.g.e., C:II, s. 79.

87 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 215.

88 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 3-5.

89 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 216.

90 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 218-219.

91 A.e., s. 221-222.

92 A.e., s. 223.

93 Detaylı bilgi için Bkz.: Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 17-30 a / b (Prov. 115).

94 Giysinin üzerine giyilen, kollu, önü açık, düz yakalı, etekleri diz kapaklarının aşağısına değin uzanan bir çeşit üst giysisi; üstlük.

95 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 30 a / b, 31 a, 32 b (Prov. 115).

96 Kaşgar'a doğru yola çıkan Kuçar ordusundaki askerlerin sayıları ile ilgili Badev letname'de verilen rakamlar Tarihi Hamidi'de verilenlerden farklıdır. Badev letname'ye göre Cemaldin Hoca yirmi bin Kuçarlı, yirmi bin Yarkentli, Tun ganlardan ise on bin asker, toplam elli bin asker ile Kaşgar'a doğru yola çıktı. Ömer, Badevletname, s. 23 a.

Cami'üt Tevarih'te verilen bilgilere göre ise Yarkent'ten üç bin Tungan askeri iki yüz adet top ile beraber Cemaldin Hoca komutasındaki Kuçar ordusuna ka tıldı, toplam asker sayısı ise elli altı bin idi. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 252 a.
Bir başka kaynak eserde anlatılanlara göre de Cemaldin Hoca Kuçar'a Han Ho ca'ya bir mektup gönderdi. Tunganlar, Badahşanlılar ve Keşmirlilerden otuz beş bin, Yarkent ahalisinden ise on beş bin, toplam elli bin asker ile beraber derhâl Moğal yolu ile Kaşgar'a doğru yola çıkmalarını emretti. Andicanlıların tamamı nın yakalanıp Kuçar'a getirilmeleri istendi ki, bunlar sürgüne gönderileceklerdi. Beş bin deve yükü un, pirinç, mısır, altı bin eşek yükü yem, yonca, askerî mü himmat vesaire hazırlandı. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 32 b, 33 a (Prov. 115).
Yine bir başka kaynak eserde, Kuçar ordusundaki toplam asker sayısı ile ilgili herhangi bir bilgiye rastlanmamaktadır. Ancak yenilgiye maruz kalarak kaçan Kuçar askerlerinin sayısı bine yakın iken, Yakup Beg'in bin beş yüz süvari ve beş yüz piyade askerinden sadece üç yüz piyade askeri öldürülmüştür. Bu ise yu karıda verilen rakamlardan hayli farklılık arz etmektedir. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 6.
97 Cami'üt Tevarih'te zincir ve prangaların yüklendiği ara-

ba sayısını on iki olarak vermiştir. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 252 b.

Bir başka kaynak esere göre, Han Hoca Yarkent'e yüz deve yükü zincir gönder miştir. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 33 a (Prov. 115).

98 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 224.

99 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 33 b (Prov. 115).

100 Muhammed Elem'in anlattıklarına göre, Ekrem Han Töre dokuz yüz kişi ile Hi sar'dan yola çıkıp Ali (Tibet'in kuzeybatısında bulunan bölge) yolu ile Kaşgar'a gelerek Yakup Beg'in ordusuna katılmıştır. Elem, a.g.e., s. 22.

101 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 226.

102 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 34 a / b (Prov. 115).

103 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 226-228.

104 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 34 b-35 a / b (Prov. 115).

105 Aynı eser s. 33 a'da Kuçar ordusundaki asker sayısı elli bin olarak verilmiştir.

106 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 35 b, 36-38 a / b (Prov. 115).

107 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 226.

108 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 39 a / b (Prov. 115).

109 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 226-228. Ömer, Badevlet-name, s. 23 a / b, 24 a / b. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 249

a / b, 248 a / b, 247 a / b. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 6.

110 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 345.

111 A.e., s. 229. Ömer, Badevletname, s. 25 a.

112 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 247 b, 246 a / b.

113 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 39 b (Prov. 115).

114 Badevletname'de, Emirleşker İshak Hoca'nın otuz bin kişilik ordu ile Korla'yı ele geçirdiğine dair bilgi verilmiştir. Ömer, Badevletname, s. 17 a.

Bir başka kaynak eserde verilen bilgilere göre, Kuçar ahalisi Mançulara karşı savaştılar, on gün içinde Kuçar'daki Mançuları tamamen yok etmeyi başardı lar; elde edilen savaş ganimetleri ise askerlere dağıtıldı. Hemen ardından İshak Hoca komutasındaki on iki bin asker Kara-şehir'e doğru gönderildi. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 1.

115 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 255-256.

116 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 1.

117 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 256-257.

118 Mançu ordusu savaşa çıkarken askerlerin savaş ruhu ve heyecanını arttırmak için çok sayıda bayrak ve tuğ kullanırlardı. Ch'en, a.g.e., s. 29.

119 Kuçar ordusundaki askerlerin sayıları ile ilgili diğer kaynaklardaki rakamlar mukayeseli bir şekilde dikkate alınmalıdır.

120 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 257-259.

121 A.e., s. 259-261.

122 A.e., s. 261.

123 Badevletname'de ise Mançu askerlerinin sayılarının 20000 olduğuna dair bilgi verilmiştir. Ömer, Badevletname, s. 17 a.

124 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 264. Ömer, Badevletname, s. 17 a / b.

125 Burada dikkat edilmesi gereken husus Sayrami'ye göre Mançu askerlerinin Ay gır-bulak'a geldikleri haberini alan İshak Hoca, hazırlıklarını bir an önce ta mamlayarak Turfan'a doğru yol çıkmıştır. Ancak, Aygır-bulak'a geldiklerinde ise Mançu askerleri ile karşılaştıklarına dair herhangi bir bilgi yoktur. Mezkûr Mançu askerleri Turfan'dan mı geldiler veya başka bir yerden mi gönderildiler, diğer kaynak eserler de dâhil bir malumat yoktur.

126 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 271-274. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 1.

127 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 336 b.

128 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 275-276.

129 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 280-281.

130 Çince kaynaklarda Tuo De-lin (妥得璘) veya Tuo-ming (妥明) olarak adı geç mektedir.

131 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 277-278.

132 A.e., s. 278-279.

133 A.e., s. 283.

134 A.e., s. 285-287.

135 A.e., s. 285, 293.

136 Hacı Yusuf, Cami'üt Tevarih adlı eserinde İshak Hoca'nın Turfan'dan Kumul'a doğru yola çıktığı tarihi 21 Zilkade olarak verirken, asker sayısını ise Tungan as kerler de dâhil toplam otuz bin olarak kaydetmektedir. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 333 b.

137 A.e., s. 333 b, 332 a.

138 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 288-292.

139 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 331 a / b, 330 a / b.

140 A.e., s. 329 a / b, 328 a / b, 327 a / b.

141 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 295.

142 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 326 a.

143 Hacı Yusuf, Cami'üt Tevarih'te altı bin Tungan askeri dâhil toplam on sekiz bin asker olduğunu belirtilmiştir. A.e., s. 326 a.

144 A.e., s. 326 b.

145 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 295-296. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 325 a.

146 A.e., s. 325 b, 324 a / b, 323 a.

147 A.e., s. 323 b, 322 a / b.

148 A.e., s. 321 a.

149 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 296-298.

150 Cenkname'de İshak Hoca'nın ismi İsa Hoca olarak verilmiştir. Ayrıca Yarkent'e getirdiği askerlerin sayısı s. 20'de on sekiz bin olarak ifade edilirken, s. 21'de ise üç bin veya altı bin diye bahsedilmiştir. Hekim Han Töre, Cenkname, 1888, (Institut Narodov Azii Akademii Nauk, Russia. B292) s. 20-21 (Dönemin Doğu Türkistan tarihi açısından oldukça önem arz eden mezkûr el yazması eser, mü ellifin emriyle şair Muhammed Kari Ömer tarafından kaleme alınmıştır. Eserde müellifinin adı doğrudan verilmemiştir. Ancak eserde verilen bilgilerden yola çıkarak, müellifin adının Hekim Han Töre olduğu tespit edilmiştir. Bkz.: s. 16- 18, 20, 79-82. Eserde sayfa numaraları belirtilmemiş olup, tarafımızca ilave edil miştir. Eserin ismi ise metin içinde verilmiştir. Bkz.: s. 81. Sayrami'nin verdiği bilgiler de yazarın tespiti konusunu destekler niteliktedir. Bkz.: Sayrmai, Tarihi Hamidi, s. 353-354.) Badevletname'de de İsa Hoca olarak verilmiştir, Ömer, Badevletname, s. 17 a.

Bir başka kaynak eserde İshak Hoca'nın askerlerinin sayısı ise yirmi bin olarak verilmiştir. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 45 a, 46 b (Prov. 115).

151 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 299-301. Töre, Cenkname, s. 20-21.

152 Badevletname'de verilen bilgilere göre toplam asker sayısı yirmi binden fazla idi. Ömer, Badevletname, s. 35 a. Bir başka kaynak esere göre Yakup Beg, İshak Ho ca'ya karşı savaşmak için otuz bin askerin eşliğinde Yarkent'e doğru yola çıkmıştır. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 45 b, 46 a (Prov. 115). Cami'üt Tevarih'e göre askerlerin sayısı on bine yakın idi. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 216 a.

153 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 353-354. Ömer, Badevletname, s. 36 a. Yusuf, Ca mi'üt Tevarih, s. 217 a / b.

154 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 55 b, 56 a / b, 57 a (Prov. 115).

155 Cenkname'de verilen bilgilere göre Elem Ahun, Yakup Beg henüz Yarkent'e gel meden önce Tunganlar tarafından öldürülmüştür. Töre, Cenkname, s. 20.

156 Ömer, Badevletname, s. 36 a. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 57 b (Prov. 115).

157 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 356. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 57 b, 58 a (Prov. 115).

158 Elem'in anlattıklarına göre; Niyaz Hâkim Beg, Tunganları yanlış yönlendire rek, Yakup Beg'in büyük bir başarı elde etmesinde çok önemli rol oynamıştır. Tunganlar iki bin dört yüz asker ve toplarla beraber Yakup Beg'e karşı gece sal dırısına bulunacaklardı. Önceden haberi olan

Yakup Beg, askerleri ile beraber gelerek Tunganları kuşattılar, kaçabilen dört yüz Tungan askeri hariç hepsi öl dürüldü. Elem, a.g.e., s. 22 b, 23 a.

159 Burada dikkat edilmesi gereken önemli bir nokta, aynı eserin farklı bir sayfasın da savaşa katılacak olan Tunganların sayısını yedi bin olarak vermiştir. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 356.

160 Cami'üt Tevarih'te verilen bilgilere göre Niyaz Hâkim Beg, Yakup Beg'e gön derdiği mektupta üç bin Tungan ve dört bin Kuçar askeri toplam yedi bin kişi nin gece saldırısında bulunacaklarından bahsetmiştir. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 211 a / b.

161 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 302-303, 357. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 267 a, 210 a / b, 209 a / b. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 58-59 a / b (Prov. 115).

162 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 206 a.

163 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 303-304, 358-359.
Töre, Cenkname, s. 20-22. Ömer, Badevletname, s. 36 a / b. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 59 b, 60 a (Prov. 115).

164 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 134 a.

165 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 305-306.

166 A.e., s. 306-307.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## خوتەن ھاكىمىيىتى

### خوتەننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ تەختكە چىقىشى

كۇچا قوزغىلىڭى مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇنجى ئىشغالىنىڭ يىقىلىش مۇقەددىمىسى بولدى. كۇچا ھېسابتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ كىرىش ئىشىكى ئىدى؛ بېيجىڭدىن كەلگەن مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كۇچانى ئالماي تۇرۇپ شەرقىي تۈركىستاننى قولغا چۈشۈرۈشى ئىمكانسىز ئىدى. كۇچا ھاكىمىيىتى ۋە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا رايونلىرىدا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭلارغا ئىلھام مەنبەسى بولدى، نەتىجىدە شەھەر دۆلەتلىرى (شەھەرنى ئاساس قىلغان ھاكىمىيەت) مەيدانغا كەلدى[1]. ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى، يەركەن ۋە باشقا شەھەرلەر راشىدىنخان خوجىنىڭ قولىغا ئۆتتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي رايونىدا مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭلار ئەۋج ئالدى. ئىلىدا ئەلەم موللا شەۋكەت ئاخۇن يېتەكچىلىكىدە ئىلى

سۇلتانلىقى قۇرۇلدى. يەركەن ۋە قەشقەردىن كېيىن خوتەن خەلقمۇ ھاجى پادىشاھ ۋە ئوغلى سۇدۇر خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە قوزغالدى ۋە مانجۇلارنىڭ خوتەندىكى ھاكىمىيىتى ئاياغلاشتى[2].

مانجۇلارنىڭ تۇنجى ئىستېلاسى جەريانىدا خوتەندىكى ئەھۋال شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدىن ھېچقانچە پەرقلىق ئەمەس، ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بېلى پۈكۈلگەن خەلق نەپەسمۇ ئالالمىغۇدەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇن تەڭگىگە موھتاج قالدۇرۇلغان ئاھالە، مانجۇ ئەمەلدارلىرىدىن ئالغان ئۆسۈملۈك قەرزلىرىنى تۆلىيەلمىدى ۋە يەر، سۇ، مال ـ ۋاران ۋە باشقا ھەممە نەرسىلىرى تارتىۋېلىندى. بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەھىمىلىك ئەھۋاللار ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن؛ مانجۇلار تەرىپىدىن خوتەننىڭ ئوخشىمىغان رايونلىرىغا تەيىنلەنگەن بەگلەر، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەڭ ئاز بولغاندا 50 — 100 كىشىنى جىنايەتچى ھېسابلاپ مانجۇ ئەمەلدارلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ پۇت قوللىرىنى باغلاپ كېچىلىرى دەرياغا ئاتاتتى. ھەتتاكى بەزىلىرىنىڭ پۇتلىرىنىڭ پەي ـ سىڭىرلىرى كېسىلىپ شۇ ھالىتىدە تاشلاپ قويۇلاتتى ـ دە، بىر قانچە كۈنگىچە قانسىراپ ئۆلۈپ كېتەتتى.

خوتەن ئاھالىسى زۇلۇم دەستىدىن كوچىلاردا يۈرەلمەس ھالغا كېلىپ قالغانىدى. سودىگەرلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ بەتتەر بولۇپ، بىر تۆگىگە ئارتىلغان مالغا 40 تەڭگە، بىر ئات مالغا 20 تەڭگە، بىر ئېشەك مالغا بولسا 15 تەڭگە باج تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. ھەرقاندا بىر كىشى سېتىۋالىدىغان بىر ئات ئۈچۈن 20 تەڭگە، ئېشەك ۋە كالا ئۈچۈن ئايرىم ـ ئايرىم 15 تەڭگە، بىر قوي ئۈچۈن ئىككى تەڭگە، بىر پارچە ماتا ئۈچۈن بىر تەڭگە باج تۆلەشكە مەجبۇرلىناتتى. ھېچكىمنىڭ ئەرزى خوتەن ئامبىلىغا يېتىپ بارمايتتى[3].

خوتەندە خۇي دالاۋىيى ئىسملىك بىر مانجۇ ئەمەلدار بولۇپ، ئۇنىڭ خالىق ئىسملىك بىر پەيتۇنچىسى بار ئىدى، ئۇمۇ مانجۇلارغا ئوخشاش ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇۋالاتتى. بىر كۈنى مەيخانىدا يەتتە كىشى ئۇنىڭغا: «ئۇزۇن چىچىڭنى كەستۈر، بولمىسا بىر كۈن كېلىدۇ، سېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مانجۇلىرىڭنىڭ كۆرگىلىكىنى كۆرسىتىمىز» دېدى. خالىق ئۇدۇل بېرىپ بولغان ئىشلارنى مانجۇ ئەمەلدارغا ئېيتتى. مانجۇلار دەرھال ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ، باشلىرىغا قويۇلغان مىس تاۋاقلاردا ئوت يېقىپ شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ھەممىسىنى قىيناپ ئۆلتۈردى.

خەلق قورقۇنچتىن دەھشەتكە چۈشتى، بۇنداق داۋاملىشىۋەرسە پۈتۈن خەلقنىڭ مانجۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كېچە دېمەستىن دەرھال ئاتچۇي بازىرىدا تۇرۇۋاتقان ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ[4] يېنىغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ دەردىنى ئېيتىشتى. ھەبىبۇللاھ ھاجى ئىلگىرى مۇپتى بولۇپ، ئاتىلىرى بۇرۇندىنلا مۇشۇ دىياردا شەرىئەتكە خىزمەت قىلىپ كەلگەن بىر ئائىلىدىن ئىدى. ئۇ پەرز ئەمەللەرگە رىئايەتلىك، پەتىۋالارنى جايىدا ئورۇندايدىغان، ئالىم، دىندار ۋە قابىلىيەتلىك، تاھارەتسىز يەر دەسسىمەيدىغان، تەھەججۇد نامىزىنى تەرك قىلماي، كېچە يېرىمدىن باشلاپ كۆزى ئۇيقۇ كۆرمەيدىغان تەقۋادار كىشى ئىدى.

ھەبىبۇللاھ ھاجى ئاتىلىرىدىن مىراس قالغان بىر پارچە يەرگە ئۆزى تېرىپ، ئىشلەپ، ئۆزى يىغىپ، بىر لوقما بولسىمۇ قان تەرى بەدىلىگە ھالالدىن تېپىپ، تۇپراقتىن ئالغان ئازغىنە مەھسۇلات بىلەن ئېھتىياجلىرىنى قامداپ كۈن كەچۈرەتتى. ئەگەر بىرەر ئەمەلدار، بەگ، موللا ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغۇدەك بولسا، ئۇ يەردە ئىكرام قىلىنغان يېمەكلەرنى يېمەي، ئۆزى

ئېلىپ بارغان نەرسىلەردىن يەيتتى. ئەمما، ئۆز قان تەرى بىلەن لوقما تېپىپ يېگەن، ئۆشرە ـ زاكاتلىرىنى شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئادا قىلىپ كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇلارنىڭ سۇنغان تاماقلىرىنى قورقماي يەيتتى[5].

بىر زامانلاردا ئۇ مەلۇم ئىش ئۈچۈن ئاقسۇغا بارغانىدى، ئۇ يەردىمۇبەگ ـ موللىلارنىڭ چاقىرغان مېھماندارچىلىقىدا ئۆزى ئېلىپ بارغان نەرسىلەرنى يەپ يۈردى. بىر كۈنى تەرىقەت پىشىۋالىرىدىن ھادى خەلىپەم ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ھەبىبۇللا ھاجى داستىخانغا قويغان يېمەكلىكلەردىن ھېچقايسىسىغا قول ئۇزاتمىدى ۋە ئۆزى ئېلىپ بارغان نەرسىلەردىن يېدى. بۇنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر قاتتىق ھەيرانلىقتا چۆمدى. «ھادى خەلىپەم دىندار ۋە تەقۋادار بىر زاتتۇر، سىزگە سۇنغان تاماقلارنى نېمىشقا يېمىدىڭىز» دەپ سورىغانلىرىدا: «ھادى خەلىپەم دىندار زات بولغان بىلەن ئۆزى ئىشلەپ، قان تەرى بىلەن تاپمايدۇ، پەقەت ئۆشرە ـ زاكات بىلەن تۇرمۇشىنى كەچۈرۈۋاتىدۇ» دەپ شىرەدىكى تاماقلارنى يېيىشنى ئۇيغۇن كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەبىبۇللاھ ھاجى مۇپتىلىق ۋەزىپىسىنى تاشلاپ ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەردە يەتتە يىل تۇرۇپ مۇجاۋىر([6]يۇرتىدىن ئايرىلىپ مەككە ـ مەدىنىدە ئىبادەتتە بولغان كىشى) بولغاندىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەنىدى[7].

ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ ئابدۇراھمان خوجا، ئىبراھىم ھاجى ۋە مەسۇم خان خوجا ئىسىملىك ئۈچ ئوغلى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سەيفۇللاھ خوجا ئىسىملىك بىر قېرىندىشى بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئىنايەتۇللاھ خوجا ۋە ئىسمائىل خوجا ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بۇلار ۋە بۇلاردىن باشقىلار بولۇپ جەمئىي 27 كىشى بىر جەمەتتىكى شىجائەتلىك پالۋان كىشىلەر ئىدى[8].

مانجۇلار تەرپىدىن پۈت ـ قولى باغلىنىپ بىكاردىن ـ بىكار ئۆلتۈرۈلۈپ تۈگىگەندىن «ئۆلسەك شەھىد، قالساق غازى» دېگەن قارارغا كەلگەن خوتەن ئاھالىسى، زۇلۇم ۋە ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەر زامان ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى پەرياد بىلەن جاكارلاپ، ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ ئۆزلىرىگە باش بولۇشىنى ئۆتۈنۈپ يالۋۇرۇشتى. ئۇن كۈن مۆھلەت سورىغان ھەبىبۇللاھ ھاجى، تەھەججۇت ۋە ئىستىخارە نامازلىرىدىن كېيىن ئوغلى ئابدۇراھمان خوجىنى ئون كىشى بىلەن بىرگە قاراقاشقا ئەۋەتتى.

## خوتەندىكى مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلىششى

قاراقاشتىكى تاربوغۇز ـ لەڭگەر دېگەن يەردە مانجۇلارنىڭ بىر قاراۋۇلخانىسى بولۇپ، توختى خوجا ئابدالنىڭ قوماندانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالىدىن تەركىب تاپقان، ئۈستىگە مانجۇلارنىڭ ئەسكىرى فورمىسىنى كىيىپ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان 300 كىشى شۇ يەردە نۆۋەتتە تۇرۇۋاتاتتى. قاراقاشتا ھەبىبۇللاھ ھاجىغا باغلىق بولغان خېلى كۆپ ساندا مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئابدۇراھمان خوجىدىن شۇ مۇخلىسلار ئىچىدىكى ياخشى ئېتى بولغانلارنى تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇشۇ قاراۋۇلخانىنى قولغا چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. مانجۇلار ئارىسىدىكى يەرلىك ئاھالىنى ئۆلتۈرمەسلىكنى، ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشىنى بۇيرۇدى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن شۇ جايدىن ئۇدۇل خوتەنگە يولغا چىقىشنى ئېيتتى، خوتەن شەھىرىنى بولسا ھەبىبۇللاھ ھاجى ئۆزى ئالاتتى.

ئابدۇراھمان خوجا قاراساي ـ بۇلاققا كەلدى ۋە ئۇ يەردىن 150 كىشى ئۇلارغا قوشۇلدى، ئاندىن ۋاقتنى ئۆتكۈزمەيلا قۇم رابات پادىشاھىم تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئىدى، قۇم راباتقا كېلىپلا، قۇم دۆۋىسىگە چىقىپ گۈرجەكلەر بىلەن قۇمنى شامال يۆنىلىشىگە قارىتا سورۇشقا باشلىدى. قاراۋۇلخانىدىكى توختى خوجا ئابدال قوماندانلىقىدىكى 300 كىشى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇنچقا چۆمدى، ئۈستى ـ بېشىدىكى مانجۇ فورمىلىرىنى سېلىپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار ئابدۇراھمان خوجىنىڭ «تەۋبە قىلىڭلار» دېگەن چاقىرىقنى قوبۇل قىلدى، ئاندىن ئۇلار قورال ۋە تۇغلىرى بىلەن ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىلدى. مانجۇلارغا قارشى تۇنجى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ئابدۇراھمان خوجا، دادىسى ھەبىبۇللاھ ھاجىغا خوتەن شەھرىگە قاراپ يولغا چىقىش ھەققىدە مەكتۇپ يوللىدى (1863 ـ يىل 6 ـ سېنتەبىر).

بۇ يەردە دىققەت قىلىش كېرەك بولغان مۇھىم بىر ئىش، خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەم 1863 ـ يىلى دېگەن. ئەمما باشقا مەنبەلەردىكى مەزمۇنلار بۇ تارىخنى ئەستىقلىمايدۇ. «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق ئەسەردىكى بايانلارغا كۆرە، خوتەننىڭ بۇرۇنقى ھاكىملىرىدىن بىرى بولغان ئەلىشىر ھاكىمبەگنىڭ ئوغلى تېمۇر خەزىنىچى باينىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا كۇچا قوشۇنى جامدا مانجۇلارغا قارشى جەڭدە يېڭىلغانىدى. تېمۇر خەزىنىچى ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ توغرا بولغىنىنىڭ قېچىش ئىكەنلىكىنى قارار قىلغان، شۇڭا ئۇ ئاقسۇدا ئۈچ ـ تۆت كۈن مۆكۈپ ماناھلانغاندىن كېيىن خوتەنگە كەلدى ۋە خوتەن ئامبىلىغا كۇچادا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتى. خوتەن ئاھالىسى بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار

بولىدۇ ۋە مانجۇلارغا قارشى قوزغىلىشقا تەييارلىنىدۇ[10]. «بەدۆلەتنامە» ناملىق ئەسەردە بېرىلگەن مەلۇماتلارغا كۆرە، كۇچا قوزغىلىڭى خوتەن ئاھالىسىنىڭ مانجۇلارغا قارشى قوزغىلىشىنىڭ پىلتىسىنى تارتقان[11].

ليۇ زىشياۋغا كۆرە، خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى: تېمۇر ئەلىشىر ئىسىملىك كىشىنىڭ كۇچادىن خوتەنگە كېلىشى ئىدى. تېمۇر ئەلىشىر ئەسلى خوتەنلىك بولۇپ، مانجۇلار تەرىپىدىن بايغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن. كۇچا قوشۇنىنىڭ باي ۋە سايرامنى قولغا ئېلىشىغا ئۆزى شاھىد بولغان، كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ قارايۇلغۇندىكى مەغلۇبىيىتىدىنمۇ ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. تېمۇر ئەلىشىر بايدىن ئاقسۇغا بېرىپ، ئۇ يەردە نەچچە كۈن پاناھلانغاندىن كېيىن خوتەنگە قېچىپ كېلىۋالغان. ئۇ ئېلىپ كەلگەن خەۋەر خوتەن ئاھالىسىنىڭ مانجۇلارغا قارشى بىر كېچىدە قوزغىلىشىغا تۈرتكە بولغان. قوللىرىغا تاياق ـ توقماق ۋە باشقا دېھقانچىلىق قوراللىرىدىن نېمە بولسا شۇنى ئالغان خەلق يېڭىشەھەرگە قاراپ ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىشكە، نامايىش قىلىشقا باشلىغان. بۇ سەۋەبتىن مانجۇلار سىرتقىمۇ چىقالمىغان ۋە شەھەر قورشاۋغا ئېلىنغان. ھەبىبۇللاھ ھاجىنى ئۆزلىرىگە لىدىر قىلىپ تاللىغان خوتەن ئاھالىسى، 1864 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خوتەن قەلئەسىنى قولغا ئېلىشتا غەلىبە قىلغانىدى[12]. ئەمما ليۇ زىشياۋ يۇقىرىدىكى بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ھېچقانداق بىرەر مەنبە بەرمىگەن.

ھەبىبۇللاھ ھاجى 400 كىشى بىلەن بىللە گۇلباغقا كەلدى. ئىنايەتۇللاھ خوجىنىمۇ يېنىغا ئالغان، ئۇستىگە قىزىل تون كىيگەن، بېشىدا قىزىل سەللە، قولىدا ئۆزۈن بىر نەيزە بار ئىدى. ئۇلار مانجۇلارنىڭ بۇتخانىلىرىغا ئوت قويىدى،

بارلىق ئاھالە قولىلىرىغا تاياق ـ توقماق ۋە باشقا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ ھەبىبۇللاھ ھاجىغا ئەگەشتى. ئۇ بۇ ۋاقىتتا مەرغىلانلىق ئېبنى يەمىن ئاقساقال، شەرباتتار باھادىربېشى، ئابدۇلجېلىل باھادىر، موللا بابا غاپپار، موللا مۇھەممەد ئەمىن كور ۋە باشقا ئوتتۇز كىشى شەھەردىن چىقىپ كەلدى. ھەممىسى ئاتقا مىنگەن بولۇپ، ئۇستىگە قىزىل تون ئارتقان، بېشىدا قىزىل سەللە، قولىلىرىدا نەيزە ۋە يېشىل بايراق كۆتۈرگەن ھالەتتە ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغانغا قەدەر جېنىنى پىدا قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن بەدەخشانلىقلاردىن سەييىد ئولان ئاقساقال پادىشاھ خوجا، توختى مۇھەممەد بەدەخشي، مۇھەممەد رېھىم بەدەخشي، نىياز قۇلبەگ بەدەخشي، موللا دەۋلەت بەدەخشي، نىياز مۇھەممەد بەدەخشي، غۇلامجان ھەزرەت بەدەخشي، ئابدۇللاھ دىۋان بەدەخشي ۋە باشقا يىگىرمە باھادىر ئارغىماق ئاتلارغا مىنگەن، ئۇستىگە يېشىل تون، باشلىرىغا كۆك سەللە كىيگەن، قولىلىرىدا قىزىل تۇغلارنى كۆتۈرگەن ھالىتىدە ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئاللاھ يولىدا ھەر زامان ئۆلۈمگە ھازىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

كەينىدىن تالىپ جۇ ئاقساقال كەشمىرىي، جەئفەر ئەلى كەشمىرىي، ھەبىبۇللاھ كەشمىرىي، ئەلى شاھ كەشمىرىي، مۇھەممەد ئەلى كەشمىرىي، نۇرۇللاھ كەشمىرىي، شەرىف بالتىستانىي، ئەسەدۇللاھ كابۇلىي، بابا موللا كابۇلىي، ئارسلان خان كابۇلىي، گۇل مۇھەممەد خان كابۇلىي، زامان خان، ئاينىدىن خان كابۇلىي، مۇھەممەد ئەلى خان كابۇلىي، ئابدۇلئەزىز كابۇلىي، شەمسىدىن كابۇلىي ۋە باشقا 32 كىشى ئېسىل ئاتلارغا مىنىپ، قولىلىرىدا نەيزە، بېلىدە ئىران قىلىچى، ئۇستىگە قارا تون، باشلىرىغا ئاق ۋە كۆك سەللە كىيىپ

قىزىل ۋە ئاق تۇغلارنى كۆتۈرگەن ھالىتىدە كەلدى. «جېنىمىز پىدا بولسۇن» دېيىشىپ ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ تۆت ئەتراپىدا سەپ تۈزۈتتى[13].

خوتەننىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن كەلگەنلەر تارقالمىدى؛ تۆت تەرەپكە ئوت يېقىپ كېچىنى كۈز يۇمماي شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. ئەتىسى سەھەردە تۇغگانلاردىن سۇلايمان ئىمام، ما چۇيەن تۇغگانىي، ئىبراھىم تۇغگانىي، ئىسمائىل تۇغگانىي، مۇ فا تۇغگانىي ۋە باشقا قىرىق تۇغگان باشلىرىغا سېرىق سەللە تاڭغان ھالدا ئاق تۇغلار بىلەن ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ يېنىغا كەلدى[14] ۋە ئۇنىڭ ئەمرىگە ھازىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپ سەپكە تۇردى. بۇ ئەسنادا قاراقاش تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، بىر توپ ئىنسانلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقى بىلىندى. قوللىرىدا كۆتۈرۈۋالغان تۇغلىرىنى سانىغۇدەك دەرىجىدە يېقىنلاشقىنىدا ئۇلارنىڭ 02 تۇغ ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدىكى، بۇ كېلىۋاتقانلار 20 مىڭ كىشى دېمەكتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتقا، بەزىلىرى ئېشەككە يەنە بەزىلىرى ئۆكۈزلەرگە مىنگەن، پىچاقلىرىنى ياغاچلارنىڭ ئۇچىغا باغلاپ ئۆزلىرىگە قورال ياسىۋالغانىدى. ئابدۇراھمان خوجا ئاتقا مىنگەن ھالىتىدە ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدا كېلىۋاتاتتى[15].

ئەمدى مانجۇ شەھىرىنى (خوتەن شەھىرىنى) قولغا ئېلىشنىڭ پەيتى كەلگەنىدى. شەھەر سېپىللىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان خوتەن خەلقى تېزراق ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تاقەتسىزلىنىپ چوقان ـ سۈرەن سېلىشماقتا ئىدى. ھەبىبۇللاھ ھاجىدىن تېخىچە ھۇجۇم بۇيرۇقى كەلمىدى. خەلق قوشۇنىدا بەش دانە مىلتىق بىلەن ئاز مىقداردا ئوق ۋە پارتلاتقۇچ بار ئىدى. بىر ئۆينىڭ سېپىلغا قارىتىلغان تېمىدىن تۆشۈك ئېچىپ، تۆت كىشى سېپىل ئۈستىدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىنى نىشانغا ئېلىپ ئاتتى ۋە ھەممىسى دەل تەگكۈزدى. مۇھەممەد

رەھىم بەدەخشى سېپىلغا قاراپ ئات سالدى، مىلتىقى بىلەن مانجۇ ئەسكەرلىرىگە قاراپ ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ئوق ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ ئاتتىن يىقىلدى ۋە ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ كۈنى خوتەن خەلق ئەسكەرلىرىدىن 18 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ھەبىبۇللاھ ھاجى ۋە ئەسكەرلىرى تۆت تەرەپتىن قورشاۋغا ئالغان سېپىل ئەتراپىدا گۈلخان يېقىپ كېچىنى ئۆتكۈزدى[17].

ئەتىسى ئابدۇراھمان خوجا ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم بۇيرۇقى بەردى. تۇنجى نىشانى سېپىل دەرۋازىلىرىغا ئوت قويۇش بولدى. بۇلار 50 كىشى بولۇپ، ئىشەك ئېگىرى ئاستىدىكى ئۆچكە تېرىلىرىنى سۇغا چىلاپ ھۆل قىلغاندىن كېيىن باشلىرىغا قويۇۋالدى، قوللىرىدا قومۇشتىن ياسالغان بورا ۋە ئوتۇنلار، ئۇندىن باشقا يەنە سەرەڭگىمۇ ئېلىۋالغان، مۇشۇ ھالدا سېپىل ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. بۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سېپىل دەرۋازىسىغا ئوت ياقتى، بۇ ھۇجۇم ئەسناسىدا 16 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ۋاقىتتا مانجۇ ئەسكەرلىرى بۇغداي ئۇنى قاچىلانغان خالتىلارنى سېپىل تېمىدەك تىزىپ، خەلق قوشۇنىنىڭ كىرىشىنى توسۇۋالدى.

خوتەن ئەسكەرلىرى سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى كەتمەن بىلەن چېپىپ بىر غۇلاچ كەڭلىكتە ئارىلىق ئېچىۋالدى. شەرباتتار، ئابدۇجېلىل، رەھىم بابا ۋە ئابدۇلئەزىز كابۇلى قاتارلىق تۆت كىشى ئىچىگە كىردى ۋە ئاتلىرى بىلەن سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇلار خۇددى بۆرە قويغا ئېتىلغاندەك قىلىچلىرى بىلەن كۆپ ساندىكى مانجۇ ئەسكەرلىرىنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. ئەسىر نامىزىغا يېقىن تۆت باھادىر سېپىلدىن چۈشۈشكە خوتەن ئەسكەرلىرىمۇ چېكىندى ۋە شەھەرنى يەنە مۇھاسىرىگە ئالدى. 180 مانجۇ ئەسكىرىنىڭ

جەستى سىپپىلدىن تۆۋەنگە تاشلاندى؛ مانجۇلارغا ئېغىر زەربە بېرىلگەنىدى.

بۇ ۋاقىتتا 75 مانجۇ ئەسكىرى سىپپىلدىن چۈشۈپ ئابدۇراھمان خوجىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈردى. چاچلىرى كېسىلىپ بۇرۇتلىرى چۈشۈرۈلدى، سەللە ۋە تونلار بېرىلىپ ئۆي زىندانىغا مەھكۇم قىلدى. خوتەن ئەسكەرلىرى كېچىچە ئۇخلىماي كوچىلاردا نۆۋەت تۇتتى. مانجۇلار باشلىرىنى ئىككى ـ ئۈچ پارچە رەخت بىلەن ئوراپ، 10 ـ 15 كىشىلىك گۇرۇپپا ھالىتىدە كوچىلارغا چىقىپ يۈرۈشەتتى؛ كەلىمە تەۋھىدنى ئاۋازلىق ئوقۇپ يۈرۈشەتتى. كوچىلاردا يۈرگەنلىرىدە ئەگەر خوتەن ئەھلىدىن بىر كىشى ئۇچراپ قالسا ئۇنى ئارىغا ئېلىپ پىچاق بىلەن ئۆلتۈرەتتى، ئەگەر بەش ـ ئون كىشى ئۇچراپ قالسا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالاتتى[18].

ئابدۇراھمان خوجا ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بۇيرۇدى. شۇ كېچىسى 785 نەپەر مانجۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەتىسى مانجۇلار شەھەر سېپىللىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق يوللارنى تاقاپ ئۆتۈشكە يول قويمىدى. مانجۇ ئەسكەرلىرى ھۇجۇمغا تەييارلاندى. ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا كوناشەھەر تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرغا توپقا ئوت ياقتى، ئەمما توپ ئارقا تەرەپتىن پارتلاپ ئىككى مانجۇ ئەسكىرى ھاۋاغا ئۇچتى. ئىشلىرىنىڭ پەقەت ئوڭغا تارتمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خوتەن ئامبىلى، بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ ئەسكىرى لازىمەتلىكلەر ساقلانغان ئىسكىلاتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى. كېگىز ئۈستىگە بىر خالتا پارتلاتقۇچ دورا تۆكتى، ئارقىدىن غاڭزىسىدىكى ئوتنى پارتلاتقۇچ ئۈستىگە سەپتى ـ دە، ئىسكىلات ۋە باشقا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى بىردىنلا كۆيۈشكە باشلىدى؛ پۈتۈن شەھەر كۆيۈپ تۈگەشتى[19].

خوتەن ئەسكەرلىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئوتقا قارىماي غەنىيمەت پېشىگە چۈشتى. ۋەيران بولغان ئۆيلەرنىڭ تاملىرى ئاستىدا ۋە غەنىيمەت تالىشىپ ئۇرۇشۇپ ئۆلگەنلەرمۇ بولدى. مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، يەنە بىر قىسمى بولسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، جەمئىي 3750 نەپەر مانجۇ ئەسكىرىنىڭ جەستى سېپىللارنىڭ تۈۋىگە كۆمۈلدى. بۇلاردىن باشقا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولغان مانجۇلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەبىبۇللاھ ھاجى بىلەن ئابدۇراھمان خوجىنىڭ ئالدىغا بىردىن - بىردىن كەلتۈرۈلۈپ كەلىمە تەييىبە ۋە كەلىمە شاھادەت ئوقۇتۇلدى. ساتتار باشى ۋە لى فۇ يە ئىسىملىك ئىككى مانجۇ ئىمان ئېيتىشنى رەت قىلغانلىقتىن ھەبىبۇللاھ ھاجى ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈردى.

بۇ ھادىسىلەر يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، سانجۇ تەرەپتىن پىدائىي فەيزى ئەھمەد ئىشان قوماندانلىقىدا 300 ئاتلىق كىشى خوتەن شەھىرىگە كىردى. ئۇلارنىڭ مەقستى تەييارغا ھەييار بولۇپ خوتەندە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئىدى. خوتەن ئاھالىسى ھەبىبۇللاھ ھاجى ۋە ئابدۇراھمان خوجىغا جان - دىلى بىلەن باغلىق بولغانلىقتىن دەرھال قوللىرىغا نەيزە - قىلىچ ئالدى ۋە: «يۇرتىمىزنى تالان - تاراج قىلىنىشىغا قەتئىي رۇخسەت قىلمايمىز!» دەپ، ھەبىبۇللاھ ھاجىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىدى. ئىشانغا ئەلچى ئەۋەتىپ دەرھال شەھەرنى تەرك ئېتىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىسا ئۇرۇشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىشان 300 ئادىمى بىلەن بۇلارغا قارشى كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، شەھەرنىڭ ھېيتگاھ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، قاراقاش يولىنى بويلاپ شەھەرنى تەرك ئەتتى. خوتەندە مانجۇ ھاكىمىيىتى يىقىلىپ، بارلىق مانجۇ ئەسكەرلىرى تامامەن يوق قىلىندى. مانجۇلار تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن بەگ، ئامبال ۋە مەمۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم

قىلىندى[02].

هەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ خوتەن رايونىدا ھاكىمىيەت تەسىس قىلىشى

ھەبىبۇللاھ ھاجى بىر تەرەپتىن مانجۇلار ئوت قويۇپ ۋەيران قىلغان شەھەرنى قايتا قۇرۇش ئىشلىرىنى باشلىتىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن خوتەن ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئايدا ئالتە تەڭگە مائاش بىلەن 800 كىشىنى سەرۋاز قىلىپ ئەسكەرلىككە ئالدى. سەرۋازلارنى مەشقلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇھەممەدئەلى خان كابۇلىي مەشقاۋۇللۇققا تەيىنلەندى. ئەسكەرلەرگە ئاساسىي جەھەتتىن مىلتىق تەلىمى بېرىلدى، ئۈنىڭدىن باشقا مىڭ كىشىلىك ئاتلىق چەۋەندازلار قىسمى قۇرۇلدى. چەۋەندازلارنىڭ ئۈستىدە قىزىل كىيىم، باشلىرىدا قىزىل سەللە بولۇپ، ئۇلارغا «يىگىت» دېيىلەتتى. يىگىتلەر مىلتىق، نەيزە ۋە قىلىچلار بىلەن قوراللاندى؛ بۇلارغا ھەر ئايدا 10 تەڭگە مائاش بېكىتىلدى. شەربەتتار بىلەن ئىبنى يەمىن ئاقساقال چەۋەندازلار قىسمىغا پانسات بېشى قىلىپ تەيىنلەندى. يىگىتلەرگە ئات ئۈستىدە مىلتىق ئېتىش تەلىمى بېرىلدى. ھەر شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىلىپ ئىككى ئوغۇل پەرزەنتى بولغان ھەر ئائىلىدىن بىر بالىنىڭ ئەسكەر بولۇشى تەلەپ قىلىندى[21].

خوتەن شەھىرىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا

كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەبىبۇللاھ ھاجى يېڭىشەھەرگە ئەسكەرخانە نامىدا بۈيۈك بىر ئىمارەت ئىنشا قىلدۇردى. مانجۇلارنىڭ بۇتخانا - ئىبادەتخانىلىرى چېقىلىپ ئورنىغا مەسجىد - مەدرىسىلەر سېلىندى. ھەر 10 كىشىگە بىردىن ئۇستاز تەيىنلەپ، ئەڭ چەت كەنتلەرگىچە يەتتىدىن - يەتمىشكىچە ھەممە ئادەمگە دىنىي تەلىم بېرىلدى. بىر مىسقال (4.26 گرام) ئېغىرلىقىدا ئاق تەڭگە باستۇرۇلدى. تەڭگىنىڭ بىر تەرىپىدە «لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»، يەنە بىر يۈزىدە «دەربى خوتەن لەتىف» يەنى، گۈزەل خوتەندە باستۇرۇلدى، دېگەن خەت يەر ئالدى. ئوغرى ۋە قىمارۋازلار دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ھەقىقەتەن بىر كۈنى ئېتىزدىن كەتمەن ئوغۇرلىغان بىر كىشى تۇتۇۋېلىندى ۋە گۇناھىنى توندى، بۇنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئۇ توپقا باغلاپ پارتلىتىپ ئۆلتۈرۈلدى؛ بۇ ئەھۋالدىن خەلق دەھشەتكە چۆمدى. قوناق ئېتىزلىقىدىن ئالتە تال قوناق ئوغۇرلىغان ئوغرىمۇ دارغا ئېسىلدى. دېھقانلارنىڭ كەتمەن - گۈرجەك ۋە ئورغاق قاتارلىق سايمانلىرىنى ئۆيگە ئاپىرىشى چەكلەندى؛ ئۆي ۋە دۇكانلارنىڭ ئىشىكلىرىنى ئوچۇق قويۇش ئەمرى بېرىلدى[22].

## ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ قوقەنتكە ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىشى

مۇھەممەد ئەلەمنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆرە: خوتەن شەھىرى قولغا ئېلىنىپ بىر ئايدىن كېيىن، ھەبىبۇللاھ ھاجى ئوغلى ئىبراھىم ھاجىنى يىگىرمە كىشىنىڭ

ھەمراھلىقىدا (ئارىسىدا يېڭى مۇسۇلمان بولغان تۆت مانجۇ بار) يەتمىش دانە يامبۇ، سەككىز تۇياق نەسىللىك ئات ۋە كۆپ مىقداردا ئېسىل رەختلەر بىلەن باراۋەر ئەندىجانغا خۇدايار خانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ۋە خۇدايار خانغا بەيئەت قىلغانلىقلىرىنى بىلدۈردى، ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەرقانداق بىر ھۇجۇمغا قارىتا ئورتاق قارشى تۇرۇشلىرىنى تەلەپ قىلدى. قوقەنت خانى بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى ۋە ئىبراھىم خوجىغا سۇدۇر (سەدىر ئەزەم، قازى ئەسكەر) ئۇنۋانىنى بەردى، نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن بىللە ئات، مىلتىق ۋە قىلىچلارنى بەردى. ئۇ كۈنلەردە ياقۇپبەگ تاشكەنتكە باغلىق ئاق مەسجىدنىڭ ھاكىمى ئىدى، ئەمما بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەزەربەنتتە تۇتۇلۇۋاتاتتى. ئەمىر لەشكەر ئالىم قۇل دادخاھ، ھاجى پادىشاھ بىلەن ئابدۇراھمان خوجىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن ياقۇپبەگ ۋە 300 لەشكەرنى ئىبراھىم ھاجى (سۇدۇر خان ھاجى) بىلەن بىللە خوتەنگە ئەۋەتىلىشىنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقى ئېيتتى. بۇ تەكلىپ خۇدايارخاننىڭ دىتىغا ياقتى ۋە دەرھال مۇشۇ بويىچە قارار قىلدى. ياقۇپبەگ بىلەن 300 لەشكەرگە مول مىقداردا ھەدىيە ۋە ئىككى دانە بايراق بەردى. ياقۇپبەگ بىلەن ئىبراھىم ھاجى باراۋەر يولغا چىقتى، يىگىرمە كۈندىن كېيىن قەشقەرگە كەلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا قەشقەرگە بۇزرۇكخان بىلەن قىرغىز سىدىقبەگ ھاكىم ئىدى[23].

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش: مۇھەممەد ئەلەم ئۆز ئەسىرىدە قارى ھەمىدنىڭ مەخپى بىر مەكتۇپ ئەۋەتىپ ياقۇپبەگنى يەركەندىن خوتەنگە دەۋەت قىلغانلىقىغا دائىر مەلۇمات بەرگىنىدە[24]، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك خۇدايار خاننىڭ ياقۇپبەگنى ئىبراھىم ھاجى بىلەن باراۋەر ئەندىجاندىن خوتەنگە ئەۋەتىلگەنلىكى ھەققىدە توختالماقتا. ئەمما بۇ ئىككى ھادىسە بىر ـ بىرىگە زىت. ئۇنىڭدىن باشقا ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ خوتەندىن

قوقەنتكە بىر ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر «تارىخى ھەمىدىي» دە بايان قىلىنغانلار يۇقىرىدىكى بايانلاردىن پەرقلىق بولماقتا.

ھەبىبۇللاھ ھاجى كۇچادىكى راشىدىنخان خوجىغا بىر ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىشتىن ئاۋۋال قوقەنت خانىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش، بەلكى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ئوغلى ئابدۇراھمان خاننى بىر ھەيئەت بىلەن قوقەنتكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. قوقەنتتە ئابدۇراھمان خانغا سۇدۇر ئۇنۋانى بىلەن بىرگە ئات، قورال ـ ياراق، تىللا (ئالتۇن تەڭگە) ۋە باشقا مول مىقداردا ھەدىيەلەر بېرىلدى. نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچى ئەمىرلەشكەر، مىرزا بابابەگ ھىسار بولسا مىرابېشى قىلىپ تەيىنلىنىپ، 250 لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا سۇدۇرخان (ئابدۇراھمان خان) بىلەن بىللە خوتەنگە ئەۋەتىلدى. قەشقەرگە كەلگەنلىرىدە مۇھەممەد ياقۇپبەگ بىلەن ھامىدىن تۆرە يەركەندە ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ئۇلار يەركەندە ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشتى. مىرزا بابابەگ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەرلەردىن پەقەت ئىككىسىلا سۇدۇر خان بىلەن خوتەنگە ئەۋەتىلگىنىدە، نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچى قالغان بارلىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە يەركەندە ياقۇپبەگنىڭ يېنىدا قالدى[25].

«بەدەۋلەتنامە» ناملىق ئەسەردە كەلگەن مەزمۇنلار، ھاجى پادىشاھنىڭ قوقەنتكە بىر ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر باشقا مەنبەلەردە كەلگەن بايانلارنى تەستىقلىماقتا. ئەمما مۇھەممەد ئۆمەرگە كۆرە، ئەلچىلەر خۇدايار خان بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمىرلەشكەر موللا ئالىم قۇل بىلەن تاشكەنتتە كۆرۈشكەن. خوتەن پادىشاھى ھەبىبۇللاھ ھاجى مول مىقداردىكى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئوغلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەلچى ھەيئىتىنى قوقەنتكە ئەۋەتكەن. بۇ ۋاقىتتا ئەمىرلەشكەر موللا ئالىم قۇل رۇسلارغا جەڭ قىلىش ئۈچۈن تاشكەنتكە كەلگەن

ئىدى. ئۇ خوتەندىن كەلگەن ھەيئەتنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۈتۈۋالدى، نۇرمۇھەممەد قۇشبېگى قوماندانلىقىدا بىرنەچچە مىڭ ئەسكەرنى خوتەنگە ئەۋەتتى[26]. ئۇنىڭدىن باشقا، ياقۇپبەگنىڭ قىپچاق سىدىقبەگنىڭ قوقەنت خانىدىن قىلغان تەلىپىگە بىنائەن بۇزرۇك خان تۆرە بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەنلىكى ئوخشىمىغان مەنبەلەردىن ئىسپاتلانماقتا.

## يەركەندىن خوتەنگە تۇنجى ھۇجۇم

بۇ ۋاقىتلاردا پارسا ساھىبزادە، فەخرىددىن خوجا كۇچايى ۋە ھاجى مىراپ كۇچايى قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا 500 ئاتلىق ئەسكەر يەركەندىن زاڭگۇيغا كەلگەنىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇراھمان خوجا، نىيمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن دەرھال جالالىدىن خوجىنى ئىككى كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇلارنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. كېلىشتىكى مەقسەت ـ غايىسى سورالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى بىلەن بىللە كەلگەن بۇ كىشىلەرنىڭ زامانىدا ئېغىر باج ـ سېلىق دەستىدىن مانجۇلاردىن قېچىپ ئاقسۇ ۋە كۇچاغا كەلگەن خوتەن ئاھالىسى ئىكەنلىكى، يۇرتىغا قايتىپ ئۆز تۇپراقلىرىغا قايتا ئىگە بولغۇسى بارلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادالەتنىڭ ئۆز ئورنىنى تېپىشى ئۈچۈن بىللە كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتتى، شۇنداقلا يەنە ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ خوتەن شەھىرىنى، ھېچ بولمىسا قاراقاشنى ئۆزلىرىگە بېرىشى كېرەكلىكى، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇرۇش قىلىپ ئالىدىغانلىقىدەك تەھدىتلىك سۆزلەرنى قىلدى.

ئابدۇراھمان خوجا بۇنى قوبۇل قىلمىدى ۋە دەرھال 500 باھادىر، 500 چەۋەنداز ۋە ئىككى مىڭ پىيادە ئەسكەرنىڭ تەييارلىنىشىغا بۇيرۇق بەردى. ئىبنى يەمىن ئاقساقال، شەربەتتار، پادىشاھ خوجا ئاقساقال ۋە تالىپ جۇ ئاقساقال قاتارلىقلارنى يېنىغا ئالغان ئابدۇراھمان خوجا، 500 باھادىر يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا قاراقاشقا قاراپ يولغا چىقتى، ئارقىدىنلا 500 چەۋەنداز ۋە ئىككى مىڭ پىيادە ئەسكەر ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى.

قاراقاشنىڭ يېڭىشەھەر مەيدانىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى سەپ تۈزۈپ ئۇرۇش ھالىتىگە كىردى. بۇ ۋاقىتتا پارسا ساھىبزادىنىڭ يۈز ئەسكىرى ئات چاپتۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۇنىڭغا قارشى شەربەتتار، ئىبنى يەمىن ئاقساقال ۋە ئابدۇجېلىل قوماندانلىقىدىكى نەيزە - قىلىچلار بىلەن قوراللانغان ئىككى يۈز ئاتلىق ئەسكەر ئۇلارغا قاراپ ئات سالدى. جەڭ ناھايىتى جىددى داۋاملاشتى. ئابدۇراھمان خوجىنى كۆرگەن قاراقاش ئاھالىسى قوللىرىغا كالتەك - توقماقلارنى ئېلىپ، پارسا ساھىبزادە ۋە ئەسكەرلىرىنى قورشىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پارسا ساھىبزادە گاڭگىراپ قالدى، بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتىشنىڭ ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئەتراپىدىكى بىللە ئۇرۇشقا كىرگەن ئەسكەرلىرىمۇ قالايمىقانچىلىققا كىرىپ قالدى ۋە تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر يەتتە كىشى يارىلانغان، 17 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغان، خوتەن ئەسكەرلىرىدىن يەتتە كىشى يارىلانغان، سەككىز كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى.

ئابدۇراھمان خوجا بارلىق ئەسكەرلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بەردى. 30 كىشى تۇتۇلدى، پارسا ساھىبزادە ۋە ھاجى مىراپ كۇچايى قاتارلىقلار قېچىپ ئۈلگۈردى، ئورۇنسىز مۇسۇلمان قېنى تۆكۈلمەسلىك ئۈچۈن ئۇلارنىڭ

كەينىدىن قوغلىماسلىق بۇيرۇلدى. ئابدۇراھمان خوجا قاراقاشنىڭ مۆتىۋەرلىرىگە ھەدىيەلەر تۇتتى، ئىككى كۈندىن كېيىن ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە خوتەنگە قايتتى[27].

## خوتەندە زەكەرىيا ئىشان ئىسيانى ۋە يەركەندىن ئىككىنچى ھۇجۇم

ئابدۇراھمان خوجا ئەسكەر ئېلىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئىككى دانە توپ مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇيۇلدى. زاۋا قورغان ئەتراپىدا تۇرۇۋاتقان ۋە ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئىستىكى بولغان زەكەرىيا ئىشان، ئىبنى يەمىن ئاقساقال بىلەن شەربەتتار باشلىق بىرنەچچەبەگ ۋە تۇڭگانلارغا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇلارغا: ھەبىبۇللاھ ھاجى بىلەن ئابدۇراھمان خوجىنى ئەڭ يېقىن پۇرسەتتە تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپ ئۆزىنى ھاكىمىيەت بېشىغا كەلتۈرگەن تەقدىردە، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئايدا بىر يامبۇ بېرىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئىستەكلىرى بولسا قاندۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئۇلارنىڭ بىر يەردە توپلىنىپ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇ كۈنى 27 كىشى بىر يەرگە توپلىنىپ، ئەتىسى ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ تۇنجى پۇرسەتتىلا ئىككى ئوغلى بىلەن بىرگە ئۇلارنى زىندانغا تاشلاشنى قارار قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى غۇلامجان ھەزرەت ئىسىملىك بىر كىشى، ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا ھەبىبۇللاھ ھاجى بىلەن ئابدۇراھمان خوجىنىڭ

يېنىغا كېلىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن ئۇلارنى خەۋەردار قىلدى، بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇراھمان خوجا دەرھال توپچى، چەۋەنداز ۋە باھادىر يىگىتلەرگە توپلىنىش بۇيرۇقى بەردى[28]. سىپىل ئۈستىگە چىققان سەرۋاز ئەسكەر گۇدۇك چېلىشقا باشلىدى، شەھەر سىرتىدىكى بارلىق ئەسكەرلەر شەھەرگە كىردى. ئىبنى يەمىن ئاقساقال، شەربەتتار ۋە باشقىلار ئۆز پىلانلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىشكەندى. شۇ كېچىسى دەرھال توپلىنىپ تۇغ ـ ئەلەملەرنى تەييارلىدى، نەيزە ـ قىلىچلار بىلەن قوراللاندى ۋە زەكەرىيا ئىشاننى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلدى.

تاڭ ئېتىشقا باشلىغاندا، ئابدۇراھمان خوجا 200 چەۋەنداز، 150 باھادىر يىگىت ۋە بىر كىچىك توپ بىلەن باراۋەر گۇجان دەرۋازىسىدىن چىقتى، ئىنايەتۇللاھ خوجىمۇ 200 چەۋەندازنىڭ ھەمراھلىقىدا ھېيتگاھ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ زەكەرىيا ئىشان ئىككى تەرەپتىن سىقىشتۇرۇلدى. بىرەر سائەتتەك داۋاملاشقان جەڭدە خوتەن ئەسكەرلىرىدىن بەش كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى، زەكەرىيا ئىشاننىڭ ئادەملىرىدىن تۆت تۇڭگان، ئۈچ ئەندىجانلىق ۋە ئىككى بەگ ئۆلتۈرۈلدى.

زەكەرىيا ئىشاننىڭ ئادەملىرى قېچىشقا باشلىدى، 50 باھادىر يىگىت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش ئۈچۈن ئات سالدى، ئابدۇراھمان خوجا ئىسمائىل خوجىنىمۇ يۈز يىگىت بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. پىيالمىغا قەدەر كەلدىلەر، ئۇ يەردىن تاھىربەگ، ئالماسبەگ، ئابدۇللەتىفبەگ ۋە ئابدۇللاھ دىۋان بېگى بەدەخشى قاتارلىق 11 كىشىنى تۇتۇپ كەلدى. ئابدۇللاھ دىۋان بېگى قويۇۋېتىلدى، قالغان 10 كىشى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ توقماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى[29]. بۇ ھادىسە يۈز بېرىپ بىر ئايدىن كېيىن خوتەن

ئەسكەرلىرىنىڭ سانى كۆپەيتىلىپ، چەۋەندازلار ئىككى مىڭغا، باھادىر يىگىتلەر ئۈچ مىڭغا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتە دانە توپ مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇيۇلدى، ھەربىر توپ ئۈچۈن ئون ئەسكەر ۋەزىپىلەندۈرۈلدى. مۇھەممەد نوغاي بىلەن ھەيدەر خان كابۇلىي توپچىلار ئەترىتىنىڭ قوماندانى بولدى، ھەر 250 ئاتلىق ئەسكەر ئۈچۈن بىر پانسات بېشى تەيىنلەندى.

بۇ ۋاقىتتا نىيا ھەكىم، شەربەتتار، ھاجىبەگ دادخاھ بەدەخشى ۋە زەكەرىيا ئىشان؛ 30 مىڭ لەشكەر، ئالتە مىڭ تۆگىگان، يېڭى مۇسۇلمان بولغان مانجۇلاردىن ئىككى مىڭ كىشى، يەركەنلىك، ئەندىجانلىق ۋە بەدەخشانلىق بولۇپ بىر توپ كىشى پىيالمىغا كەلدى ـ دە، ئابدۇراھمان خوجىنىڭ پىيالمىدىكى قاراۋۇلغا قويغان 50 باھادىر يىگىتنى قولغا ئالدى. ئارىسىدىكى 11 يىگىتنىڭ قۇلاق ۋە بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، «كۆرگەنلىرىڭلارنى ئاڭلىتىڭلار» دەپ قويۇۋەتتى. بۇ يىگىتلەر تاڭ سەھەردە پىيالمىدىن يولغا چىقىپ شام نامىزىغا يېقىن ئابدۇراھمان خوجىنىڭ يېنىغا كەلدى، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى بىر ـ بىرلەپ ئاڭلاتتى.

ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھەبىبۇللاھ ھاجى، نەيزە ـ كالتەكلەر بىلەن قوراللانغان 50 مىڭ ئەسكەرنىڭ دەرھال پىيالمىغا قاراپ يولغا چىقىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئابدۇراھمان خوجا قوماندانلىقىدا مىڭ چەۋەنداز، مىڭ يىگىت ۋە ئۈچ مىڭ لەشكەر تۆت دانە توپنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ھەبىبۇللاھ ھاجى ئۆزى مىڭ چەۋەنداز ۋە كۆپ سانلىق باھادىر يىگىت بىلەن باراۋەر خوتەندە قالدى. ئاندىن يورۇڭقاشتىن كالتەكلەر بىلەن قوراللانغان تۆت مىڭ لەشكەر يۆتكەپ، ئەسكەرخانىلارنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى، بۇنىڭلىق بىلەن سىرتتىن كېلىدىغان ھەرقانداق بىر تۇيۇقسىز ھۇجۇمنىڭ

ئالدىنى ئالغان بولدى[30].

ئەتىسى ئىنايەتۇللاھ خوجا، ئىسمائىل خوجا ۋە ئابدۇغەفۇر خوجا قوماندانلىقىدىكى مىڭ ئەسكەر يولغا چىقتى ۋە بۇلارغا مۇھەممەدئەلى خان كابۇلىي، ھەيدەر خان كابۇلىي، ئايىنىددىن خان كابۇلىي ۋە سەيىيد فەقىر خان كابۇلىي قاتارلىقلار ھەمراھ بولدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە تۆت دانە توپمۇ بار ئىدى. ئارقىدىنلا ئابدۇراھمان خوجا مىڭ يىگىت ۋە تۆت پانساتبېشىنىڭ ھەمراھلىقىدا پىيالمىغا قاراپ يولغا چىقتى؛ بۇرھانىددىن خوجا قوماندانلىقىدىكى نەيزە ـ توقماقلار بىلەن قوراللانغان ئىككى مىڭ پىيادە ئەسكەرمۇ بۇرزاندىن يولغا چىقتى؛ خوجا ئەھمەد خەلىپە قوماندانلىقىدىكى مىڭ ئەسكەر سۈپىدىن يولغا چىقتى. ئابدۇراھمان خوجا كەلگەنگە قەدەر نەيزە ـ توقماقلار بىلەن قوراللانغان 30 مىڭ پىيادە ئەسكەر قاراقاش تەرەپتىن قۇم رابات پادىشاھىمغا كەلدى. ئابدۇراھمان خوجا كېلىپلا تۈنجى قىلغان ئىشى ئەھۋالنى دەڭسەپ بېقىش بولدى. ئىنايەتۇللاھ خوجا قوماندانلىقىدىكى ئىككى مىڭ ئاتلىق يىگىتنى پىيالمىغا ئەۋەتتى. قاراقاشتا قالغان باشقا ئەسكەرلەرنىڭمۇ دەرھال كېلىشى ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا ئابدۇراھمان خوجا قوشۇنى بىلەن بىللە پاكار يۇلغۇنغا (پىيالمىنىڭ شەرق تەرىپىدە) كەلدى. قارالەڭگەردە بۆكتۈرمىدە تۇرغان كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەرنى كۆردى ـ دە، بىر نەچچە مىڭ تۆگىنى تىز چۆكتۈرۈپ ئۆزلىرىگە ئىستىھكام قىلىپ، ئارقىسىدىن توپ ۋە مىلتىقلار بىلەن ئۇرۇشقا ھازىر ھالەتكە ئۆتتى.

ئابدۇراھمان خوجا دەرھال ئەسكەرلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ سەپ تۈزۈپ ئۇرۇشقا ھازىر ھالەتكە كېلىش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەڭ ئالدىدىكى سەپتە چەۋەندازلار يەر ئالدى ۋە توپلارمۇ چەۋەندازلارغا سەپلەپ بېرىلدى.

ئىككىنچى سەپتە بولسا باھادىر يىگىتلەر؛ ئەڭ كەينىدىكى سەپتە بولسا كالتەك ـ توقماقلار بىلەن قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر يەر ئالدى. تۇنجى قەدەمدە توپلارنىڭ، ئىككىنچى بولۇپ مىلتىقلارنىڭ، ئاخىرىدا بولسا يېنىك تىپتىكى توپلارنىڭ ئېتىلىشى بۇيرۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمغا قارشى مىلتىق، نەيزە، قىلىچ ۋە ئوقيالار بىلەن قوراللانغان يىگىتلەر ئات سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتەتتى[31].

بۇ ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىن يەركەنلىك، ئەندىجانلىق ۋە بەدەخشانلىق بولۇپ جەمئىي 106 ئەسكەر مەيدانغا ئات سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئارقىدىنلا تۇڭگان ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغان مانجۇ ئەسكەرلەر توپ ـ مىلتىقلاردىن ئوق ئۈزۈۋشكە باشلىدى. خوتەن قوشۇنىدىن ئىنايەتۇللاھ خوجا بىلەن ئىسمائىل خوجا قۇماندانلىقىدىكى 200 يىگىت ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش مەيدانىغا ئات سالدى. شىددەتلىك بىر مەيدان جەڭدىن كېيىن ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىندى، ھەر ئىككى تەرەپتىن 20 ـ 30 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. مىلتىق ئاۋازلىرى ھېچ بېسىقمايتتى. شەربەتتار ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە تەكرار ھۇجۇمغا ئۆتتى، خوتەن قوشۇنىدىن ئىنايەتۇللاھ خوجا 50 كە يېقىن يىگىت بىلەن بىللە ئات سېلىپ قارشىلىق بەردى.

شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن شەربەتتار قېچىشنى تاللىدى. ئىنايەتۇللاھ خوجا دەرھال ئارقىسىدىن قوغلىدى، ئەمما ئېتىششتا ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئابدۇراھمان خوجا ئۆزى ئۇرۇش مەيدانىغا ئات سالدى، ئارقىدىنلا 500 گە يېقىن ئاتلىق ئەسكەر ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئابدۇراھمان خوجا ئىككى قېتىم مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئىككىلى قېتىم بۆسۈپ چىقىپ كېتەلىدى.

خوجا ئەھمەد خەلپە قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپتىن كەلگەن ئاتلىق قوشۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئەمما يەنىلا مۇھاسىرىدىن قېچىپ چىقالىدى. ئابدۇراھمان خوجا ئاتلىق قوشۇنغا قاراپ ئات سىلىپ ماڭغاندا قارشى تەرەپتىن كەلگەن بىر ئوقنىڭ تېگىشى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئابدۇراھمان خوجىنىڭ يېنىدا بولغان قېرىندىشى مەسۇمخان خوجا ئاكىسىنىڭ جەستىنى تۆگە تىكىنى بىلەن يېپىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سەللىسىنى ئېلىپ بېشىغا تاڭدى ۋە يېنىدىكىلەرگە ئاكىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. كەچ كىرگەندە ھەر ئىككى تەرەپ دومباق چېلىپ ئۇرۇشنى توختاتتى ۋە ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىندى. مەسۇمخان خوجا ئاتقا مىنگەن، ئاكىسىنىڭ ئالتۇن بىلەن ئىشلەنگەن سەللىسىنى بېشىغا تاڭغان، قولىدا چوڭ بىر تۇغنى تۇتقان ھالدا جەڭگىۋار نۇتۇق سۆزلەپ ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە ئۇنى پەرق ئەتكەن ھېچكىم بولمىدى[32]. قاراڭغۇ كېچە ئاخىرى كۈندۈزگە تەسلىم بولغان، قۇياش گوياكى جەڭ قىزغىنلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. دومباق ۋە گۈدۈكلەر چېلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا ھازىرلاندى ۋە شىددەتلىك جەڭ ئەسىر نامىزىغا قەدەر داۋاملاشتى. جەڭ مەيدانىدا جەسەتلەر ئۇ قەدەر توپلانغانكى، ئاتلار ئەركىن چاپالماس ھالغا كەلگەنىدى. ئەمدى خوتەن قوشۇنى جەڭ ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈردى. تۇنجى بولۇپ يەركەنلىكلەر نىياز ھېكىمنىڭ ئارقىسىدىن قېچىشقا باشلىدى، ئارقىدىنلا بەدەخشانلىقلارمۇ ھاجىبەگ دادخاھ بىلەن باراۋەر قاچتى، ئىبنى يەمىن ئاقساقال بىلەن شەربەتتارمۇ ئەندىجانلىقلارنى ئېلىپ قېچىشتى. پەقەت ئىسكەندەر ئىمام قوماندانلىقىدىكى تۇڭگانلار ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغان مانجۇلار قاچماي، دەشتى پىيالمىدا مۇداپىئەدە تۇردى.

مەسۇمخان خوجا قوغۇشۇن ئوقلار قاچىلانغان توپلارنى بىللە ئېلىپ ماڭغان تۆت مىڭ ئەسكەرگە تاغ قاپتىلىدىن مېڭىپ چوڭ بىر قىيا ئارقىسىدا بۆكتۈرمىدە تۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئەمەلىيەتتە مەسۇمخان خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن خوتەن تەرەپكە قاراپ قاچقاندەك كۆرۈنۈش بەرمەكچى، تۇڭگانلار بولسا ئۇلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئارقىسىدىن كېلەتتى-دە، دەل شۇ چاغدا بۆكتۈرمىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى ئىدى. ھەيدەرخان كابۇلىي، ئارسلانخان كابۇلىي ۋە ئوسمان يۈزبېشى توپلارنى ئوت ئېچىشقا ھازىر ھالەتتە تۇتتى. چەۋەنداز، باھادىر يىگىتلەر ۋە توپچىلار داخىل جەمئىي تۆت مىڭ ئەسكەر يولغا چىقتى ۋە چوڭ بىر قىيا ئارقىسىدا يوشۇرۇندى.

مەسۇمخان خوجا باشقا ئەسكەرلەر بىلەن بىللە خوتەن يۆنىلىشىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئىسكەندەر ئىمام خوتەن ئەسكەرلىرىنى قاچتى دەپ ئويلاپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ خوتەننى ئېلىش خىيالىنى سۈردى ۋە دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. مەسۇمخان خوجا ۋە ئەسكەرلىرى بىرئاز مۇساپىنى باسقىنىدىن كېيىن بىر ئېگىزلىككە چىقىپ، بىر تەرەپتىن بايراق پۇلاڭلىتىپ يەنە بىر تەرەپتىن دۇمباق ـ گۈدۈكلەرنى چېلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا قىيانىڭ ئارقىسىدىكى خوتەن ئەسكەرلىرى توپلارغا ئوت ياقتى. قورقۇپ كەتكەن تۇڭگانلار تۆت تەرەپكە پىتراپ قېچىشقا باشلىدى. ھەيدەرخان كابۇلىي ئەسكەرلىرىگە ئوت ئاچماسلىق بۇيرۇقى بەردى، چۈنكى ئۇ ئىسكەندەر ئىمامنى تىرىك تۇتۇشنى خالايتتى. نەتىجىدە ئىسكەندەر ئىمام ساق قولغا چۈشتى، باشقا ئەسكەرلىرى قوللىرىدىكى نەيزە ـ قىلىچ ۋە باشقا بارلىق قوراللىرىنى تاشلاپ تەسلىم بولدى ـ دە، كەلىمە تەييىبەنى ئوقۇپ بىر قوشۇپ قېنىنى تىلەپ يالۋۇرۇشتى[33].

مەسۇمخان خوجا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆلتۈرمەي خوتەنگە يوللاش بۇيرۇقى بەردى. ئىسكەندەر ئىمامدىن قانچە كىشى ئىكەنلىكىنى سورىۋىدى، تۇڭگان ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئالتە مىڭ، يەركەنلىك، بەدەخشانلىق ۋە ئەندىجانلىق بولۇپ جەمئىي 27 مىڭ كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەش مىڭغا يېقىن كىشى جەڭدە ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ سانى بولسا 480 كىشى بولۇپ، ئۇلار كۆپ ساندىكى چەۋەنداز ئەسكەرلەرنىڭ كونتروللۇقىدا خوتەنگە ـ ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىلدى، قورال ـ ياراقلىرىمۇ تۆگىلەرگە ئارتىلىپ بىللە ئەۋەتىلدى.

بۇ ۋاقىتتا قەدەر ئابدۇراھمان خوجىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئەسكەرلەرنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. مەسۇمخان خوجا ئەھۋالنى ئېيتقىنىدا، ئەسكەرلەر خېلى ئۇزۇن قايغۇردى. ئابدۇراھمان خوجا بىلەن ئىنايەتۇللاھ خوجىنىڭ جەسەتلىرى تېپىلدى. مەسۇمخان خوجا ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ سانلىرىنى ئېنىقلاشقا بۇيرۇدى. خوتەن ئەسكەرلىرىدىن 17 مىڭ كىشى، قارشى تەرەپتىن 9700 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. ھەممىسىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئابدۇراھمان خوجىنىڭ جەستىنى ئېلىپ خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

ھەبىبۇللاھ ھاجى ۋە خوتەن ئاھالىسى بىر كۈن ماتەم تۇتتى. ئابدۇراھمان خوجا فەتھ ئابادقا دەپنە قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ قېرىندىشى سەيفۇللاھ خوجا يەركەندە تۇتۇقتا ئىدى. ئىسكەندەر ئىمام ۋە تۇڭگانلارنىڭ باراۋىرىگە ئۇنى قويۇپ بېرىشى ئۈچۈن يەركەنگە بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى ۋە بۇ تەلەپ قوبۇل قىلىندى. بۇ ئەسىر ئالماشتۇرۇش زاكۇنىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. سەيفۇللاھ خوجا دادخاھ باج ـ سېلىق كونترول ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن ۋەزىپىلەندۈرۈلدى. ئۇن چارەك (تەخمىنەن توققۇز كېلوگرام ئەتراپىدا) ئاشلىق

ئۇچۇن بىر چارەك ئاشلىق ئۆشرى ئېلىنىش بىلەن بىرگە، قىرىق قويدىن بىر قوي، ئوتتۇز كالىدىن بىر كالا زاكات ئېلىندى. ھەربىر رايونغا بىردىن كۆكبېشى[34] تەيىنلەندى.

كۇچا قوشۇنىنىڭ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىشى ۋە كۇچاغا ئەلچىلىك ھەيئىتىنىڭ ئەۋەتىلىشى

بارلىق خوتەن ئاھالىسى بىرلىككە كېلىپ موللا ھەبىبۇللاھ مۇپتى ھاجىنى ئۆزلىرىگە لىدىر بولۇشقا لاياقەتلىك دەپ قاراپ سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. تۇڭگان تائىپىسى داخىل خوتەندىكى بارلىق مانجۇلار ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا نەزىردىن خوجا كۇچادىن يەركەنگە كەلگەنىدى. ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ھاجى خەزىنى چىبەگنى 300 تۇڭگاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى مىڭ ئەسكەر[36] بىلەن خوتەنگە ئەۋەتتى. خوتەنگە بارغانلىرىدا ئەگەر موللا ھەبىبۇللاھ ھاجى پادىشاھ بۇنى ئىپتىخار ۋەسىلىسى دەپ قاراپ ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتسە، ئىتائەت كۆرسىتىپ سەلتەنەت تەختىنى ئۆزلىرىگە تەقدىم قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقى، ئەكسىچە بولغاندا خوتەننى ئۇرۇش قىلىپ ئېلىش، ھاجى پادىشاھنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ يەركەنگە ئەۋەتىش ھەققىدە ئەمر قىلدى.

ھاجى خەزىنى چىبەگ سانجۇغا كەلدى ۋە ھاجى پادىشاھقا بىر مەكتۇپ

ئەۋەتتى. هاجى پادىشاھ تاپشۇرۇۋالغان مەكتۇپتىن دوستلۇقنىڭ ھىدىنى ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلىك، خۇسۇمەت ئاشكارا چىقىپ تۇراتتى. هاجى خەزىنى چىبەگ كۇچانىڭ بەگزادىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئانىسى كۇچا خوجىلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان ئىدى. ئۆزى بولسا مانجۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، تېخى بىر يىل ئاۋۋال مانجۇ ئامبىلىغا تەرجىمان بولۇپ كەلگەن يەركەندە مەنسەپ ساھىبى بولغانىدى.

مانجۇچە كىيىم كىيىپ كوچىلاردا يۈرىدىغان بۇنداق بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە مۇخاتەپ ھالىدە ئەۋەتىلىشى ھەبىبۇللاھ هاجىنى بەكمۇ راھەتسىز قىلغانىدى. «ماڭا نېمە ئۈچۈن ھاجىبەگنى ئەۋەتتى؟ خوجىلىرىدىن بىرەرى كېلىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ ھېچ بولمىسا شەرىئەتنىڭ ئىچىدە بولغان بىرەسى يوقمىدى؟ ماڭا بىر مانجۇ يېتىمەكنى ئەۋەتكەنلىكىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم» دەپ، بۇنى توغرا كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى[37].

ھەبىبۇللاھ هاجى كۆز ئالدىدىكى پەردە ئارقىسىدا ساقلانغانلارنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە چوڭ ئوغلى ئىبراھىمخان سۇدۇرنى ئۈچ مىڭ لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. ئۇ هاجى خەزىنى چىبەگ بىلەن زاۋىدا قارشىلاشتى. ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولۇپ، ناھايىتى كۆپ كىشى ئۆلتۈرۈلدى. ئىبراھىمخان سۇدۇرمۇ بۇ جەڭدە ھاياتىدىن ئايرىلدى، هاجى خەزىنى چىبەگ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالماي يەركەنگە چېكىندى. خوتەن ئەسكەرلىرىمۇ قولغا چۈشۈرگەن ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئېلىپ خوتەنگە قايتىپ كەتتى.

ھەبىبۇللاھ هاجى خان هاجى خەزىنچى بەگگە قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، «قانداقلا بولمىسۇن بۇ ياخشى بولمىدى» دەپ ئىچ

ـ ئىچىدىن ئويغا چۆمدى ـ دە، خۇشاللىقىغا بىر ئەندىشە ھەمدەم بولدى. خان مەزكۇر ھادىسە ھەققىدە بىر قانچە كۈن مۇتالىئە ـ مۇزاكىرىدە بولدى: بىز خوجىلار بىلەن بىر مەزھەپتە، دىنىمىز بىر، ھەممىمىز مۇسۇلمان، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ئۇلار بىلەن كېلىشىم ئىچىدە بولۇشىمىز كېرەك، دېگەن چۈشەنچىگە كەلدى. چۈنكى ئەگەر كۇچا خوجىلىرى مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلمىغان بولسا، ھەبىبۇللا ھاجىنىڭ ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىشى ھەرگىز مۇمكىن بولمايتتى.

ھەبىبۇللاھ ھاجى زاۋىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلۈر بايان قىلىپ، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى قۇرۇش مەقستى بىلەن ئەھمەد مىراپ باشچىلىقىدا 50 تىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ئەلچى ھەيئىتىنى كۇچاغا ئەۋەتتى. ئۇلار بىلەن بىللە خوتەننىڭ داڭلىق گېلەملىرى، سەرخىل رەخت، ئات، ئېگەر ۋە پۇللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ مىقداردىكى ھەدىيەلەر بىلەن بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپتا: ھاجىبەگدىن باشقا بىرەسى كەلگەن بولسا ئىدى ئىتائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلىغان بولاتتىم. مانجۇلارنى ئۆلتۈرگەندە تۇڭگانلار بىلەن ئىتتىپاق ھالدا بولۇپسىزلەر، تۇڭگانلارنىمۇ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار ئەلۋەتتە ئىتائەتنى كەم قىلمايتتىم. نېمىلا بولسۇن سەلتەنەت تەختىدە بىزدىن ئاۋۋال ئولتۇردىڭلار، بىزنىڭ ئىتائەت قىلمىقىمىز لازىم، دەپ يازدى.

ئەلچى ھەيئىتى ئاقسۇغا كېلىپ ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن كۇچاغا قاراپ يولنى داۋام قىلدى. كۇچاغا بىر مەنزىل يول قالغىنىدا، راشىدىنخان خوجىنىڭ ئەۋەتكەن ئادەملىرى كېلىپ ھەدىيەلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدى، ئاندىن ئات ـ ئۇلاغ داخىل بارلىق نەرسىلەرنى تارتىۋالدى. ئۇلارنى سايرامغا ئېلىپ كېلىپ ئۆي زىندانىغا مەھكۇم قىلدى ۋە تۇتقۇنلار بىر يىلدىن

ئارتۇق شۇ يەردە قالدى. ئاتىلىق غازى سايرامغا كەلگىنىدە ئائىلىلىرى بىلەن ئۇچرىششقا مۇيەسسەر بولدى[38]. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلە: يەركەندىن كەلگەن ھۇجۇم يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بىر قېتىملا ئەمەس، بەلكى ئىككى قېتىم يۈز بەردى. ئابدۇراھمان خوجا بولسا ئىككىنچى قېتىمقى ھۇجۇمدا ھاياتىدىن ئايرىلغاندى[39].

## خوتەننىڭ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىشى

مۇھەممەد ياقۇپبەگ ئاتىلىق غازى يەركەننى قولغا ئالغاندىن كېيىن قەشقەردە دەۋر ـ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ياقۇپبەگ گۈزەل خوتەننىمۇ ئېلىش ئارزۇسىدا بولدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى سەۋرسىزلىنىشكە باشلىدى. خوتەن ئاھالىسى سەممىيەت ۋە ئىخلاس بىلەن ھاجى پادىشاھقا چىن كۆڭلىدىن ئەگىشەتتى ۋە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىشقا ھازىر ئىدى. ئاتىلىق غازىمۇ خوتەننى پەقەت توپ ـ زەمبىرەك، قىلىچ ـ نەيزە كۈچىگە تايىنىپلا قولغا ئېلىشنىڭ ئىمكانىسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. خاننىڭ خەلققە بولغان ئىشەنچى، خەلقنىڭمۇ خانغا بولغا قوللىشى دائىم بولغان بۇنداق بىر دۆلەتنى ھېچقانداق بىر كۈچ يىقىتالمايتتى. بۇ ۋاقىتقىچە يېزىلغان تارىخ كىتابلىرىدا مۇشۇنداق يېزىلغاندى. ياقۇپبەگمۇ بۇنى ياخشى بىلەتتى ھەم ھاجى پادىشاھنىڭمۇ كۆپ ساندا ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ئەمما ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ

بارغانچە ياشنىپ قالغانلىقى ياقۇپبەگكە ئۇمىد بەرمەكتە ۋە خوتەننى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈش ئىھتىمالىنىڭ بەك يىراق ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. ئاخىرى «مازار تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارىمىز» دەپ ئەسكەرلەرنى ھازىر بولۇشقا بۇيرۇدى. ياقۇپبەگ تۆت ئەمىرلەشكەر، قىرىق پانسات ۋە توپچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش مىڭ ئەسكەر؛ ھەتتا بۈزرۈكخان تۆرىنىمۇ يېنىدا ئېلىپ يەركەنگە كەلدى (1866 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىر)[40].

بۇ ۋاقىتتا قارى ھەمىد ئىسىملىك بۇخارالىق بىر كىشى خوتەندە تۇرۇۋاتاتتى ۋە ھەبىبۇللاھ ھاجى بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇراتتى. ياقۇپبەگ يەركەندە ئىكەن ئۇنىڭغا بىر مەكتۇپ ئەۋەتىپ: ھەبىبۇللاھ ھاجىنىڭ ياشانغان ۋە دىندار بىر زات ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇرۇشقا ئەمەس زىيارەت باھانىسى بىلەن كەلگەن تەقدىردە، مول خەزىنىگە ئىگە بەرىكەتلىك خوتەننى ئېلىشنىڭ زور ئەمەسلىكىنى بايان قىلغانىدى. بۇ ياقۇپبەگ ئۈچۈن قاچۇرغىلى بولمايدىغان بىر پۇرسەت ئىدى، شۇڭا دەرھال ئابدۇللاھ پانساتبېشىنى بىر مەكتۇپ بىلەن خوتەنگە ـ ھەبىبۇللاھ ھاجىغا ئەۋەتتى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى: «ھەزرىتى ھاجى ئاتامنى زىيارەت قىلىشىم ئۈچۈن ئەمرىلىرىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن»[41]. «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق ئەسەردە قارى ھەمىد بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق بىر مەزمۇن بولمىسىمۇ، ياقۇپبەگنىڭ ھەبىبۇللاھ ھاجىغا بىر مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان مەزمۇنلار بار، «تارىخى ھەمىدىي»دە كەلگەن مەزمۇن تۆۋەندىكىچە:

ئاتلىق غازى يەركەندە بىر ھەپتە تۇرۇپ، يىگىت، سەرۋازلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارغا تون ـ كېچەك، تىللا، ئات ۋە قورال ـ ياراغلارنى بېرىپ تەييارلاندى. ئاندىن يەنە بۈزرۈكخان تۆرەمنىڭ نامىدا ھاجى پادىشاھقا: «قەشقەر زېمىنىغا كەلگىلى ئۇزۇن بولدى، بۇ مەملىكەتلەردىكى مازارى

ماشايىخلارنىڭ زىيارىتىنى ئىمكانىيەتىنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلدىم. ئەمما ئارزۇ ـ ھەۋىسىم شۇكى، ئىمام جەئفەرى سادىق ھەزرەتلىرىنىڭ مازارلىرىنى بىر زىيارەت قىلىپ يانسام دېگەن مۇددىئا ۋە غەرىزىم بار ئىدى. ئەگەر ھاجى ئاتام يول بېرىپ، ئىجازەت قىلسا، بۇ مازارى ماشايىخنى زىيارەت قىلغاچ، ھاجى پادىشاھ ئاغام بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ يانسام دېگەن ئىستەكتىمەن» دېگەن مەزمۇندا بىر مەكتۇپ تەييارلىدى، بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ ئىشەنچلىك ئادەمدىن خوتەنگە ـ ھاجى پادىشاھقا ئەۋەتتى. ئارقىدىن ئۆزى ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى ۋە يەركەن بىلەن خوتەن ئارىلىقىدا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى قۇرۇپ يەرلەشتى[42].

خوتەندىكى ھاجى پادىشاھ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولدى ۋە ئوغلى نېمەتۇللاھ خاننى ھەدىيەلەر بىلەن ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ياقۇپبەگ كەلگەنلەرنى ناھايىتى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. شۇنداقلا يەنە نېمەتۇللاھ خانغا ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن بولغان بىر ئارغىماق، ئالتۇندىن ئىشلەنگەن سەللە، تەتىللا تون، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قورال ۋە باشقا كۆپ مىقداردا ھەدىيەلەر تۇتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ ئۆزلىرىگە يارىشا ھەدىيەلەر تۇتتى[43].

«جامىئۇتتەۋارىخ»تىكى ياقۇپبەگنىڭ خوتەنگە كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بىلەن «تارىخى ھەمىدىي»دە كەلگەن مەزمۇنلار ئوتتۇرىسىدا پەرقلىق مەۋجۇت. ياقۇپبەگ يەركەننى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ھاجى پادىشاھ ئوغلى سۇدۇر خاننى ھەدىيەلەر بىلەن يەركەنگە ياقۇپبەگ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. چۈنكى ئۇ ياقۇپبەگنىڭ خوتەنگە كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. ياقۇپبەگ سۇدۇرخاننى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى ۋە ئالتۇن

يىپتىن توقۇلغان يىپەك رەختلەر بىلەن بېزەلگەن بىر ئات، كىمخاپ ۋە تەتىللا تون، ئىسپاھان قىلىچ، مىلتىق ۋە باشقا ھەدىيەلەر تۇتتى. سۇدۇرخان يىگىرمە كۈندىن كېيىن ياقۇپبەگنىڭ ھاجى پادىشاھقا ئەۋەتكەن بىر مەكتۇپىنى ئېلىپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى. ياقۇپبەگ مەكتۇپتا كۆز پەسلىدە ئىمام جەئفەرى سادىقنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن خوتەنگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ھاجى پادىشاھ ياقۇپبەگنىڭ خوتەننى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئەمما سۇدۇرخان ياقۇپبەگ ھەققىدە ناھايىتى ماختاپ سۆز باشلىغانىدى. ئاخىرى ھاجى پادىشاھ ياقۇپبەگنىڭ خوتەنگە كېلىشىنى ئىجابىي ھالەتتە قوبۇل قىلغانىدى[44]. باشقا بىر مەنبە ئەسەردە ئېيتىلغانلارغا كۆرە: ھەبىبۇللاھ ھاجى ئوغلىنى كۆپ سوۋغا ـ سالاملار بىلەن بۇزرۇكخان تۆرىگە ئەۋەتكەندە ناھايىتى ياخشى قارشى ئېلىنغانىدى[45].

يەنە بىر مەنبە ئەسەردە كەلگەن بايانلار يۇقىرىدىكى «جامىئۇتتاۋارىخ»تا ئېيتىلغانلارنى ئىسپاتلىماقتا. ھاجى پادىشاھ ياقۇپبەگنىڭ يەركەنگە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن دەرھال ئوغلى سۇدۇرخاننى ھەدىيەلەر بىلەن 600 ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يەرگەنگە ئەۋەتتى. ئەلچىلەر يەتتە كۈندىن كېيىن يەركەنگە كەلدى ۋە ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئىنتايىن ياخشى كۈتۈۋېلىندى. ياقۇپبەگ ئالدىن تەييارلىۋالغان يىپەك رەختكە ئورالغان كېسەكنى (خىش) قولىغا ئېلىپ، سۇدۇرخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئەگەر ئاتىڭىزغا قارشى ھەرقانداق بىر يامان نىيىتىم بولسا، بۇ قۇرئان شاھىدىم بولسۇن...» دەپ قەسەم قىلدى. سۇدۇرخان ئاتىسى ھاجى پادىشاھقا بىر مەكتۇپ ئەۋەتىپ بولۇپ ـ ئۆتكەنلەرنى يازدى. شۇنداقلا ياقۇپبەگنى ماختاپ، ئۇنىڭغا قارشى ھېچقانداق بىر ئەسكىرى تەييارلىقنىڭ كېرەك ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى[46].

«ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ» ناملىق ئەسەردە بېرىلگەن بايانلارغا كۆرە: ياقۇپبەگ يەركەننى قولغا ئالغىنىدىن كېيىن هاجى پادىشاهقا ئەلچى ئەۋەتتى. سۇدۇرخان دادىسى هاجى پادىشاهنىڭ بىر مەكتۇبىنى ئېلىپ ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلدى. كۇچادىن كېيىن خوتەن ئاهالىسىمۇ مانجۇلارغا قارشى قوزغالغان؛ خوتەنگە قاراشلىق ئالتە شەهەرنىڭ مۆتىۋەرلىرى باش قوشۇپ، هاجى پادىشاهنى خان قىلغانىدى. هاجى پادىشاھ خوتەندە هاكىمىيەت بېشىغا چىققىلى ئۈچ يېرىم يىل بولغان، مۇكەممەل قوراللانغان 40 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى بار ئىدى.

هاجى پادىشاھ، جاهانگىر خان ئوغلى بۇزرۇكخان تۆرە بىلەن ۋەزىرى ياقۇپبەگنىڭ يەركەننى ئالغانلىق خەۋىرىنى ئالغىنىدا، تەبرىك ئۈچۈن دەرهال ئوغلى سۇدۇرخاننى يەركەنگە ئەۋەتتى. ياقۇپبەگكە هەربىر دانىسى 50 سەر ئېغىرلىقىدىكى توققۇز ئالتۇن، 18 كۈمۈش، 10 تۆگىگە ئارتىلغان كىمخاپ تون ۋە باشقا هەدىيەلەر تەقدىم قىلدى. ياقۇپبەگ ئۇدا 11 كۈن سۇدۇرخاننى مېهمان قىلدى، مول مىقداردا ئالتۇن بىلەن هاجى پادىشاھ ئۈچۈن ئىگەرلىرى ئالتۇندىن ياسالغان بىر ئىراق ئېتى هەدىيە قىلدى. ياقۇپبەگ نېسىپ بولسا ئەڭ قىسقا زاماندا ئىمام جەئفەرى سادىق هەزرەتلىرىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە: «هاجى پادىشاھ بىزنىڭ ئاتىمىز، بىزلەر ئۇنىڭ بالىلىرىمىز» دېيىشنىمۇ ئۇنۇتمىدى. ئابدۇللاھ لەشكەربېشى 500 ئەسكەر بىلەن ئۇلارنى پوسكامغا قەدەر ئۇزىتىپ كەلدى[47].

ياقۇپبەگنىڭ: «ئاللاهقا چەكسىز شۈكۈركى، بۇ يەرلەرگە قەدەر كەلدىم، خانزادەمنى كۆرۈش مۇرادىم هاسىل بولدى. پېقىر قۇلىڭىز ئەمدى هاجى پادىشاھ ئاتامنى بىر كۆرۈش، ئاياق - تاپىسلىرىنى هۇزۇرىدا ساقاللىرىم بىلەن سۈپۈرۈشكە

مۇيەسسەر بولۇش ئارزۇسىدىمەن. مەن پىقىرنى ئۆز قۇلىدەك كۆرۈپ، مۇبارەك نەزەرلىرى بىلەن مەرھەمەت قىلغان بولسا ئۆزۈمنى چەكسىز بەختىيار ھېس قىلغان بولاتتىم. بۇندىن باشقا ھېچبىر نىيەت ـ مەقسىتىم يوقتۇر. ئەگەر ھاجى ئاتام مۇبارەك ئاياقلىرى بىلەن بۇ يەرلەرگە قەدەم ئېلىشنى خالىمىسا، شەخسەن مەن ئۆزۈم ئۇنىڭ ئايىقىغا بېرىپ، جان ـ دىلىم بىلەن قۇللۇق بەجا كەلتۈرىمەن» دېگەن مەزمۇندىكى نۇتۇقنى ئاڭلىغان نىمەتۇللاھ خوجا ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ قارچىغىسىغا ئوۋ بولغانىدى[48]. ياقۇپبەگنىڭ بۇ نۇتۇقى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىشقا يارايتتى.

ياقۇپبەگ قۇرئان كەرىم چوڭلۇقىدا بىر پارچە كېسەك تەييارلىدى ۋە ئۇنى تەتىللا، تاۋار، ئەتلەس ۋە باشقا قىممەتلىك رەختلەر بىلەن قات ـ قات ئوراپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئەمىرلەشكەرگە بەردى ۋە: «ھاجى ئاتامغا بولغان ئىخلاس ۋە ساداقىتىمنى بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزۈڭلار؛ ئەگەر ئىشەنمەي قالسا، بۇ قۇرئان كەرىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەن ئۇچۇن ئەھدە ـ پەيمان قىلىڭ» دەپ، خانزادە بىلەن بىللە خوتەنگە ـ ھاجى پادىشاھقا ئەۋەتتى.

ئابدۇللاھ ئەمىرلەشكەر، نىمەتۇللاھ خان بىلەن بىللە خوتەنگە كەلدى، ئۆزگە ئاتاپ بېرىلگەن زىياپەتلەردىن كېيىن ھاجى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا چىقتى. ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ قۇللۇق قىياپەتتە تۇرۇپ ياقۇپبەگنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەينەن ئىپادە قىلدى. لېكىن، سۈت بىلەن سۈنىڭ ئارىلاشمىسى مىسالى بۇ سۆزلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا قارار بېرەلمىگەن ھاجى پادىشاھ ئوغلىدىن سورىدى. ئەپسۇسكى، يەتتە ئىقلىم ھىيلىلىرىدىن خەۋىرى يوق، زامان تەجرىبىلىرىنى بېشىدىن ھېچ ئۆتكۈزمىگەن، توشقان ئۇيقۇسىدەك غەپلىتىدىن تېخىچە ئويغانمىغان خانزادىنىڭ ياقۇپبەگنى ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ

ئېيتقان سۆزلىرى ھاجى پادىشاھنىڭ ئەقىل كۆزىنى پەردىلىگەنىدى. ھاجى پادىشاھ شەخسەن ئۆزى ئاتلىق غازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈشنى قارار قىلدى ۋە ئاچ - سۇسىز بىر يولۋاس ئاغزىغا بارىدىغانلىقىنى ھېچ بىلمىگەنىدى[49].

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقىرىدىكى تېمىلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھەممەد ئەلەمنىڭ بايانلىرى، موللا مۇسا سايرامىنىڭ بايانلىرىدىن پەرقلىق كۆرسىتىمەكتە. مەسىلەن «تارىخى ھەمىدىي»دىكى مەزكۇر ھادىسىنىڭ بايانىدا سۇدۇرخاننىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان؛ مۇھەممەد ئەلەممۇ نىمەتۇللاھ خاندىن ھېچ سۆز ئاچمىغان.

ئابدۇللاھ پانساتىبېشى ئېلىپ كەلگەن ئەجابىي جاۋاب ياقۇپبەگنى ناھايىتى سۆيۈندۈردى ۋە دەرھال تەييارلىقلارنى باشلىدى. خوتەندە بولسا، پىكىر ئىختىلاپلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى، بەزىلەر بۇنى پەقەت نورمال بىر زىيارەت دەپ قارىغان بولسا، يەنە بەزىلەر ياقۇپبەگنىڭ نىيىتى ھېچ دۇرۇس ئەمەس دەپ قارىماقتا ئىدى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتۈپ، 1866 - يىل 27 - فېۋرال، ياقۇپبەگ 60 مىڭ ئەسكەر بىلەن خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى. جۇمەگە كەلگىنىدە يەنە ئۈچ مىڭ ئەسكەر قوشۇلدى. ئاندىن زاۋىغا كەلدى. ھەبىۇللاھ ھاجى، ئوغلى سۇدۇرخاننى ياقۇپبەگنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ياقۇپبەگ: «ھاجى ئاتامنى زىيارەت قىلىمىز، ئەگەر رۇخسەت قىلسا ئاقسۇ ۋە كۇچانىمۇ ئېلىپ ھاجى ئاتامنىڭ سەلتەنىتىگە داخىل قىلىمىز» دەپ سۇدۇرخاننى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. قارى ھەمىدنى مول مىقداردا ھەدىيەلەر بىلەن ئۆز ئىستىكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خوتەنگە - ھاجى پادىشاھقا ئەۋەتتى. ياقۇپبەگنىڭ ئۈنچە كۆپ ئەسكەر بىلەن «زىيارەتكە بارىمەن» دېيىشى، ھاجى پادىشاھنى ناھايىتى

تەئەججۇپلەندۈردى ۋە بۇ ئەھۋالنى دەڭسەپ چىقىش ئۈچۈن سەيفۇللاھ خوجا بىلەن مەسلىھەتلەشتى. سەيفۇللاھ خوجا ياقۇپبەگنىڭ ھىيلە بىلەن تۇزاق قۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، دەرھال 50 مىڭ پىيادە ئەسكەر، ئىككى مىڭ چەۋەنداز، ئىككى مىڭ پالۋان يىگىت ۋە تۆت دانە توپ بىلەن بىللە زاۋىغا بېرىپ ياقۇپبەگ بىلەن ئۇرۇشۇشنى تەلەپ قىلدى. ھەبىبۇللاھ ھاجى بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلدى ۋە سەيفۇللاھ خوجىنىڭ دەرھال خوتەن ئەسكەرلىرى بىلەن زاۋا قورغىنىغا كېلىپ ئۇرۇشقا ھازىر ھالەتتە تۇرۇشنى ئەمر قىلدى[50].

ياقۇپبەگ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقىنىدىن كېيىن دەرھال قوشۇنى بىلەن گۇمىدىن يولغا چىقىپ زاڭگۇيغا كەلدى. سۇدۇرخان خوجىنى يېنىغا چاقىرىپ: «بىز پەقەتلا ھاجى ئاتىمىزنى كۆرۈش، زىيارەت قىلىش ۋە خىزمەتكارى بولۇش ئۈچۈن كەلدۇق. زاۋا قورغىنىغا ئەسكەر ئەۋەتىش قانداق گەپ؟ ئەگەر بىزنى خىيانەت قىلىدۇ دەپ قارىغان بولسا، ئەسلا ھېچبىر يامان نىيىتىمىزنىڭ يوقلۇقىغا دائىر قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىمەن» دېدى ۋە شۇنداق قىلدى. كۆرگەنلىرىنى دادىسى ھەبىبۇللاھ ھاجىغا ئېيتىشىنى، زاۋا قورغىنىدىن ئەسكەر چېكىندۈرۈشنى، ئاندىن زاۋا قورغىنىغا بىللە كەلگەنلىرىدە ئەگەر ھاجى پادىشاھ رۇخسەت قىلسا زىيارەت ئۈچۈن خوتەنگە كېلىدىغانلىقىنى؛ ئەگەر ياق دېسە زاۋىدا كۆرۈشكىنىدىن كېيىن قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى ۋە كۆپ مىقداردا ھەدىيەلەر بىلەن بىللە سۇدۇرخان خوجىنى خوتەنگە ئەۋەتتى.

سۇدۇرخان خوجا زاڭگۇيدىن يولغا چىقىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن خوتەنگە كەلدى. ياقۇپبەگنىڭ قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللارنىڭ ھەممىنى تەپسىلىي ئاڭلاتتى. ھەبىبۇللاھ ھاجى ئاخىرى ياقۇپبەگنىڭ ئۇرۇشۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەندى ـ دە، سەيفۇللاھ خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن

زاۋا قورغىنىدىن خوتەنگە قايتىپ كېلىشلىرى ئۈچۈن پەرمان چۈشۈردى. ياقۇپبەگنى تەكلىپ قىلىش مەقستى بىلەن سۇدۇرخان خوجىنى پىيالمىغا ئەۋەتتى. ھەبىبۇللاھ ھاجى ئۆزى زاۋىغا كېلىپ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەگەر مۇمكىن بولسا ياقۇپبەگنى خوتەن شەھرىگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى. سۇدۇرخان خوجا زاۋىغا كەلدى، سەيفۇللاھ خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە خوتەنگە چېكىنىشى تەلەپ قىلىندى. باشتا «بىز ئۇرۇشىمىز، چېكىنمەيمىز» دەپ قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا مەجبۇرى چېكىندۈرۈلدى[51].

سۇدۇرخان خوجا پىيالمىغا كېلىپ ياقۇپبەگنى زاۋىغا تەكلىپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ھەبىبۇللاھ ھاجى قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىللە زاۋىغا كەلدى، ياقۇپبەگ دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ قارشى ئالدى ۋە ھاجى پادىشاھنىڭ قول ـ ئاياغلىرىغا سۆيۈپ ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتتى. ھاجىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە مول مىقداردا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى ۋە ئارام ئېلىشلىرى ئۈچۈن ئابدۇللاھ پانساتبېشىنىڭ بارگاھىغا ئەۋەتىلدى. ئەسىر نامىزى ۋاقتىدا ياقۇپبەگ يېڭىشەھەر ھاكىمى ئەزىزبەگ توقساباتنى ئىككى يۈز[52] يىگىت بىلەن خوتەن شەھىرىگە ئەۋەتتى، ئەسكەر بارگاھىدىكى خەزىنىنى ئۆزلىرى كەلگۈچە مۇھاپىزەت قىلىشنى بۇيرۇدى[53].

خوتەن دەرياسى قىرغىقىدا توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان تۆت مىڭ كىشىلىك خوتەن ئەسكىرى بار ئىدى. دەريادىن ئۆتۈپ كەلگەن ئەزىزبەگ ۋە قوشۇنى، خوتەن ئەسكەرلىرىنى ئارقىغا چېكىندۈردى، قارشى كەلگەن كۆپ ساندىكى خوتەن ئاھالىسى ئۆلتۈرۈلدى. ئىلچى شەھرىدە بەش مىڭ كىشىلىك خوتەن ئەسكىرى بار ئىدى. جەڭ بىر سائەت داۋام قىلدى، خوتەن ئەسكەرلىرى

قېچىشقا باشلىدى. ئەزىزبەگ شەھەرگە قەدەم ئالا ـ ئالماي ھاجى پادىشاھنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى قوغلاپ، ئەسكەرخانىنى بېسىپ خەزىنىنى ئىگىلىدى. بىر سائەت ئىچىدە يۈزگە يېقىن خوتەن ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى، ئاھالىمۇ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى[54].

«تارىخى ھەمىدىي»دە ئېيتىلغانلار يۇقىرىدىكى بايانلاردىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆرە: ھاجى پادىشاھ مىڭغا يېقىن خىزمەتچى، ياساۋۇل ۋە يىگىتلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىقتى. چېدىر ـ بارگاھلار كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. ياقۇپبەگ يىراقتىن كۆرۈپلا دەرھال ئالدىغا يۈگۈردى ۋە ھاجى پادىشاھنىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈرتتى. ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى دەم قولىغا، دەم بوينىغا ئېلىپ ھاجى پادىشاھنى ئات ئۈستىدە بارگاھقا ئېلىپ كەلدى. يېنىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمىتىگە ھازىر تۇرغان تۆت پانسات ھاجى پادىشاھنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتتىن چۈشۈردى. ياقۇپبەگ «كىمكى بىر ھاجى ياكى غازىنى قۇچاقلاپ قارشى ئالسا، مىڭ مەيغەمبەرنى قۇچاقلاپ قارشى ئالغاندەك بولىدۇ» دەپ ھەدىس سۆزلەپ، ھاجى پادىشاھنى قۇچاقلاش ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ساقلىدى. ھاجى پادىشاھ ئۆرە تۇرۇپ ياقۇپبەگنى قۇچاقلىدى. ياقۇپبەگ ھاجى پادىشاھنى قۇچاقلاپلا باشقا بىر ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى. ياقۇپبەگنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئۇ ھۇجرىغا بىرنەچچە كىشى يوشۇرۇنغانىدى، دەرھال ھاجى پادىشاھنى يەرگە باستى، ئۈستىدىكى كىيىملىرىنى سالدۇرغاندىن كېيىن ئارغامچا بىلەن ئۇنى باغلىدى. بۇ ئىشلارنى ھېچ كۆرگەن ـ بىلگەن بولمىدى.

ھاجى پادىشاھ بىلەن كەلگەن ياساۋۇل ۋە يىگىتلەر تېخىچە ئاتلىرىدىن چۈشمەي ئەمر كۈتۈۋاتاتتى. ئاتلىق غازى دەرھال ھاجى پادىشاھنىڭ نامىدا بىر

مەكتۇپ چىقارتتى، مەكتۇپتا: «بۇ كېچە مەن بۇ يەردە قېلىپ قېرىنداشلىرىم قۇشبېگى بىلەن سۆھبەتتە بولىمەن، ئەتە مېنىڭ بىلەن شەھەرگە كېلىشى ئۈچۈن تەكلىپ قىلىمەن. مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، ھەركىم شەھەرگە قايتىپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولسۇن. ئەتە نىيمەتۇللاھ خان بىزنى كۈتۈۋالسۇن.» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھاجى پادىشاھنىڭ مۆھرى بولغان، ئوتتۇزغا يېقىن باھادىرنىڭ ئىسمى يېزىقلىق بىر تىزىملىك تۇرغۇزغان بولۇپ، بۇ تىزىملىكتىكى كىشلەرنىڭمۇ نىيمەتۇللاھ خان بىلەن بىللە كېلىشى تەلەپ قىلىنغانىدى.

ئەسكەرلەر مەكتۇپنى ئوقۇدى. زۆھرە ۋە مۇشتەرى يۇلتۇزلىرى ئەينى رايوندا يەر ئاپتۇ، شۇملۇق ئوتتۇرىدىن يوق بوپتۇ، دەپ خۇشاللىقنى يوشۇرالمىدى ۋە ئاتلىرىنى شەھەرگە قاراپ چاپتۇردى. ئاتلىق غازى ئەتىسى خوتەن شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپ، ئىككى پوتەي (ئۈزۈنلۇق بىرلىكى بولۇپ بەش كېلومېتىرغا تەڭ) مۇساپىنى ئارقىدا قالدۇردى. نىيمەتۇللاھ خان ئوتتۇزغا يېقىن تاللانغان قوماندان، باھادىرلار بىلەن باراۋەر ئۆلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈتۈۋالدى. ياقۇپبەگ: ھاجى پادىشاھ ئاتام ئارقىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، بىللە كېلىسلەر، دەپ نىيمەتۇللاھ خاننى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنلەر بولسا، ئايرىم ـ ئايرىم چېدىرلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ يوق قىلىندى[55].

«ئاتلىق غازى ياقۇپبەگ» ناملىق ئەسەردە ئېيتىلغانلارغا قارىغاندا، ئۇ ۋاقىتتا ھاجى پادىشاھنىڭ ئوغلى سۇدۇرخان ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەتكەنىدى. ئۇ ھاجى پادىشاھقا، ياقۇپبەگنىڭ ھېچقانداق يامان نىيىتى يوقلۇقىنى، ھاجى پادىشاھنىڭ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈشىدە ھېچبىر مەسلىنىڭ يوقلۇقىنى

ئىپادىلەپ مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپتا يەنە ئاتىلىق غازى بىدەۋلەت ئەركانلىرى بىلەن باراۋەر خوتەنگە بەش كۈنلۈككە كېلىدىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالدى.

ئاتىلىق غازى دەرھال ئۆمەرقۇل دادخاھ ۋە مىرزا كېرىمبەگ پانساتبېشى قوماندانلىقىدا ئۈچ مىڭ چەۋەنداز؛ ئارقىسىدىن بەچچەبەگ باھادىر ۋە غازىبەگ باھادىر قوماندانلىقىدا بەش مىڭ كىشىنى؛ ئارقىدىن مىر بابا دادخاھ، ھەمدەم پانسات ۋە مەۋلان قۇل پانسات قوماندانلىقىدا ئالتە مىڭ لەشكەرنى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىشبەگ دادخاھ ، مۇھەممەد بابا توقسابا، مۇھەممەد زاكىر پانسات ۋە ئابدۇللاھ لەشكەربېشى قوماندانلىقىدا سەككىز مىڭ لەشكەرنى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن جامادار دادخاھ، خەير مۇھەممەد دادخاھ، مۇھەممەد ئەپەندى، تاش لاۋەر، تۆرە قۇل لاۋەر ۋە مۇھەممەد ئىبراھىم لاۋەر قوماندانلىقىدا 21 مىڭ توپچى ئەسكەرنى قىرىق دانە توپ بىلەن بىللە ئەۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بۈزرۈكخان تۆرە، كىچىك خان تۆرە، ئامىل خان تۆرە، ئەكبەر خان تۆرە ۋە باشقا بارلىق ئەركاننى يېنىغا ئالغان ياقۇپبەگ 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن بىللە خوتەنگە قاراپ يولغا چىقتى.

ھاجى پادىشاھ، ئوغلى سۇدۇرخاننىڭ ئەۋەتكەن مەكتۇپىنى ئوقۇدى ۋە پىيالمىغا كەلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ سەپەرگە بەك مەيلى يوق ئىدى، ئەمما ئوغلىنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن چارىسىز قالغانىدى. ياقۇپبەگ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. ئېگەرلىرى ئالتۇندىن ياسالغان بىر ئات بىلەن تۈرلۈك ـ تۈرلۈك نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى. ئۇ كېچە كامىل خان تۆرىنىڭ ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھاجى پادىشاھ ئۆزىگە ئورۇنلانغان ھىيلىنى بىلىپ يەتكەنىدى. يىگىرمە دانە مەكتۇپ ھازىرلىنىپ ئۆزىنىڭ مۆھرىنى بېسىپ خوتەنگە تابى بارلىق رايونلارغا يوللىدى. ئەندىجانلىق ئاتىلىق غازى، ھەزرىتى

ئىمامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن 60 مىڭ كىشىلىك لەشكەر ۋە كۆپ ساندىكى توپ بىلەن باراۋەر كەلگەنىدى، ئەمما ئەسلىي مەقستى بولسا خوتەننى قولغا ئېلىش ئىدى. ئۇ يازغان مەكتۇپتا: «ھازىرقى ۋەزىيەتتە مېنىڭ قۇتۇلۇشىم زوردەك تۇرىدۇ، مەكتۇپنى ئېلىپلا دەرھال ئىلچى شەھىرىنىڭ ئاقسارايى مەيدانىغا توپلىنىڭ ۋە ئەندىجانلىقلارغا قارشى جەڭ قىلىپ ئۇلارنى خوتەندىن قوغلاڭلار» دېدى[56].

مۇھەممەد ئەلەم ئۆز ئەسرىدە نىمەتۇللاھ خان بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ئۇچرىششى ھەققىدە ھېچ توختالماسلىق بىلەن بىرگە، ھەببۇللاھ ھاجى ھەققىدە بەرگەن بايانلىرىمۇ يۇقىرىدىكى بايانلاردىن بەكلا پەرقلىقتۇر. مۇھەممەد ئەلەمگە كۆرە: ياقۇپبەگ ئەڭ ئاۋۋال بەش پانساتنى ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە خوتەنگە ئەۋەتتى. ئارقىدىن خەير مۇھەممەد ياۋەر ۋە جامادار دادخاھ سەرۋازلىرى بىلەن يولغا چىقتى، ئۇلارنىڭ يانلىرىدا ھەببۇللاھ ھاجىمۇ بار ئىدى. غازىبەگ پانساتبېشى، ئالداشبەگ دادخاھ، ھاجىبەگ دادخاھ، مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى ۋە باشقا كىشىلەرنى يېنىغا ئالغان ياقۇپبەگ كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەڭ ئاخىرىدا يولغا چىقتى، مىربابا دادغاھنى ئەسكەرخانە دەپ بىلىنگەن ھەببۇللاھ ھاجىنىڭ سارىيىغا يەرلىششكە بۇيرىدى. چۈنكى خەزىنە ۋە ئامبارلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئىدى. ياقۇپبەگ ئۆزى بولسا قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىللە راۋاق سارىيىغا يەرلىشەتتى.

مىربابا دادخاھ خوتەن شەھىرىگە كەلدى ۋە ئەسكەرخانىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قورالسىزلاندۇرۇلۇپ مىلتىق، نەيزە ـ قىلىچ ھەممە نەرسىسى تارتىۋېلىندى. خەزىنىدىكى ئالتۇن، يامبۇ، پۇل ـ مال ۋە باشقا ھەممە نەرسە بىر ـ بىرلەپ تىزىملاندى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن

ھەبىبۇللاھ ھاجى ئەسكەرخانىدىن ئېلىنىپ، مەسۇمخان خوجا بىلەن بىللە يۈز يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا يەركەنگە ئەۋەتىلدى. ياقۇپبەگ پەقەتلا زىيارەتكە كېلىشكە دائىر قۇرئان كەرىمنى تۇتۇپ قەسەم قىلغانىدى، ئەمما ئەكسىچە ئەسكەرخانىنى قولغا ئېلىپ، خەزىنىلەرگە ئىگە بولۇۋالدى، ھەبىبۇللاھ ھاجى بىلەن مەسۇمخان خوجىنى يەركەنگە ئەۋەتتى. خوتەن ئاھالىسى ئىشنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى بىلىپ يەتتى ۋە ياقۇپبەگكە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. قوللىرىغا تاياق ـ توقماق نېمە بولسا شۇنى ئالغان ئاھالە تەرەپ ـ تەرەپتىن توپلىنىپ شەھەرگە كىرىشكە باشلىغان بولۇپ، سانلىرى 15 مىڭغا يەتكەنىدى. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ سەرۋاز، ئەسكەرلىرىنى كۆرگەنلا يەردە ئۆلتۈردى. ياقۇپبەگمۇ ئاھالىنى ئۆلتۈرۈش ئەمرىنى بېرىشتىن يانمىدى[57].

قارقاش ئاھالىسمۇ قوللىرىغا كالتەك ـ توقماق، قىلىچ ـ نەيزە نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ ياقۇپبەگكە قارشى ئىسيان كۆتۈردى ۋە خانئېرىققا كەلدى. ياقۇپبەگ دەرھال غازىبەگ پانساتبېشى بىلەن خەير مۇھەممەد ياۋەرنى سەرۋازلىرى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ بالىماس چۆلىدە قارشى ـ قارشىغا كەلدى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك ئۆتتى ۋە قاراقاشلىقلاردىن ئۈچ مىڭ، ئەندىجانلىقلاردىن[58] بەش يۈز كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. قاراقاشلىقلارغا[59] باش بولغۇدەك بىرى يوق ئىدى، جەڭدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قېچىشقا باشلىدى. ئەندىجانلىقلار بولسا خانئېرىققا كېلىپ ئورۇنلاشتى[60].

خوتەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن كەلگەن بورزان، سۇپا، تۇسانلا ۋە يورۇڭقاش ئاھالىسى قوللىرىغا نەيزە ـ كالتەكلەرنى ئېلىپ شەھەرنى قورشىۋالدى. كېچە ۋاقتىدا كېپەك ياۋەر سەرۋازلىرى بىلەن بىللە شەھەر ئىچىگە،

نەجمىددىن ياۋەر سەرۋازلىرى بىلەن يورۇڭقاش دەرۋازىسىغا، ياساۋۇل خۇدەيچى دادخاھ ھېيتگاھ دەرۋازىسى تەرىپىگە ئەۋەتىلدى. قۇياش كۆتۈرۈلۈشى بىلەن جەڭ باشلىنىپ، بىر سائەت بويىچە داۋاملاشتى ۋە جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. خوتەن ئاھالىسى ئۇلارغا قارشى تۇرالماي قېچىشقا باشلىدى، مىڭ كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى، ئەندىجانلىقلاردىن 550 كىشى ئۆلتۈرۈلدى[61]. ئۇ كېچە سۇدۇرخان خوجا زايىت جاللات تەرىپىدىن كاللىسى ئېلىنىپ ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە قولغا ئېلىنغان 36 كىشىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، ساراي ئىچىدىكى قۇدۇققا تاشلاندى ۋە ئارقىدىن قۇدۇق تىندۇرۇۋېتىلدى[62]. باشقا بىر مەنبە ئەسەردە كەلگەن بايانلارغا كۆرە: ياقۇپبەگ، ھاجى پادىشاھقا ناھايىتى ئاچچىقلىغاندى، چۈنكى خوتەن ئاھالىسىدىن ئۆزىگە بۇ قەدەر قارشىلىق كېلىدىغانلىقىنى ھېچ كۈتمىگەندى. سۇدۇرخانىنى يەركەنگە يوللىدى ۋە ئۇ يەردە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى[63].

ياقۇپبەگنىڭ يىگىت ۋە سەرۋازلىرى ئىسيان كۆتۈرگەن خوتەن ئاھالىسىنى ئۆلتۈرۈپ يېتىشىپ بولالمىدى، ھەتتاكى يەرلىك ۋە خوتەنگە سىرتتىن كەلگەن قاسساپلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلەر بىلەن بىللە قەتلىئام قىلىشقا بۇيرۇدى. قاسساپلار ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن جەسەتلەرنى خەندەكلەرگە تولدۇردى. شەھەر دەرۋازىلىرىدا ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن ئەمىرلەشكەر، پانسات ۋە سەرۋازلار تۇتۇۋالغان ھەركىم بولسا كۆپىنچىسىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى، پەقەت پۇل ـ مېلى بولغانلارلا جېنىنى ساقلاپ قالالىدى. ئارىدىن بەش كېچە ـ كۈندۈز ئۆتكەندە ئاتىلىق غازى قەتلىئامنى توختىتىشقا ئەمر قىلدى. بۇ ۋاقىتقىچە 50 مىڭغا يېقىن كىشىنى ئۆلتۈرگەندى[64]. باشقا بىر مەنبە ئەسەردە كېلىشىچە، 10 مىڭغا يېقىن ئىنسان ئۆلتۈرۈلگەندى[65]. ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرىدىن جەمئىي 6660 كىشى ئۆلگەندى[66].

ئاتىلىق غازى، ھاجى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىن چىققانلارنى بىر - بىرلەپ تىزىملاتتى. تىللا ۋە كۈمۈشتىن سىرت 16 دانە كوزىغا تولدۇرۇلغان ساپ ئالتۇنمۇ بار ئىدى. ھاجى پادىشاھ تەختتە ئولتۇرغان 30 ئاي ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاشخانا چىقىملىرىنى ئاتىلىرىدىن مىراس قالغان يەرلەرگە ئۆزى ئىشلەپ چىققان مەھسۇلاتلار بىلەن قامدىغان، مانجۇ ۋە ئەمەلدارلاردىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنى تىزىملىغاندىن كېيىن خەزىنىگە قويغان بولۇپ ھېچنەرسىگە چېقىلمىغانىدى. بۇ ئەھۋال ياقۇپبەگنى ناھايىتى ھەيران قالدۇرغانىدى[67].

ياقۇپبەگ يەركەندە شاغاۋۇل دادخاھقا[68] بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى ۋە ھەبىبۇللاھ ھاجى بىلەن ئوغلى مەسۇمخان خوجىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشكە ئەمر قىلدى. 1866 - يىلىنىڭ 13 - فېۋرال كۈنى شاغاۋۇل دادخاھ، ھەبىبۇللاھ ھاجىنى ئىپتارغا تەكلىپ قىلدى، ئىپتاردىن كېيىن ئۇ ۋە ئوغلى ھەققىدە ياقۇپبەگدىن ئۆلۈم ئەمرى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ھەبىبۇللاھ ھاجى غۇسۇل تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە ئاۋۋال ئوغلى ئاندىن ئۆزى ئۆلتۈرۈلدى.

ئاتىلىق غازى ئەمىرلەشكەر ۋە پانساتلار باشلىق بارلىق يىگىت ۋە سەرۋازلارغا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى. مىرբابا دادخاھنى خوتەنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى، خالمان پانساتنى ئەمىرلەشكەر، ھاجى تۇراپنى بولسا قازىئەسكەر قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي نىيازبەگ ئۇلارنىڭ ھەممىنى ۋەزىپىسىدىن ئالدى. ياقۇپبەگ بەش يۈز[69] ئەسكەرنى خوتەندە قالدۇرۇپ، قالغان بارلىق ئەسكەرلىرى بىلەن قەشقەرگە قايتتى[70]. «ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ» ناملىق ئەسەردە كەلگەنلەرگە كۆرە: مىربابا دادخاھ لەشكەربېشى، نىيازبەگ بولسا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن[71]. بۇ قاراش باشقا بىرقانچە مەنبە ئەسەرلەر ئارقىلىق تەستىقلانماقتا. ئەمما «جامىئۇتتەۋارىخ» ۋە «تارىخى ھەمىدىي»

ناملىق ئەسەرلەردە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنماقتا: ھاجى پادىشاھنىڭ يېپەك رەختلەر بىلەن بېزەلگەن تۆت تۆگىسى بار ئىدى، ياقۇپبەگ خەزىنىدىن چىققان ئالتۇنلارنى مۇشۇ تۆگىلەرگە ئارتىپ قەشقەرگە ئېلىپ كەتتى. تارىخ 1867ـ يىلى 5ـ مارتنى كۆرسەتمەكتە. قەشقەرگە كەلمەي تۇرۇپ يول ئۈستىدە ئەزىزبەگنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى؛ چۈنكى ئۇ ھاجى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىن ئىككى يۈز يامبۇ[72] ئوغۇرلىغانلىقىنى ئىقرار قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھاجى پادىشاھنىڭ دۇنيا گۈزەلى بىر توقلى بار ئىدى. ياقۇپبەگ، ئەزىزبەگنى خوتەنگە ئەۋەتكەندە ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىقنى ئالاھىدە تاپىلىغانلىقىغا قارىماي، ئۇ ساھىبجامالنى مەخپىي ئۆز نىكاھىغا ئېلىۋالغانلىقى ياقۇپبەگنى ناھايىتى غەزەپلەندۈرگەنىدى[73].

ياقۇپبەگنىڭ خوتەنگە تەيىنلىگەن ھاكىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق ئەسەردە بايان قىلىنغانلار، مۇھەممەد ئەلەمنىڭ قىلغان بايانلىرىغا كۆرە پەرقلىق بولماقتا. ياقۇپبەگ خوتەنگە مىرbaba دادخاھنى ئەمەس، يەركەنلىك نىيازبەگنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى[74]. خوتەندىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى نىيازبەگكە بېرىلدى. ئاتىلىق غازىنىڭ نىيازبەگكە بۇ قەدەر ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، نىيازبەگنىڭ تەكلىپى بىلەن يەركەنگە كەلگەن ياقۇپبەگ، ھامىدىن تۆرە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا[75] يېڭىلىپ قېچىشقا مەجبۇر قالغانىدا، نىيازبەگ ئۇنى ئىككى تاش مۇساپىغا قەدەر ئۇزاتقان ۋە تەۋسىيەلەر بەرگەنىدى. ئۇ ئەسنادا ياقۇپبەگنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەرگە كېلىشتە چىڭ تۇرۇۋشغا قارىماي، ئائىلىسىنى ئويلاپ يەركەنگە قايتىپ كېتىشى ياقۇپبەگدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغىنى بولسا، ئىسھاق خوجا يەركەندە تۇڭگانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كېچە ھۇجۇمغا تەييارلانغىنىدا، ئۇ ياقۇپبەگكە ئادەم ئەۋەتىپ

ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلغانىدى. ياقۇپبەگ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۇنۇتمىغانىدى. ئەمما كىم بىلسۇنكى، بۇ ھىيلىگەر نىيازبەگ ئاتلىق غازىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولاتتى[76].

1 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 247.

2 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 307 a.

3 Muhammed Elem, Heze Tezkere-i Hacı Padişah Habibullah ve Raşiddin Han Gazi ve Yakup Beg, Hotan, 1894, s. 2 a.

Konumuz için önemli bir kaynak olan mezkûr el yazması eserin bir nüshası Rusya Bilimler Akademisi St. Petersburg Şarkiyat Enstitüsü'nde bulunmaktadır. Kayıt nu: B 2332 (1498 nov). N. F. Petrovsky'nin Kaşgar'dan getirdiği el yazma eserler koleksiyonunda yer almıştır. Petrovsky Rusya'nın Kaşgar başkonsolosluğunda konsolos (1882-1896) ve başkonsolos (1897-1904) olarak görev yapmıştır. V. V. Barthold 1920 yılında eserden ilk olarak bahsetmiş ve esere "Kaşgar Tarihi" ismini vermiştir. (V. V. Bartold, "Otçet o Komandirovke v Turkestan", Soçineniya, T. 8, İzd. Nauka, Moskva 1973, s.366-396).

Daha sonraları D. İ. Tihonov ("Uygurskie İstoriçeskie Rukopisi Kontsa XIX i Naçala XX Veka", Uçennie Zapiski İnstituta Vostokovedeniya, T. IX, İzd. Akademii Nauk SSR, Moskva, 1954, s.150-155); A. M. Muginov (Opisanie Uygurskih Rukopisey İnstituta Narodov Azii, İzd. Akademii Nauk SSR, Moskva 1962, s.46-48) ve G. M. İbragimova ("Kratkaya Harakteristika Nekotorih İstoçnikov o Mançurskih Zavoevaniyah Sindjana", Uçennie Zapiski İnstituta

Vostokovedeniya, T. XVI, İzd. Akademii Nauk SSR, Moskva, 1958, s.409-414; “Rukopis Muhammeda Aljama- İstoçnik po İstorii Sindjana”, İstoriografiya i İstoçnikovedenie İstorii Stran Azii, Vıp. 1, İzd. Leningradskogo Universiteta, Leningrad 1965, s.50-55) da eser hakkında araştırmalarda bulunmuşlardır.

Eserin bir başka nüshası Fransa Enstitüsü (Institut De France) kitaplığında bulunmaktadır, kayıt nu: Ms 3348-8’dir. Fernand Grenard tarafından Hotan’dan Paris’e getirilmiştir. Çalışmamızda kaynak eser olarak bu nüsha (Paris nüshası) kullanılmıştır. Sayfa numaraları ile ilgili olarak, eserin orijinalinde sayfa numaraları yoktur, varak numaraları da sonradan ilave edilmiştir. Varak numarasının bulunduğu sayfa mezkûr numaranın a sayfası, numara olmayan sayfa ise b sayfası olarak kullanılmıştır. Kapak kısmında eserin ismi “Heze Tezkere-i Hacı Padişah Habibullah ve Raşiddin Han Gazi ve Yakup Beg” yazısı vardır. Kapağın arka sayfasında iki mısradan oluşan bir şiir vardır. Japonya’dan Prof. Masami Hamada, mezkûr eser hakkında geniş kapsamlı bir çalışma yapmıştır. Barthold’un esere verdiği “Kaşgar Tarihi” ismini kendisi uygun bulmamış ve eseri yeniden “Hotan Tarihi” olarak isimlendirmiştir. Bin Tian Zheng Mei (Masami Hamada), “Shi-jiu shi-ji Weiwuer li-shi wen-xian dao-yan” (十九世纪维吾尔历

史文献导言), Çev. Chen Jun-mou (陈俊谋), Minzu Yi-cong, C.3, Zhong-guo She-hui Ke-xue Chuban-she, Be-i-jing, 1985, s. 40-49.

4 Tarihi Hamidi adlı eserde ise Molla Habibullah Müftü Hacı olarak verilmiştir. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 247.

5 A.e., s. 377-378. Ömer, Badevletname, s. 16 b.

6 Yurdunu ve diyarını terk ederek zamanını Harameyn-i Şerifeyn'de ibadetle geçiren kimse.

7 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 378-379.

8 Muhammed Elem, yirmi altı kişi olduklarına dair bilgi verirken, diğerlerinin isimlerini vermemiş olsa da, muhtemelen Habibullah Hacı'nın başka akrabalarını da dâhil etmiş olabilir. Elem, a.g.e., s. 2 b. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 247.

9 Elem, a.g.e., s. 3 a / b, 4 a.

10 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 379.

11 Ömer, Badevletname, s. 15 b.

12 Liu, a.g.e., C:II, s. 95.

13 Elem, a.g.e., s. 4 a / b, 5 a.

14 Burada dikkat edilmesi gereken önemli bir husus da Hotan'daki Tunganların durumudur. Yukarıda anlatılanlardan farklı olarak Tarihi Hamidi adlı eserde verilen bilgilere göre, Hotan ahalisi müftü Habibullah Han Hacı'yı beyaz keçe üzerine oturttturdular ve kendilerinin padişahı ilan

ettiler, Mançulara karşı başkaldırdılar. İster Mançu ister Tungan olsun hepsini yer ile yeksan ettiler (yok ettiler). Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 379-380.

15 Elem, a.g.e., s. 5 a / b.

16 Mançular Doğu Türkistan istilası sırasında muhtelif şehirlerde surlarla çevrili birer yeni şehirler inşa etmişlerdir ki, onlara Yeni-şehir denilirdi. Çince kaynak eserlerde ise Man-cheng (满城) veya Han-cheng (汉城) olarak adı geçmektedir. Mançu askerleri de dâhil bütün Mançu memurlar ve aileler mezkûr şehirlerde kalırlardı. Yerli ahalinin mesken tuttukları şehirlere (bölgelere) ise Köhne-şehir denilirdi; Çince kaynaklarda ise Hui-cheng (回城) olarak zikredilmektedir. Bu isimler bazı bölgelerde günümüze kadar kullanılmaktadır.

Bilgi için ayrıca Bkz.: Ch'en, a.g.e., s. 7-8.

17 Elem, a.g.e., s. 6 a.

18 A.e., s. 6 b, 7 a.

19 A.e., s. 7 b, 8 a.

20 A.e., s. 8 a / b, 9 a. L. V. Dmitrieva, A. M. Muginov, S. N. Muratov, Opisanie Tyurkskih Rukopisey İnstituta Narodov Azii I İstoriya, Pod Redaktsiey A. N. Kononova, İzdatelstvo "Nauka", Moskva 1965, s. 13. (Institut Narodov Azii Akasemii Nauk, Russia. C579) (Mezkûr el yazması eserin ismi ve yazarı bilinmemektedir. XIX. yüzyılın sonunda ya-

zılmıştır. 1864 yılında vuku bulan Kuçar Ayaklanmasından başlayıp 1877 yılında Yakup Beg'in ölümüne yani Hanlığın çöküşüne kadar olan zaman zarfında Doğu Türkistan'da meydana gelen hadiselerin kısa bir özetini içermektedir.)

21 Elem, a.g.e., s. 9 a / b, 10 a. Ömer, Badevletname, s. 17 a.

22 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 382-384.

23 Elem, a.g.e., s. 20 b, 21 a / b.

24 A.e., s. 23 b.

25 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 381-382. Ömer, Badevletname, s. 21 a / b.

26 A.e., s. 15 a.

27 Elem, a.g.e., s. 10-11 a / b.

28 A.e., s. 11 b, 12 a.

29 A.e., s. 12 b, 13 a.

30 A.e., s. 13 a / b, 14 a.

31 A.e., s. 14 a / b, 15 a.

32 A.e., s. 15 b, 16 a.

33 A.e., s. 16 b, 17 a / b, 18 a.

34 Sulama işlerinden sorumlu memur.

35 Elem, a.g.e., s. 18-20 a / b.

36 Bir de bakınız aynı eser (Tarihi Hamidi) sayfa 380'de Yarkent'ten Hotan'a gönderilen asker sayısı üç bin olarak

verilmiştir.

37 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 247-249.

38 A.e., s. 253-254, 380.

39 Elem, a.g.e., s. 10-11 a /b, 13 a /b, 15-17 a / b, 18 a.

40 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 360-362.

41 Elem, a.g.e., s. 23 b.

42 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 363.

43 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 363-364.

44 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s.206 b, 205 a / b, 204 a / b, 203 a.

45 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 13.

46 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 10.

47 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 60-61 a / b, 62 a, 67 b (Prov. 115).

48 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 364.

49 A.e., s. 365-366.

50 Elem, a.g.e., s. 24 a / b, 25 a. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 197 a. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 70 a / b (Prov. 115).

51 Elem, a.g.e., s. 25 a / b. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 197-194 a / b. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 70 b, 71-72 a / b (Prov. 115).

52 Cami'üt Tevaih'te verilen bilgilere göre Aziz Beg Toksaba dört yüz yetmiş asker ile beraber Hotan'a doğru yola

çıkmıştır. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 193 b. Atalık Gazi Yakup Beg adlı esere göre ise Aziz Beg Toksaba bin beş yüz sipahi ile beraber hareket etmiştir. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 73 a (Prov. 115).

53 Elem, a.g.e., s. 25 b, 26 a. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 194 b, 193 a / b.

54 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 369. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 193 b, 192-189 a / b. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 11. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 73 a / b, 74 a (Prov. 115).

55 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 366-368.

56 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 74-75 a / b, 76 a (Prov. 115).

57 Elem, a.g.e., s. 26 a / b, 27 a. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 369-370. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 186 b, 185 a. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 11. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s.14.

58 Cami'üt Tevarih'te verilen bilgilere göre Mirza Ahmet komutasındaki bin asker Karakaş ahalisine karşı savaştı. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 180 b, 179 a.

59 Atalık Gazi Yakup Beg adlı eserde verilen bilgilere göre Yakup Beg'e karşı savaşmak için Karakaş'dan on iki bin kişi gelmişti. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 76 b (Prov. 115).

60 Elem, a.g.e., s. 27 a.
61 Atalık Gazi Yakup Beg adlı eserde anlatılanlara göre Hotan ahalisinden sekiz bin kişi hayatını kaybederken; Yakup Beg'in ise iki yüz kırk askeri öldürülmüştür.
Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 78 b (Prov. 115).
62 Elem, a.g.e., s. 27 b. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 185 a, 179 b. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 76 b, 77 a / b (Prov. 115).
63 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 78 a (Prov. 115).
64 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 371-372. Ömer, Badevletname, s. 37 a. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 11.
65 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 14.
66 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 11.
67 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 373.
68 Cami'üt Tevarih'te verilen bilgilere göre Hacı Padişah'ı Abdullah Yüzbaşı öldürülmüştür, o sırada Yakup Beg henüz Zava'da idi. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 185 b.
69 Cami'üt Tevarih'e göre Yakup Beg Hotan'a 2000 asker, 500 serbaz ve dört adet top bırakmıştır. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 178 a.
Atalık Gazi Yakup Beg adlı eserde verilen bilgilere göre ise, Yakup Beg'in Hotan'da bıraktığı asker sayısı ise on bindir, ancak mezkûr sayı gerçeğe oldukça uzaktır.
Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 78 b (Prov. 115).

70 Elem, a.g.e., s. 27 b, 28 a. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 376. Yusuf, Cami’üt Tevarih, s. 178 a. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 11-12.

71 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 78 b (Prov. 115).

72 Cami’üt Tevarih’te üç çeyrek (27 kg) altın olarak verilmiştir. Yusuf, Cami’üt Tevarih, s. 177 a. Bir başka kaynak eserde ise yedi kese altın olarak kaydedilmektedir. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 11.

73 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 373-374, 376. Yusuf, Cami’üt Tevarih, s. 178-177 a / b. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 80 a / b (Prov. 115).

74 Bir başka kaynak eserde verilen bilgiler de Yakup Beg’in Niyaz Beg’i Hotan’a Hâkim tayin ettiğini doğrulamaktadır. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 14.

75 İlk bölüm Kuçar Ayaklanmasına bakınız.

76 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 374-376.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## ياقۇپبەگنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتى

### قەشقەرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە سىدىقبەگ

كۇچا قوشۇنى مانجۇلارغا قارشى قوزغالدى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە راشىدىنخان خوجا تەختتە ئولتۇردى. خەتىپ خوجا قوماندانلىقىدىكى كۇچا قوشۇنى ئۈچتۇرپاننى ئىگىلىدى ۋە ئۈچ ئايدىن كېيىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەمما شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت قەشقەرنى ئېلىشقا ئىمكان بەرمىدى[1]. چۈنكى، مانجۇلارنىڭ قەشقەردە قىرغىز ـ قىپچاقلارغابەگ قىلىپ تەيىنلەپ بەرگەن قىرغىز ئەلىياربەگ ئوغلى سىدىقبەگ[2]، مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، مانجۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلدى، قالغان ئاز قىسمى بولسا يېڭىشەھەردە مۇھاسىرىگە ئېلىنغانىدى[3]. جامالىدىن خوجا قوماندانلىقىدىكى كۇچا قوشۇنى ئاقسۇنى قولغا ئالغىنىدا، ئاقسۇنىڭ ھاكىمى سەيىدبەگ قەشقەردىكى ئاكىسى قۇتلۇقبەگنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى.

قەشقەردىكى تۇڭگان ما شيۇزى (马秀子) سەيىدبەگنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال تۇڭگان چوڭلىرىدىن جىن لاۋسەن (金老三) نى بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ما شيۇزى، جىن لاۋسەن ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ جەمئىي تۆت كىشى يېڭىسارغا قاراشلىق ئاقتۇغا كېلىپ، سىدىقبەگنى ۋەزىيەتتىن خەۋەردار قىلدى.

مانجۇ تۇپراقلىرىدا داخۇ ۋە شياۋخۇ قوماندانلىقىدا يۈز مىڭغا يېقىن تۇڭگان مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى[5]. كۇچادىكى خوجىلار بىلەن ئىتتىپاقلاشقان تۇڭگانلار مانجۇلارغا قارشى باراۋەر ئۇرۇشتى. كورلا، قاراشەھەر، توقسۇن، ئۇچتۇرپان ۋە باشقا شەھەرلەر ئىسهاق خوجا تەرىپىدىن ئېلىندى. سۇ يىڭشى (苏英世) دېگەن تۇڭگان مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئىسهاق خوجىنىڭ يېنىدىن يەر ئالدى. قەشقەردىن ئاقسۇغا كەلگەن تۇڭگانلار بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىنى سىدىقبەگكە سۆزلەپ بەردى. شۇنداقلا، بىرلىكتە قەشقەرنى قولغا ئالغان تەقدىردە سىدىقبەگنى قەشقەرگە خان قىلىدىغانلىقىنىمۇ تىلغا ئالدى. سىدىقبەگ بۇنى قوبۇل قىلدى ۋە دەرھال تاغلىق رايونلاردىكى قىرغىزلارغا خەۋەر يوللاپ، مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ يېنىدا بولۇشلىرىنى تەلەپ قىلدى. يېڭىشەھەردىكى مانجۇلار بۇ ئەھۋاللارنى بىلگىنىدە، دەرھال تۇڭگانلارنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. تۇڭگانلار مانجۇلارغا قارشى بىر كېچە - كۈندۈز تىركەشتى، ئەمما تەڭ كېلەلمىدى ۋە مانجۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

تاغلىق رايوندىن كەلگەن تۆت مىڭغا يېقىن قىرغىز - قىپچاقلار سىدىقبەگنىڭ يېنىدا توپلاندى[6]، يېشى چوڭراق بولغان قىرغىزلار يۈزبېشى قىلىپ تەيىنلەندى ۋە ئۇرۇش تەييارلىقلىرىنى قىلدى. قۇتلۇقبەگ يېڭىشەھەردىكى

مانجۇلارنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى. قورقۇنچ ۋە دىلىغۇللۇققا چۈمگەن مانجۇلار، دەرھال توختى ئىشقىئاغابەگ ۋە تاھىربەگ قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ سىدىقبەگكە قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئەمر قىلدى. شۇنداقلا، يېڭىشەھەردىن ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىدىغانلىقلىرىنى ئېيتتى. قۇتلۇقبەگ قېرىندىشى سەييىدبەگنى ئىيسابەگ كور بىلەن بىللە سىدىقبەگكە قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ يېنىدا يەرلىك ئاھالىدىن تەركىب تاپقان 1700 ئەسكەر بار ئىدى. ئەمما مانجۇلار شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقىۋالدى ۋە ئىلگىرى ئېيتقان ھەمدەمچە ئەسكەرلەرنىمۇ ئەۋەتمىدى. نەتىجىدە ئۇلار تازغۇنغا قاراپ يولغا چىقتى.

سىدىقبەگ ئۈچ مىڭ قىرغىز ئەسكەرنى يوللىدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ قارشى - قارشىغا كەلدى ۋە تۆتتىن ئەسكەر نەيزىلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قاراپ ئات سالدى. ئىيسابەگ كور ئىككى يىگىتنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپلا قېچىشنى قارار قىلدى. ئىشقىئاغابەگ ۋە تاھىربەگ يىگىتلىرى بىلەن بىللە قارشىلىق كۆرسەتتىمۇ، سانلىرى كۆپ بولغان قىرغىز - قىپچاق ئەسكەرلىرى قارشىسىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قاچتى. تاھىربەگنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلدى - دە، قىرغىز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ سىدىقبەگنىڭ يېنىغا يوللاندى ۋە زىندانغا مەھكۇم قىلىندى. توختى ئىشكئاغابەگ بولسا شەھەرگە قېچىپ بېرىۋالدى. ئەمەلىيەتتە قۇتلۇق ھاكىمبەگمۇ ئۇلارنىڭ چېكىنىش ئەمرىنى بەرگەن ئىدى.

سىدىقبەگ 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن قىزىل تۆپىگە كەلدى ۋە شەھەرنى قورشاۋغا ئالدى. ئەمما، ئاستىن ئارتۇش، ئاغۇ ۋە ئۈستۈن ئارتۇش ئاھالىسى سىدىقبەگكە قارشى چىقتى. ئەزىمبەگ مىڭ كىشى بىلەن سەمەنگە كېلىپ

تاھىربەگنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. سىدىقبەگ بۇنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئارىلىرىدا توقۇنۇش باشلىنىدۇ. قىرغىز ئەسكىرىدىن ئىككى يۈزى، ئەزىمبەگ بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن 86 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. ھەركۈنى دېگۈدەك كىچىك ـ كىچىك توقۇنۇشلارنىڭ ئايىغى كېسىلمىدى. شەھەردىن ئېتىلغان توپ ئوقلىرى كۆپ ساندىكى قىرغىز ـ قىپچاق ئەسكەرلىرىنى ھالاك قىلدى. شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم ئىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى، شەھەر ئىچىدە ئاچارچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

يۇرت چوڭلىرىدىن نەزەربەگ، ئۆمەربەگ، توختى مۇھەممەد ئەلەم ئاخۇن ۋە باشقا كىشىلەر بىر يەرگە توپلىنىپ، قۇتلۇقبەگنىڭ ئىمتىيازىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە سىدىقبەگكە ئەلچى ئەۋەتتى. سىدىقبەگ ئۇلاردىن شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى؛ بەگ ۋە ئاخۇنلارنىڭ ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىش بىلەن بىرگە، مانجۇلارغا ئۆزى بىلەن بىللە ئۇرۇشۇشلىرىنى تەلەپ قىلدى. نەزەربەگ قىپچاق ـ قىرغىزلارغا شەھەرنى بەرمەيمىز دەپ بۇ تەلەپلەرنى قوبۇل قىلمىدى ۋە جەڭگە ھازىرلاندى.

نەزەربەگ، موللا ئالىم قۇلغا ئەلچى ئارقىلىق بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى، مەكتۇپتا: ئاۋۋال قەشقەرنىڭ ھېچبىر زامان قىرغىز ـ قىپچاقلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولمىغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىگە باغلىق بولغان سىدىقبەگنىڭ كۈچادىكى تۇڭگانلارنىڭ قوزغىلىشىنى باھانە قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى، كۆپ ساندىكى ئادەملىرى بىلەن بىللە كېلىپ ئىككى ئاي ياقى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ياردەم تەلەپ قىلدى. موللا ئالىم قۇل مەكتۇپنى ئوقۇپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قەشقەرگە بىر ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى قەشقەرگە كېلىپ ئاۋۋال نەزەربەگ بىلەن ئەمەس، بەلكى

سىدىقبەگ بىلەن كۆرۈشتى، موللا ئالىم قۇلىنىڭ مۆھرىنى سىدىقبەگكە كۆرسىتىپ شەھەرگە كىرىشنى تەلەپ قىلدى. نەزەربەگ باشلىق شەھەر چوڭلىرى ئەلچىنىڭ قوقەنتتىن كەلمىگەنلىكىنى، بەلكى سىدىقبەگنىڭ ھىيلىسى دەپ قاراپ ئۇنى شەھەر ئىچىگە ئالمىدى. ئارا ـ سىرا داۋاملاشقان توقۇنۇشلار بىلەن 90 كۈن ئۆتتى. سىپىل ئىچىدە قەھەتچىلىك تېخىمۇ يۇكسىلىشكە باشلاپ، شەھەرنى ئەندىشە قاپلىدى. بۇ ۋاقىتتا قەشقەرلىك ئابدۇرەھىم چوڭنىڭ ئوغۇللىرىدىن شەمسىددىن ھاجى ۋە لەتىپ ھاجى ئاكا ـ ئۇكىلار، خانلىق مەدرىسىنىڭ ئالدىدىكى ئامانلىق مەركىزىدىكى مانجۇ ئەسكەرلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى، مۇھەممەد شاھنىمۇ ئۆلتۈردى. ئۇلار مانجۇلارغا قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرگەندى، ئۇلارغا باشقا كىشىلەرمۇ قوشۇلدى. شەھەرنىڭ بەگلىرى ئۇلارغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتتى ۋە لەتىپ ھاجىنى ئۆلتۈردى. شەمسىددىن ھاجى بۇلاق تەرەپتىن سىپىلغا چىقىۋالدى ۋە ئادەملىرى بىلەن بىرگە مانجۇلارنىڭ بەگ ـ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. سىدىقبەگ قول ئاستىدىكىلەرگە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئەمرىنى بەردى.

قىرغىز ـ قىپچاق ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىردى ۋە مانجۇلارغا باغلىق بەگلەرنىڭ بارلىق مال ـ بارلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. نەزەربەگ، ئۆمەربەگ، توختى مۇھەممەد ئەلەم ئاخۇن ۋە باشقا كىشىلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. قۇتلۇق ھاكىمبەگ ئائىلىسى بىلەن باراۋەر ئەندىجانغا يوللاندى. سىدىقبەگ شەھەرنى قولغا ئالدى، تۈڭگان ما شيۇزى ۋە جىن لاۋ سەنىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. يېڭىسارنىمۇ ئېلىپ، ئاكىسى پەيزۇللاھ خاننى ئۇ يەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ئارتۇشنىڭ يۇرت چوڭلىرىدىن نۇرغۇن كىشى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. ئاندىن سىدىقبەگ يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. مانجۇ ئەسكەرلىرى ئۈچ قېتىم شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلدى، ئەمما غەلىبە قىلالمىدى.

بۇ ئارىدا قەشقەرنىڭ بۈيۈكلىرى بىرلىككە كېلىپ، سەييىدبەگنى ئىككى يۈز يامبۇ ھەدىيە بىلەن ئىلىغا ئەۋەتتى. سەييىدبەگ ئۇ يەردە مانجۇلاردىن ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئىلىغا بارالمىدى، ئەمما ئاركە دېگەن يەردىن قىرغىزلارنىڭ چىرىك قەبىلىسىدىن بولغان ئۈمىد ئەلى قوماندانلىقىدىكى 30 مىڭ قىرغىزنى قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۈچ كۈن قىزىل دەريا بويىدا ساقلىدى، سىدىقبەگ بىلەن كۆرۈشتى ۋە كېچىدە قاچتى. سىدىقبەگنىڭ ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ كۆپ ساندىكىلىرىنى ئۆلتۈردى. ئارتۇشنىڭ يۇرت چوڭلىرىدىن بىرقانچە كىشى كوچاغا كېلىپ خان خوجىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. جامالىدىن خوجا قوماندانلىقىدىكى 10 مىڭ كىشىلىك كوچا ئەسكىرى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپ قۇمتاغقا كەلدى. ئۇ يەردە سىدىقبەگنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشتى ۋە يېڭىلىپ قالدى. بىر ئايدىن كېيىن سىدىقبەگ تەرىپىدىن قوغلاندى. قەشقەر ئاھالىسى بولسا، خار ۋە زەبۇنلۇقتا ياشاشقا مەھكۇم قالدۇرۇلدى[7].

سىدىقبەگنىڭ قوقەنتكە — موللا ئالىم قۇلغا ئەلچىلىك ھەيئىتى ئەۋەتىشى

ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتتى، سىدىقبەگ ئۆز ئالدىغا قەشقەرنى ئىدارە قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھەمىد ئەلەم باشلىق بىر قانچە يۇرت كاتتىلىرى بىلەن توپلىنىپ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئىستىشارە

قىلدى. ھازىر مانجۇلارنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ شەھەرنى ئېلىشىنىڭ ئاساسەن ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى، پەقەت باشقا بىر دۆلەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىشنىڭ توغرا بىر قارا ئىكەنلىكى ئېيتىپ ئۆتتۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ بەك يىراق بولۇشى، ئەلچى ۋاستىسى بىلەن بۇ تەكلىپنى رۇسلارغا سۇنسا، تەكلىپ بارغانغا قەدەر قوقەنت تەرەپتىن قەشقەرگە كېلىدىغان بىر ھۇجۇم ئېھتىمالىنىڭ ئۇزاق ئەمەسلىكىمۇ ئېيتىپ ئۆتتۈلدى. بۇ ئىستىشارىدىن ئەندىجانغا موللا ئالىم قۇلغا بىر ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىش قارارى ئېلىندى ۋە شەھرىيارىبەگ باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت يولغا چىقتى[8].

سىدىقبەگ ئەلچى ھەيئىتى بىلەن بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپتا: قەشقەرنى مانجۇلارنىڭ قولىدىن ئالغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، تۆرىلەردىن[9] بىر كىشىنى قەشقەرگە ئەۋەتىلىشىنى، قەشقەرنىڭ دارۇس سەلتەنەتى قوقەنتكە تابى بولۇشىنى ئېپادە قىلغانىدى[10]. قەشقەر ئاھالىسى سىدىقبەگكە باغلىق ئىكەنلىكىنى تىلىدا ئېپادىلىسىمۇ، كۆڭۈللىرىدە تەستىق قىلمايتتى. رۇسلار 1864 ـ يىلىدا چىمكەنتنى بېسىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا موللا ئالىم قۇل ئەمىرلەشكەر رۇسلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن قوقانتتىن تاشكەنتكە كەلگەنىدى[11].

موللا ئالىم قۇل ئەلچى ھەيئىتىنى قوبۇل قىلدى؛ ھەمدەم باھادىربېشى، تۇراپ خوجا ياساۋۇلبېشى، ئابدۇللاھ يۈزبېشى ۋە غازى يۈزبېشى باشلىق يۈزلەرچە كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۈزرۈكخان تۆرىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. ئۇشقا كەلگىنىدە، ئۇلارغا ئەزىزبەگ جاللات، ياقۇپ كارناي ۋە باشقا يۈزگە يېقىن كىشى قوشۇلدى. بۇ ۋاقىتتا بۇخارا ئەمىرىدىن موللا ئالىم قۇلغا بىر يازما پەرمان كەلدى، ئۇنىڭدا: ياقۇپبەگ تۇتۇلۇپلا قالسا دەرھال ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر كېچىكتۈرسە

ياكى ئۆلتۈرمسە پەرغانىگە ئەسكەر ئەۋەتىدىغانلىقنى يازغانىدى. چۈنكى پسكەنتلىك ياقۇپبەگ، مەللە خانغا ئىتائەت ئەتمىگەن، قاچقىنىدا تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلانغان. ئەمما بۇخارا ئەمىرى مەرھەمەت كۆرسىتىپ ياقۇپبەگنى زىنداندىن چىقىرىپ يېنىغا ئالغان بولسىمۇ، ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ قاچقانىدى.

ئادەتتىن تاشقىرى تەھدىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مەكتۇپ، موللا ئالىم قۇلنى ئوبدانلا تەشۋىشكە سالدى. موللا ئالىم قۇل ياقۇپبەگنى يېنىغا چاقىردى ۋە مەكتۇپنى كۆرسەتتى. شۇنداقلا، بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ياقۇپبەگنىڭ پەرغانىدە قېلىشىنىڭ ئۇيغۇن بولمايدىغانلىقنى ئېيتتى. سىدىقبەگنىڭ تەلپىگە بىنائەن بۇزرۇكخاننى قەشقەرگە ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىمۇ توختالدى. لېكىن بۇزرۇكخان تۆرە قوماندانلىق ئىشلىرىنى تۈزۈك بىلمەيتتى. بۇ سەۋەبتىن ياقۇپبەگنى قۇشبېگى[12] قىلىپ تەيىنلىدى ۋە تېز سۈرئەتتە بۇزرۇكخان تۆرىگە يېتىششىنى تەنبىھلەپ بىر مەكتۇپ بىللە ئۇنى يولغا سالدى. ئۇلار تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە ئۇچراشتى، بۇزرۇكخان تۆرە ناھايىتى خوش بولدى؛ ياقۇپبەگ ئىككى يۈزگە يېقىن يىگىتلەرنىڭ بېشى قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ 16 كۈندىن كېيىن، مىڭيول قاراۋۇلخانىسىغا كەلدى[13]. قەشقەرگە كەلگەنلىرىدە بولسا تارىخ ھىجرىيە 1281ـ يىلىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى[14]. بۇ ۋاقىتتىن كېيىن ياقۇپبەگ شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى مۇھىم ئۇنسۇرلاردىن بىرى بولۇپ قالاتتى.

«بەدەۋلەتنامە»دە تىلغا ئېلىنغانلار، يۇقىرىدىكى «تارىخى ھەمىدىي»دە بايان قىلىنغانلاردىن بىر ئاز پەرقلىقتۇر. «بەۋدەلەتنامە»گە كۆرە: موللا ئالىم قۇلغا قەشقەردىن بىر ئەلچى ھەيئىتى كېلىپ، ئاپپاق خوجا نەسەبىدىن بىر

كىشىنىڭ قەشقەرگە ئەۋەتىلىشىنى تەلەپ قىلدى. موللا ئالىم قۇل، جاھانگىر خان خوجىنىڭ ئوغلى بۈزرۈك خان تۆرىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، ياقۇپبەگنى لەشكەربېشى قىلىپ تەيىنلىدى. ئابدۇللاھ پانسات، ھەمدەم پانسات، غازى پانسانلارنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئالتە مىڭغا يېقىن لەشكەر ۋە چەۋەندازلارنى قەشقەرگە ئەۋەتتى[15]. «جامىئۇتتەۋارىخ»تا دېيىلىشىچە: ياقۇپبەگ قۇشبېگى قەشقەرگە كېيىن ئەمەس، بەلكى بۈزرۈكخان تۆرە بىلەن بىللە كەلگەنىدى[16]. باشقا بىر مەنبە ئەسەردە كەلگەن بايانلارمۇ ياقۇپبەگنىڭ بۈزرۈكخان تۆرە بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى تەستىقلىماقتا. ئۇلار بىلەن قەشقەرگە بىللە ئەۋەتىلگەنلەر ئىچىدە يەنە نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچى بىلەن مىر بابا دادخاھمۇ بار ئىدى[17]. «تارىخى خەمسەئى شەرقىي» ناملىق ئەسەرمۇ يۇقىرىقى بايانلارنى تەستىقلايدۇ، ئەمما ئەۋەتىلگەن ئادەملەرنىڭ سانى ھەققىدە ئازراق ئوخشىماسلىقلار بار؛ بۇ كىتابتىكى بايانىدا يۈزگە يېقىن كىشى ئەۋەتىلگەن، دېيىلگەن[18].

باشقا بىر ئەسەردىكى مەنبەمۇ ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە بۈزرۈكخان تۆرە بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى تەستىقلىماقتا. سىدىقبەگ ئەۋەتكەن ئەلچى ھەيئىتى موللا ئالىم قۇل تەرەپتىن ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىندى. موللا ئالىم قۇل، جاھانگىر خان تۆرە ئوغلى بۈزرۈكخان تۆرىنى قەشقەرنىڭ پادىشاھى دەپ ئېلان قىلدى، ئالتۇندىن تاج كىيدۈرۈپ، بېلىگە ئالتۇن قىلىچ ئاستى ۋە ئېگەرلىرى ئالتۇندىن ياسالغان ئىراق ئېتىغا مىندۈردى. ياقۇپبەگنى بولسا ۋەزىر ئەزەم قىلىپ تەيىنلىدى. 18 ئەركان ۋە ئىككى يۈز سىپايى بىلەن باراۋەر ئۇلارنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. سىدىقبەگنى بولسا لەشكەربېشى قىلىپ تەيىنلىدى[19].

«تارىخى فەرغانە ۋە قەشقەر» ناملىق ئەسەردە بولسا، سىدىقبەگنىڭ

قەشقەردىن موللا ئالىم قۇلغا ئەۋەتكەن ئەلچى ھەيئىتى ھەققىدە ھېچقانداق بىر مەزمۇن يوق. موللا ئالىم قۇل خېلى ئۇزۇن زاماندىن بېرى قەشقەر ۋە ئاھالىسى ھەققىدە مەلۇمات توپلاشقا باشلىغاندى، چۈنكى ئۇمۇ قەشقەرنى قولغا ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. جاھانگىر خان تۆرە ئوغلى بۈزرۈكخان تۆرىنى قەشقەر تەختىگە تۆرە ۋە خان قىلىپ تەيىنلىدى، بارلىق ئىمتىيازلارنى ياقۇپبەگكە بېرىپ، بۈزرۈكخان تۆرە بىلەن بىللە قەشقەرگە ئەۋەتتى[20].

## ياقۇپبەگنىڭ ھاياتىغا دائىر

رۇس گېنېرال ئا. ن. كۇروپاتكىن ياقۇپبەگ ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتقان: «ھېچ شۈبھىسىزكى، ياقۇپبەگ تارىخىي بىر شەخستۇر. ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئاسىيادىكى بارلىق مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ئارىسىدا ئەڭ جاسارەتلىكىدۇر.» ئا. ماكشەيېۋمۇ ياقۇپبەگ ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «ياقۇپبەگنىڭ ئاق مەسجىدتە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى سىياسىي جەھەتتىن قوقەنتلىكلەرگە ئەمەس، بەلكى بىز رۇسلارغا پايدىلىق بولغان. دېمەككى، ياقۇپبەگ بىزنىڭ ئەينى زاماندا خىۋەگە كۆرسەتكەن دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوقەنتكە ئاغدۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولغان تۇنجى ئادەم؛ شۇنداقلا يەنە، سىر دەريا تەرەپكە ئىلگىرىلەۋاتقان قوشۇنىمىزنىڭ يۈنىلىشىنى ئاق مەسجىد، تۈركىستان، تاشكەنت ۋە قوقەنت تەرەپكە بۇراپ، ئۇ يەرلەرنى ئىشغال قىلىشىمىزغا سەۋەب بولغان تۇنجى كىشىدۇر؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، بىزنى

تارىخ ئۈستىمىزگە يۈكلىگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەسىلىسىنى بىر دەقىقىمۇ كېچىكمەي ھەل قىلىشقا چاقىرغان تۇنجى كىشىدۇر.»[21]

پىسكەنتتە بىر قازى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ياقۇپبەگ[22]، كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئەسكىرىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغانىدى. نۇرمۇھەممەد قۇشبېگى تاشكەنتتە ھاكىم بولغان ۋاقىتتا، ياقۇپبەگنىڭ بىر يۇرتلۇقى ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيتتى. بۇ ۋەسىلە بىلەن ياقۇپبەگ مەھرەم بولۇپ ئىشقا ئېلىنغانىدى. قانات شاھ غازى تاشكەنتتە ھاكىمىيەتكە كەلگىنىدە تەلىيى ئوڭدىن كېلىۋاتقان ياقۇپبەگ، ئاۋۋال مەھرەم، ئاندىن يۈزبېشى، ئارقىدىن دەشتىقىپچاقنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان ئاق مەسجىدكە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ قوقەنت خانى خان ھەزرەتنىڭ(خۇدايار خان) ھۇزۇرىغا چىقىشنى تەلەپ قىلدى ۋە تەلىپى قوبۇل قىلىندى. مول مىقداردا ھەدىيەلەرنى بىللە ئېلىپ كەلگەن ياقۇپبەگ، خۇدايار خان تەرىپىدىن مەرھەمەت ۋە ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋېلىندى. شۇ ۋاقىتقا قەدەر ھېچكىم خۇدايار خانغا بۇ قەدەر كۆپ ھەدىيەلەر بىلەن كەلمىگەنىدى.

ياقۇپبەگ ئاق مەسجىدكە قايتتى، ئەمما خۇدايارخاننىڭ يېنىدىكى دۆلەت ئەركانلىرى بۇ ئەھۋالدىن بەك رازى ئەمەس ئىدى. قىزغىنىشلىرى سەۋەبلىك ياقۇپبەگنى قارىلاش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولۇپ، بىر تەرەپتىن خۇدايار خانغا ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلەرنىڭ ياقۇپبەگ ئىگە بولغان مال ـ دۇنيانىڭ ئوندا بىر، ھەتتا يۈزدە بىرى ئىكەنلىكىنى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ياقۇپبەگنىڭ تاشكەنتكە ئىگە بولۇش تاماسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئەگەر ياقۇپبەگ تاشكەنت ياكى باشقا بىرەر مۇھىم شەھەرنىڭ بېشىغا چىقىپ قالغان تەقدىردە، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھاكىمىيەتنىڭمۇ

قولدىن چىقىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىشتى. نەتىجىدە خۇدايار خان دەرھال ياقۇپبەگنىڭ قولغا ئېلىنىپ، ئىگە بولغان بارلىق مال ـ دۇنياسىنىڭ خەزىنىگە ئېلىنىشىنى ئەمر قىلدى[23].

ياقۇپبەگ قوقەنت خانىنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، خان ھەزرەتنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن ئابدۇللاھ يۈزبېشى باشلىق بىرقانچە كىشىگە ھەدىيەلەر بېرىپ، ئۆزى ھەققىدە بولۇنغان سۆزلەردىن خەۋەردار قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. «يېگەن ئېغىز ئۇيۇلۇپتۇ» دېگەندەك، ئۇلار ھەممە ئىشتىن ياقۇپبەگنى خەۋەردار قىلدى. ئالاش بىيىنى يېنىغا ئالغان ياقۇپبەگ كېچە ۋاقتى بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقتى. خۇدايار خانىنىڭ ئەۋەتكەن ياساۋۇللىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، سىر (سەيھۇن) دەرياسىغا قەدەر كەلدى. ياقۇپبەگ ئىلگىرى تەييارلىۋالغان بىر نەچچە تېرە تۇلۇمنى كۆپتۈرۈپ ئاغزىنى باغلىدى، ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاتلىرىنى يانلىرىدا ئۈزدۈردى ـ دە، دەريادىن ساق ـ سالامەت ئۆتىۋۋالدى، شۇ ماڭغانچە بۇخاراغا كەلدى. چارىسىز قالغان ياساۋۇللار قايتىپ كېتىشتى. بۇ ۋاقىتلاردا مەللە خان[24]مۇ قوقەنتتىن بۇخاراغا كەلگەن بولۇپ، بۇخارا ئەمىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ياقۇپبەگ مەللە خان بىلەن بىللە قوقەنتكە كەلدى. ياقۇپبەگ خوجەنتكە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى. نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگەن خان ھەزرەت ياقۇپبەگنى تۇتۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. ئەھۋالدىن خەۋىرى بولغان ياقۇپبەگ يەنە دەريادىن ئۆتۈپ قېچىپ بۇخاراغا كەلدى. خان ھەزرەت ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە ياقۇپبەگنىڭ زىندانغا ئېتىلىشى ئۈچۈن بۇخارا ئەمىرىگە مەكتۇپ يوللىدى. بۇخارا ئەمىرى ئۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ياقۇپبەگنى زىندانغا ئاتقۇزدى.

ئارىدىن سەككىز ئاي ئۆتۈپ، بۇخارا ئەمىرى شەھرى سەبزگە ئۇرۇش

ئېچىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ سەۋەب بىلەن جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىپ ئۇلارنى قوشۇنغا ئېلىش قارار قىلىندى. بۇخارا ئەمىرىنىڭ يېقىنلىرى ئىچىدىكى ياقۇپبەگنىڭ دوستلىرىدىن بىرقانچە كىشى ئۇنىڭ ياخشى سۆزلىرىنى قىلىشقا باشلىدى. زىنداندىن چىقىرىلغان ياقۇپبەگ پانسات قىلىپ تەيىنلەندى ۋە ئۇرۇشلاردا بۈيۈك غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ۋاقىتلاردا مەللە خان تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، خۇدايارخان ئىككىنچى قېتىم قوقەنت تەختىگە چىققانىدى، ئەمما ھەقىقىي ئىدارە ئىمتىيازى ئالىم قۇل قىرغىزنىڭ قولىدا ئىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ياقۇپبەگ، دەرھال مازار ـ ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىشنى باھانە قىلىپ سەمەرقەنتكە كەلدى. ئۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن، كېچە ۋاقتىدا يولغا چىقىپ، پەرغانىگە كەلدى ۋە موللا ئالىم قۇل بىلەن كۆرۈشتى[25].

## بۇزرۇكخان تۆرە ۋە ياقۇپبەگنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كېلىشى

موللا ئالىم قۇلغا ئەلچى ئەۋەتكەن سىدىقبەگ، بۇنداق بىر تەكلىپنى سۇنغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلغانىدى، ئەمما ئەمدى بەكلا كېچىككەنىدى. سىدىقبەگ، بۇزرۇكخان تۆرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئارقىدىن ئۆزى كەلدى. ئۇ كۈنلەردە ھەمرا خان بۇخارادىن قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ سىدىقبەگ تەرىپىدىن ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىنغانىدى[26]. ياقۇپبەگ مىڭيولغا كەلگىنىدە ھەمراخانغا بىر مەكتۇپ ئەۋەتىپ، سىدىقبەگنى ئەسكەرلىرى

بىلەن كېلىپ ئۆزىنى كۆتۈۋېلىشقا قايىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ھەمراخان بۇ ھەقتە سىدىقبەگنى قايىل قىلدى[27].

يەتتىدىن ـ يەتمىشكىچە بارلىق قەشقەر ئاھالىسى خۇشاللىقتىن تۆرىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن توپلانغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن سىدىقبەگ ۋە ئادەملىرى كۆرۈنمەي قالغىلى ئاز قالغاندى. مىربابا دادخاھ بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ ئالتۇن ھاسىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇلار سىدىقبەگنىڭ خانىسىغا دەۋەت قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا بىر كىشى: «خوجىلار كەلدى، ئەمدى قىپچاقلارنى قوغلىشىمىز كېرەك» دەپ ۋارقىرىدى. قوللىرىغا تاياق ـ توقماق ئالغان كىشىلەر قىرغىز ـ قىپچاقلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى، قىرغىز ـ قىپچاقلار قاچتى، سىدىقبەگمۇ پاراچقا[28] كېتىشكە مەجبۇر بولدى. توپلىغان يەتتە مىڭغا يېقىن كىشى بىلەن ئۇرۇشقا ھازىرلاندى ۋە شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇزرۇكخان تۆرە ۋە ياقۇپبەگ ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن يىگىتلەر ۋە شەھەردىن قوشۇلغان كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن بىللە جەڭگە كىردى. سىدىقبەگكە ئوق تېگىپ يەرگە يىقىلدى، قىرغىز ـ قىپچاقلار قېچىشقا باشلىدى. كۆپ مىقداردا غەنىيمەتلەر قولغا چۈشۈرۈلدى[29].

«بەدەۋلەتنامە» دېگەن ئەسەردىكى سىدىقبەگ ھەققىدە ئېيتىلغانلار يۇقىرىدىكى بايانلاردىن بىر ئاز پەرقلىقتۇر. «بەدەۋلەتنامە» ناملىق ئەسەرگە كۆرە: سىدىقبەگ قەشقەر ئاھالىسى بىلەن بىللە بۇزرۇكخان تۆرىنى ناھايىتى ياخشى قارشى ئالدى ۋە شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ كېچىسى ئۆز ئادەملىرىدىن ئونغا يېقىن كىشى بىر يەرگە توپلاندى، قوقەنتتىن كەلگەنلەرنىڭ شەھەرنى قولغا ئېلىپ ئۆزلىرىنى شەھەردىن قوغلىۋېتىشى ھەققىدە سۆزلەشتى ۋە كېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرقانداق خەتەرگە قارشى شەھەردىن چىقىپ كېتىشنى

قارار قىلدى. بۇزرۇكخان تۆرە دەرھال سىدىقبەگكە ئەلچى ئەۋەتىپ، مانجۇلارغا قارشى بىللە جەڭ قىلىش تەكلىپىنى سۇندى. سىدىقبەگ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جەڭ باشلاندى ۋە سەككىز سائەت بويىچە داۋاملاشتى. سىدىقبەگ ۋە ئەسكەرلىرى قېچىپ پاراشقا كەلدى (ئەسلىي قوقەنتكە بارماقچى ئىدى). شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىنىدى، سىدىقبەگ چارىسىز قېلىپ، ياقۇپبەگكە تەسلىم بولدى[30].

«جامىئۇتتەۋارىخ»تا بېرىلگەن مەلۇماتلارغا كۆرە: سىدىقبەگ ئۈچ مىڭغا يېقىن ئادەملىرى بىلەن بىللە يېڭىسارغا قاچتى. ياقۇپبەگ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى. سىدىقبەگكە يېڭىساردا ئەزىزبەگ قارشى تۇرالمىدى ۋە ئۇ يەردىن ئاقتۇغا ئۆتۈپ، تاغدىكى قىرغىزلارنى توپلىدى ۋە يەنە قەشقەرگە كېلىپ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك داۋاملاشتى، سىدىقبەگنىڭ قوماندانلىرىدىن ئىگەمبەردى باھادىر قىپچاق ئات سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە نەيزە بىلەن ھەمرا خاننى ئېتىدىن يەرگە يىقتتى. لېكىن قىرغىز ئەسكەرلىرى يەنىلا قارشى كېلەلمەي قېچىشنى تاللىدى. سىدىقبەگ ئاۋۋال ئاقتۇغا، ئۇ يەردىن سېرىق قولغا قاچتى. ئەزىزبەگ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۇيتاغقا كەلدى ۋە بىر سائەتكە يېقىن ئۇرۇشتى. قىرغىزلار يەنە قېچىشقا باشلىدى. ئەزىزبەگ نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى ۋە ئۇلارنى بۇزرۇكخان تۆرىگە تاپشۇردى. ئەزىزبەگكە توقسابا ئۇنۋانى بېرىلىپ يېڭىسارغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى[31].

سىدىقبەگكە مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر مەنبە ئەسەردە ئېيىلغانلار يۇقىرىدىكى بايانلاردىن بەزى مۇھىم پەرقلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارماقتا؛ بۇزرۇكخان تۆرە يولغا چىقىپ تېرەك داۋاندىن ئۆتۈپ كۆكسۇغا، ئۇ يەردىن ئوقسالۇر ۋە

ئاخىرىدا مىڭيولغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا بۇزرۇكخان تۆرىگە قوشۇلغان كۆپ ساندىكى قىرغىزلارمۇ بار ئىدى. مۇكەررەپ شاھبەگ، غاپپاربەگ، شەمسىددىن ھاجى، مۇھەممەد ئەلى باھادىربېشى باشلىق قەشقەرنىڭ ئۆلىما ۋە يۇرت چوڭلىرى ھەدىيەلەر ئېلىپ بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. سىدىقبەگمۇ 20 مىڭ قىرغىز ـ قىپچاق بىلەن بىللە مىڭيولغا كېلىپ بۇزرۇكخان تۆرىنى قارشى ئالدى ۋە ئۇنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلدى. ئەتىسى قەشقەرنىڭ يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىر يەرگە توپلىنىپ، بۇزرۇكخان تۆرىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى، چۈنكى ئۇلار سىدىقبەگنى خالىمايتتى. ئەندىشىگە چۈشكەن سىدىقبەگ ئادەملىرى بىلەن بىللە يېڭىسارغا قاراپ قاچتى. بۇزرۇكخان تۆرە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماسلىقنى ئەمر قىلدى، چۈنكى ئۇ سىدىقبەگنى ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلىدۇ دەپ قارايتتى.

سىدىقبەگ يېڭىسارغا كەلدى، ئۇنى ئاكىسى پەيزۇللاھبەگ كۈتۈۋالدى. ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئاقتۇغا كەتتى. تاغلارغا ئادەم ئەۋەتىپ كۆپ ساندا قىرغىزلارنى توپلىدى، يەنىلا قەشقەرنى بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ قولىدىن ئېلىش نىيىتىدە ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن خەزىنىلەرنى سەرپ قىلدى. بۇزرۇكخان تۆرە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولدى ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ سىدىقبەگنى قايتىپ كېلىشكە چاقىردى. سىدىقبەگ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى ۋە بارلىق ئانا يوللارنى تاقىدى. مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ خانئېرىقنىڭ ھاكىمى مەھمۇد خاننى ئادەملىرى بىلەن بىللە قولغا ئېلىپ ئاقتۇغا ئېلىپ كەلدى ۋە زىندانغا ئاتتى. كىچىك ـ كىچىك توقۇنۇشلارنىڭ ھېچ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

بۇزرۇكخان تۆرە مەھمۇد خاننى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن سىدىقبەگكە ئەلچى ئارقىلىق مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپتا: «سىدىق ئاغا، سىز بولسىڭىز بۇ شەھەرنى

ئۆزىڭىز ئۇرۇش قىلىپ ئالدىڭىز، بىز پەقەت سىزنىڭ دۇئاگۇيىڭىز، سىزگە ھېچبىر شەكىلدە توسقۇنلۇق قىلغۇچى بولمايمىز. مەھمۇد خاننى ئازاد قىلىشىڭىز بىزنى تولىمۇ مەمنۇن قىلىدۇ. ئىنشائاللاھ يەركەننى قولغا ئالغاندىن كېيىن، قەشقەر سىزگە قالىدۇ» دەپ يازغانىدى. ئەلچى سىدىقبەگكە بۇزرۇكخاننىڭ ئالتۇن نىشانى بىلەن بىللە ھەدىيەلەر ئېلىپ كەلگەنىدى. سىدىقبەگ ناھايىتى خۇشال بولدى، ئەلچىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە مەھمۇد خاننى قويۇپ بەردى. بۇزرۇكخان تۆرە مەھمۇد خاننى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي سىدىقبەگ مەھمۇد خاننى قويۇپ بەرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى. ئەتراپتىكى رايونلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئەسكەر توپلاشنى داۋاملاشتۇردى. تالان - تاراج قىلىشلار ھېچ ئۈزۈلمىدى. سىدىقبەگ قەشقەرنى ئېلىش ئۈچۈن 30 مىڭ كىشى بىلەن شەھەرنى قورشاۋغا ئالدى، قىرغىز ئەسكەرلىرى قۇم دەرۋازىغا قەدەر كەلدى. ھەمرا خان، ئەزىز جاللات ۋە غازىبەگ باھادىر قاتارلىقلار ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، قىرغىز ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەڭ بەش سائەت داۋاملاشتى، قىرغىز ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى ۋە كۆپ ساندىكى قىرغىزلار ئۆلتۈرۈلدى. سىدىقبەگ ئۆز قارارگاھىنى ئات بازىرىغا قۇرغانىدى، ھۇجۇمچىلار ئۇ يەرگە قەدەر كەلدى، سىدىقبەگ يەنە ئاقتۇغا قاچتى. ھۇجۇمچىلار مول غەنىيمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى.

بۇزرۇكخان تۆرە ئەتراپتىكى رايونلاردىن قولى قورال تۇتالايدىغان يەتتىدىن - يەتمىشكىچە كىم بولسا ھەممىنى توپلىدى - دە، 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاقتۇغا قاراپ يولغا چىقتى. سىدىقبەگ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولدى ۋە ئادەملىرى بىلەن بىرلىكتە تازغۇن كۆۋرۈكىگە كەلدى. ھەمرا خان، غازىبەگ ۋە ئەزىزبەگ قوماندانلىقىدا ئىككى مىڭ ئەسكەر ئالدىن ئەۋەتىلدى.

ئىككى سائەت داۋاملاشقان جەڭدە كۆپ ساندا قىرغىز ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئارقىدىن بۇزرۇكخان تۆرە ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇنى بىلەن يېتىپ كەلدى. قىرغىزلار ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىشقا باشلىدى، سىدىقبەگ 500 ئادىمى بىلەن بىللە ئەندىجانغا موللا ئالىم قۇلنىڭ يېنىغا قاچتى[32].

## ياقۇپبەگنىڭ قەشقەردىكى تۇنجى ھەرىكىتى ۋە يېڭىسارنىڭ ئېلىنىشى

بۇ ھادىسىلەر جەريانىدا، قەشقەردە كۈچالىق ئۆمەر ھاكىمبەگنىڭ مەدرىسىسىگە يەرلەشكەن ياقۇپبەگ، دەرھال ئەسكەر ئېلىش ئۈچۈن تەلەپ سۇندى ۋە بۇزرۇكخان تۆرە بۇ تەلەپكە ئىجابىي ئىنكاس قايتۇردى. ياقۇپبەگ تاشكەنتتىن بىللە ئېلىپ كەلگەن 40قا يېقىن ئەسكىرى بىلەن بىر تەرەپتىن ئەسكەر توپلاشنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن قورال ـ ياراق قاتارلىق ئەسكىرى لازىمەتلىكلەرنى تولۇقلاشقا كىرىشتى. تۇنجى تۈركۈمدە توپلىغان يىگىتلىرىنىڭ سانى مىڭدىن ئاشقانىدى. سىدىقبەگنىڭ خەزىنىسىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن غەنىيمەتلەر ئەسكەرلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن قوللىنىلدى، يەرلىك ۋە كۆچمەن باي كىشلەردىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئىئانە قىلىش تەلەپ قىلىندى، ھەتتاكى قەرز ئېلىپ ئەسكەرلەرگە سەرپ قىلدى.

ئۇ كۈنلەردە ياقۇپبەگ ھەمرا خان بىلەن كۆرۈشۈپ كېڭەشلەردە بولدى:

«تەقدىر ئىلاھى بىزنى بۇ يەرلەرگە قەدەر ئېلىپ كەلدى. قەشقەردىن قومۇلغىچە 60 تىن كۆپ شەھەر بار. جىيا يۈ گۈەننىڭ (嘉峪关) ئۇ تەرىپىدە، يەنى مانجۇ تۇپراقلىرىدا يەتتە ـ سەككىز يىلدىن بۇيان تۇڭگانلار ئىسيان كۆتۈرگەن ۋەزىيەتتە، ئەمما ئۇلارغا باش بولغۇدەك بىرەرى يوق، بۇ تەرەپتىكى تۇڭگانلارمۇ مانجۇلارغا قارشى ئىسيان ھالىتىدە. ئەسلىي ۋەزىپە بىزنىڭ ئۈستىمىزگە يۈكلەنمەكتە. تۆت تەرىپىمىز دۈشمەن بىلەن قورشالغان، ئەمما ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغۇدەك يېتەرلىك ئەسكىرىمىز يوق. ئەگەر بەدەخشانغا ـ جاھانگىر شاھ خانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم ئۈچۈن مىڭ سىپاھى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلساق، بەلكى بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە دۈشمىنىمىز ئۈستىدىن غالىب كېلىشىمىز مۇمكىن ئىدى» دېگەن تېمىلاردا سۆزلەشتى.

ھەمرا خان ياقۇپبەگنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى ۋە جاھانگىر شاھ خانغا ئەۋەتىش ئۈچۈن بىر مەكتۇپ تەييارلىدى. 1864 ـ يىلى 4 ـ ئاۋغۇست كۈنى ئىدى. مىرزا پانسات ۋە ئىسلامبەگ پانسات باشلىق بىر قانچە كىشى يانلىرىدا بىر تۇياق ئات، قىرىق دانە بېيجىڭ يامبۇسى، يۈز دانە كېسەك چاي، چىنە ـ تاۋاقلار، تۆت دانە كۈمۈشرەڭ رەختتىن تىكىلگەن تون ۋە باشقا ھەدىيەلەرنى ئېلىپ، 20 يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا بەدەخشانغا قاراپ يولغا چىقتى. ھەيئەت 17 كۈندىن كېيىن بەدەخشانغا كەلدى ۋە جاھانگىر شاھ خان قەشقەردىن كەلگەن بۇ ھەيئەتنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋالدى. مىرزا مۇھەممەدنى سادىق ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلىدى، ئامان شاھ سەردار، بابابەگ سەردار ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن بىللە ساۋۇت كىيگەن مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى قەشقەرگە ئەۋەتتى[33].

ياقۇپبەگ ھازىرلىقلىرىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە داۋاملاشتۇردى. ئەزىزبەگ جاللاتنى يېڭىسارنى مۇھاسىرە قىلىش ئۈچۈن ۋەزىپىلەندۈردى. مانجۇلارغا قارشى

ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى كەلگەنىدى. ئەلۋەتتە، يېڭىسار مانجۇلارنىڭ مۇھىم قەلئەلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇزرۇكخان تۆرە ئۈچ مىڭ ئەسكەر بىلەن يېڭىسارغا كەلدى. سېپىلنىڭ تۆۋىگە كۆمگەن پارتلاتقۇچلارنى پارتلىتىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا شەھەرگە كىردى. مانجۇ، تۇڭگان ۋە يەرلىك ئەسكەرلەر بولۇپ جەمئىي مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى[34]. ساق قالغان ئاز ساندىكى مانجۇلار بولسا مۇسۇلمان بولدى. ئەلىشىر دادخاھ ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى، ھەمرا خان، ئەزىزبەگ[35] ۋە قېرىندىشى ئابدۇللاھ باھادىرلار ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇزرۇكخان تۆرە قولغا چۈشۈرگەن غەنىيمەتلەردىن مانجۇ توپلىرى، جىلۋىلىك ئاستانە (بېيجىڭ) قىزلىرى، قازاق ۋە قالماق ئاتلىرى، يامبۇ، كۈمۈش، چىنە - تاۋاق، داكا رەخت، يىپەككە ئوخشىغان نادىر رەختلەرنى، خۇشپۇراق چاي ۋە باشقا ھەدىيەلەر بىلەن بىللە بىر ھەيئەتنى قوقەنتكە ئەۋەتتى.

موللا ئالىم قۇل ھەدىيەلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى سۆيۈندى، كەلگەن ھەيئەتكە تون، تىللا، قورال - ياراق ۋە باشقا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى ۋە بۇزرۇكخان تۆرىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. قىممەتلىك تاشلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تاج، ئېگەر - جابدۇقلىرى پۈتۈنلەي ئالتۇندىن ياسالغان بىر ئات، كۈچ - قۇۋۋەتلىك، ئاۋازى گۈزەل بولغان ئىككى شاتىر، تون، داكا رەخت، توققۇز ئات ۋە توققۇز دانە مىلتىق ئەۋەتتى[36].

## بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ قەشقەردە تەختتە ئولتۇرۇشى

قوقەنتكە ئەۋەتىلگەن ئەلچى ھەيئىتى قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. ئاپپاق خوجا ئوغلى ئەھمەد خان تۆرە ئوغلى بۇرھانىدىن خان خوجا ئوغلى سالىخان تۆرە ئوغلى جاھانگىر خان تۆرە ئوغلى بۇزرۇكخان تۆرە قەشقەردە خانلىق تەختتە ئولتۇردى. تۇنجى ئىشى مەھمۇد خاننى شاغاۋۇل قىلىپ تەيىنلەش بولدى. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ توختىماستىن ئەسكەر توپلاشنى داۋاملاشتۇردى. كىشىلەرنى ئەسكەرگە ئېلىش ئۈچۈن پۇل ـ مالغا ئېھتىياجى بار ئىدى ۋە بۇنىڭ قەشقەر ئاھالىسىدىن ئېلىنىشى ھەققىدە بۇزرۇكخان تۆرىگە ئىلتىماس سۇندى، ئەمما بۇزرۇكخان تۆرە بۇ ئىش خەلققە زۇلۇم بولۇپ قالىدۇ، دەپ بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلمىدى. ياقۇپبەگ بۇ ئىشقا خاپا بولدى ۋە كۆڭلۈك سالامغىمۇ كەلمەس بولۇۋالدى. قايتىپ كېتىش ئۈچۈن سەمەنگە كەلگىنىدە، بۇزرۇكخان تۆرە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتتى.

بۇ ئارىلىقتا مۇكەررەپ شاھبەگ، غازى پانسات، ئەزىزبەگ جاللات، موللا ئىبراھىم ۋە باشقا كىشىلەر بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ياقۇپبەگنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، ھاكىمىيەتنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇزرۇكخان تۆرە بۇنى قوبۇل قىلمىدى. بىر مەھرەم ياقۇپبەگنى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى. بۇ قېتىممۇ ياقۇپبەگنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن

ئويغانغاندەك بولدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقچى بولدى. ئۇلار كاتتا خان تۆرە باشلىق يۇرت چوڭلىرىنى ئارىغا سېلىپ ئۆزلىرىنى ئەپۇ قىلىشلىرىنى تىلىدى، نەتىجىدە ئۆلتۈرۈلمەي زىندانغا تاشلاندى. قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلغانلىقلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. ئەمما بۇ غۇم داۋام قىلدى[37].

«بەدەۋلەتنامە» ناملىق ئەسەردە تىلغا ئېلىنغانلار يۇقىرىقى بايانلاردىن پەرقلىقتۇر. «بەدەۋلەتنامە»گە كۆرە: بۇزۇرۇكخان تۆرە ئىدارە ئىشلىرىغا يېتىشەلمەي قالغاندى، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ياقۇپبەگنى مۇئاۋىن شاغاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى، ئۆزى بولسا، ئاپپاق خوجىنىڭ مازىرىدا دۇئا ـ زىكىر بىلەن مەشغۇل بولدى. چۈنكى ياقۇپبەگنىڭ ئەسكىرى قابىلىيىتى، پاراستى ۋە شىجائىتىگە ھەركىم قايىل ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ رۇس، ئىنگلىز ھەتتاكى ئوسمانىيلار دۆلتى تەرىپىدىن بىلىنگەن بىر شەخس ھالىتىگە كەلگەنىدى[38].

## مۇكەررەپ شاھبەگ

مۇكەررەپ شاھبەگ زىنداندىن چىقىپ يۇرتى خانئېرىققا قايتتى. ئۇ يەردە مىڭغا يېقىن كىشىنى توپلىدى ۋە ئۇرۇشقا ھازىرلاندى. بۇزرۇكخان تۆرە ۋە ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭگە كىردى. جەڭ پەقەت بىر سائەتلا

داۋاملاشتى، مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتقان مۇكەررەپبەگ يەركەنگە قېچىپ، كۇچا قوشۇنىنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمىغان كۇچا قوشۇنى كۆپ ساندىكى ئەسكەرلىرى بىلەن خانئېرىققا كەلدى. ئەسكەرلىرىنىڭ سانى ئىككى مىڭغىمۇ يەتمىگەن بۇزرۇكخان تۆرە غالىب كەلدى. تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇردى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى[39] (1865 ـ يىل 12 ـ نويابىر)[40].

ئەمما، سىدىقبەگ، مۇكەررەپبەگ ۋە ياقۇپبەگ ھەققىدە «ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ» ناملىق ئەسەردە ئېيتىلغانلار، باشقا مەنبە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىكى مەزمۇنلارغا قارىغاندا پەرقلىقتۇر. بۇنىڭغا كۆرە: موللا ئالىم قۇلنىڭ يېنىغا بارغان سىدىقبەگ، كىچىك خان تۆرىنىمۇ يېنىغا ئېلىپ ئەندىجاندىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئالاي يولى بىلەن سىرىق قولغا كەلدى[41]. سىرىق قول دىن قوشۇلغان 20 مىڭغا يېقىن كىشى بىلەن بىللە ئاقتۇغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ياقۇپبەگ بۇ جەڭگە ئۆزىنىڭ ئەۋەتىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ياقۇپبەگ مىڭبېشى قىلىپ تەيىنلىنىپ ئالتۇن نىشان بېرىلدى. ئابدۇللاھ لەشكەرىبېشى، غازى پانساتبېشى باشلىق جەمئىي 25 كىشى قوماندانلىقىدا 12 مىڭ ئەسكەر ياقۇپبەگ بىلەن بىللە ئاقتۇغا ئەۋەتىلدى. جەڭ پېشىن ۋاقتىغا قەدەر داۋاملاشتى. ياقۇپبەگ خېلى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قاچتى ـ دە، ئاقتۇ شەھرىدە پاناھلاندى ۋە سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقاتقۇزدى. قىرغىز ئەسكەرلىرى چېكىندى، سىدىقبەگ قارارگاھقا قايتتى ۋە كىچىك خان تۆرىگە تازىم بەجا كەلتۈردى.

ئۇششاق ـ چۈششەك تىركىشىشلەر ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇردى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى، ياقۇپبەگ ياردەم تەلەپ قىلىش مەقسىتى بىلەن يېرىم كېچىدە

ئاخۇن پانساتنى بىر مەكتۇپ بىلەن قەشقەرگە ـ بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. سادىق مەھرەمبېشى، مۇھەممەد ئەلى پانسات ۋە ئەيۇپ باھادىربېشى قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا ئالتە مىڭ ئەسكەر قەشقەردىن ئاقتۇغا قاراپ يولغا چىقتى. ئەزىزبەگ باھادىرمۇ يەتتە مىڭ ئەسكەر بىلەن يېڭىساردىن يولغا چىقىپ، ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاقتۇغا كەلدى. ياقۇپبەگ ئەزىزبەگنىڭ ئەسكەرلىرىگە 50 مىڭ تەڭگە ھەدىيە بەردى.

ئەتىسى ئەزىزبەگ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە جەڭگە چىقتى. سىدىقبەگ ئۆلارغا قارشى كېلەلمەي ئىككى پەرسەخ ئۇزاقلىقتا قاچتى. ياقۇپبەگ بىر مەكتۇپ بىلەن سىدىقبەگكە ئەلچى ئەۋەتتى. مەكتۇپ: «كىچىك خان تۆرە پادىشاھ بولسۇن، سىدىقبەگ ئاغا سىز لەشكەرلەرگە سەردار بولۇڭ، مەن سىزلەرنىڭ خالىس خىزمەتكارىڭىز بولاي. ئەتراپىمىز دۈشمەن بىلەن قورشالدى، كام ئەسكەرلەرنى تولۇقلىغاندىن كېيىن ئىتتىپاقلىشىپ ئۆلارغا قارشى جەڭ قىلايلى» دېگەن مەزمۇندا بىر ئىتتىپاقلىق تەكلىپى سۇندى. سىدىقبەگ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. بارلىق تەييارلىقلار پۈتتى. ياقۇپبەگ بىر دانە خىشنى قۇرئان كەرىم دەپ چىرايلىق قىلىپ ئورىدى. چۈنكى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققىنىدا قولىدا كۆتۈرۈپ ماڭاتتى.

ياقۇپبەگ ئەڭ ئاۋۋال ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن بىللە ئابدۇللاھ لەشكەربېشىنى ئەۋەتتى، ئارقىدىنلا يەنە ئىككى مىڭ ئەسكەر بىلەن غازى پانساتنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەتتە مىڭ ئەسكەر بىلەن ئەزىزبەگ توقسابانى يوللىدى. سىدىقبەگ بولسا، 10 مىڭ قىپچاق ـ قىرغىز ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە يولغا چىقتى. ياقۇپبەگ ئەڭ ئاخىرىدا كىچىك خان تۆرىنى يېنىدا ئېلىپ 12 مىڭ ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى[42].

شۇنداق قىلىپ ياقۇپبەگ سىدىقبەگنى ئۆز يېنىغا تارتتى. ئەمما ئۇ بۇ ئىشلاردىن بۇزرۇكخان تۆرىنى ھېچ خەۋەردار قىلمىدى، چۈنكى ئۇ قەشقەردە بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ ئورنىغا تەختتە ئولتۇرۇشنى خالايتتى. بۇزرۇكخان تۆرە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپلا، دەرھال مۇكەررەپ شاھ قوماندانلىقىدا ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ جەمئىي 12 مىڭ ئەسكەرنى داۋۇدچەڭگەلگە يوللىدى، ئارقىدىنلا غاپپاربەگنى سەككىز مىڭ كىشى بىلەن بىللە كەچچىگە ـ قالماق كۆۋرۈكىگە ئەۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئەۋەتكەن كەنجىبەگ قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر پاختەكلىك بىلەن سەككىزتاش ئارىسىدا ئورۇنلاشتى.

كىچىك خان تۆرىنى يېنىغا ئالغان ياقۇپبەگ، سىدىقبەگ ۋە ئەزىزبەگلەرنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىللە يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇرۇشتىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. ياقۇپبەگ شەخسەن ئۆزى كەنجىبەگ ۋە ئەسكەرلىرىگە قارشى بولغان جەڭگە قاتناشتى. كەنجىبەگ قىلىچ زەربىسى بىلەن يارىلىنىپ، ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ۋاقىتتا غاپپاربەگ ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلدى، كىچىك خان تۆرە مىنگەن ئاتنىڭ ئۈزەڭگىلىرىنى سۆيۈپ ھۆرمەت كۆرسەتتى. چۈنكى غاپپاربەگنىڭ قېرىندىشى ئەيۇپ باھادىربېشى ئىككى يۈز ئەسكىرى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ قوشۇنىدا ئىدى.

ياقۇپبەگ قىزىل دەريا بويىغا كەلدى، مۇكەررەپبەگ بىلەن غاپپاربەگكە چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ كىچىك خان تۆرىگە بەيئەت قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدەك يەنە، بىرلىكتە جەڭ قىلىپ ئاۋۋال يېڭىسارنى، ئاندىن يەركەننى ئالىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى. ياقۇپبەگ بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆپ ساندىكى ئەسكەرلىرى بىلەن يەركەنگە كېلىپ، كۇچا ۋە تۇڭگان قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭدە يېڭىلگەنىدى. مۇكەررەپبەگ بىلەن غاپپاربەگ، ياقۇپبەگنىڭ بۇ

تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى، ئەكسىچە تېخى سىدىقبەگنى تەلەپ قىلىشتى، چۈنكى ئۇلار سىدىقبەگنى ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلماقچى ئىدى. ياقۇپبەگ، ئەزىزبەگ توقسابا ۋە كېپەك لاۋۇرلار قوماندانلىقىدىكى تۆت مىڭ سەرۋازنى يوللاپ، ئەگەر كىچىك خان تۆرىنى پادىشاھ دەپ قوبۇل قىلمىسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئەمرىنى بەردى. مۇكەررەپبەگ ھەر ئىككى تەرەپتە سەيىد ئەۋلادلىرىدىن كىشىلەر بارلىقىنى دېيىش بىلەن بىرگە، بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ ئەمرى بولماي تۇرۇپ ھەرقانداق بىر قارارنى بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇكەررەپبەگ ۋە غاپپاربەگ كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەر بىلەن كونا شەھەرگە كەلدى، بۇ ئىشقا بۇزرۇكخان تۆرە ناھايىتى سۆيۈندى.

ياقۇپبەگ كونا شەھەردىكى بارلىق ئانا يوللارنىڭ كونترولىنى قولىغا ئالدى. شەھەرگە بىر چاپارمەن ئەۋەتىپ: بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى كىچىك خان تۆرىگە قالدۇرۇشنى؛ مۇكەررەپبەگ، غاپپاربەگ ۋە مۇھەممەد ئەلى پانسات قاتارلىقلارنى دەرھال كىچىك خان تۆرىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇزرۇكخان تۆرە شەھەردىن چىقمىدى. مۇكەررەپبەگ، غاپپار بەگ ۋە مۇھەممەد ئەلى پانسات قاتارلىقلارمۇ بۇزرۇك خان تۆرە ئەمر قىلمىغان بولسىمۇ، شەھەردىن چىقمىدى ۋە ئاخىرغىچە جەڭ قىلىپ ئۆلۈشنى تاللىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇزرۇكخان تۆرە ياقۇپبەگنىڭ ئالدىدا چارىسىز ئەھۋالدا قالدى. مۇكەررەپبەگ يۇرتى خانئېرىققا قايتىپ، ئۇ يەردىن ئەسكەر توپلاپ ياقۇپبەگكە قارشى قايتا ئۇرۇش قىلماقچى بولدى. غاپپاربەگ، كىچىك خان تۆرىنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىش ھەققىدە تەكلىپ سۇندى. ئەمەلىيەتتە ئۇ، بۇ ئارقىلىق ۋاقىت قازانماقچى ئىدى. بۇزرۇكخان تۆرە بۇنى قوبۇل قىلدى. مۇكەررەپبەگ يۈز ئاتلىق

سىپاھى بىلەن خانئېرىققا كەتتى. غاپپاربەگ، مۇھەممەد ئەلى پانسات ۋە ئۈچ يۈز ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا توققۇز ئات، توققۇز يامبۇ ۋە باشقا ھەدىيەلەرنى ئېلىپ ياقۇپبەگ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى. بۇزرۇكخان تۆرە شەھەردە قالدى، ياقۇپبەگ غاپپاربەگنىڭ كېلىشىدىن ئىنتايىن سۆيۈندى، ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى. ئۇ، غاپپاربەگنى قىزىلبۇيىغا ھاكىم، مۇھەممەد ئەلىبەگنى بولسا باھادىربېشى قىلىپ تەيىنلىدى. ياقۇپبەگ بۇزرۇكخان تۆرىنى تەختتىن چۈشۈردى ۋە بارلىق خەزىنىنى مۇسادىرە قىلدى[43].

مۇكەررەپبەگ خانئېرىقتا يۇرت چوڭلىرىدىن 109 كىشى بىلەن تويلىنىپ كېڭىشىپ، ئەندىجانلىق قىرغىز - قىپچاقلارغا شەھەرنى تەسلىم قىلمايدىغانلىقىنى، داۋاملىق جەڭ قىلىپ ياقۇپبەگدىن شەھەرنى ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. سەككىز مىڭ ئاتلىق، 15 مىڭ پىيادە بولۇپ، جەمئىي 23 مىڭ ئەسكەر توپلىدى. ياقۇپبەگ دەرھال سادىق مەھرەمبېشىنى بىر مەكتۇپ بىلەن خانئېرىققا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مەكتۇپ «مۇكەررەپبەگ ئاغا» دەپ باشلانغانىدى. ياقۇپبەگ مۇكەررەپبەگنى چاقىرىپ، ئەسكەرلىرىنىڭ بېشىدا تۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. ياقۇپبەگ ئۆزىنىڭ بۇ شەھەرگە مېھمان ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بىلەنلا قالماي، ئۆزىنى پەقەتلا بىر خىزمەتكار دەپ كۆرۈشىنى؛ ئۇنىڭدىن باشقا يېڭىشەھەرنىڭ تېخىچە مانجۇلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە جەڭ قىلىش تەكلىپىنى سۇندى.

مۇكەررەپبەگ ئەلچىنى زىندانغا ئاتتى ۋە دەرھال ئۇرۇش ھازىرلىقلىرىنى باشلىدى. ياقۇپبەگ تەكرار غاپپاربەگنىڭ قېرىندىشى ئەيىۇپ باھادىربېشىنى ئوتتۇز سىپاھى بىلەن بىللە خانئېرىققا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. مۇكەررەپبەگ: «سىز غاپپاربەگ ئاغىنىڭ قېرىندىشى بولىسىز، ئەگەر ئەندىجانلىق قىرغىز -

قىپچاقلار كەلگەن بولسا ئىدى، ئۆلارنى دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، قالغانلىرىنىڭ قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى كېسىپ يولغا سالغان بولاتتىم. ئەمدىلىكتە جەڭ مۇقەددەر بولدى» دېدى ۋە ئەيىۇپ باھادىربېشىغا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلىپ يولغا سالدى.

ياقۇپبەگكە نىسبەتەن جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇ باسقاندەك بولدى. بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلى پانسات ئۆزلىرىنىڭ قىزىلبۇيىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۈچ يۈز ئادىمى بىلەن خانئېرىققا ـ مۇكەررەپبەگنىڭ يېنىغا قاچتى. قاتتىق غەزەپكە تولغان ياقۇپبەگ، دەرھال ئەزىزبەگ توقسابا بىلەن غازىبەگ پانساتنى مىڭ لەشكەر بىلەن ئەۋەتىپ، مۇھەممەد ئەلى پانسات نەدە بولسا بولسۇن، دەرھال قولغا ئېلىشنى ئەمر قىلدى. ئەۋەتىلگەن كىشىلەر ئۇنى دەرھال تۇتۇپ كەلدى. مۇھەممەد ئەلىبەگ بولسا غاپپاربەگنىڭ ئادىمى ئىدى. ياقۇپبەگ غاپپاربەگنىمۇ چاقىردى ۋە خىيانەتنىڭ بەدىلى بولسۇن دەپ مۇھەممەد ئەلىبەگنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇزرۇكخان تۆرىنى بىر مەھرەم بىلەن چېدىردا نەزەربەنتتە تۇتتى. كىچىك خان تۆرە پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىندى[44].

مۇكەررەپبەگ قىزىلبۇيا ۋە پەيزىۋاتقا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆزىگە بەيئەت قىلىشنى، ئەكسىچە بولغاندا ئۇلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى. ياقۇپبەگ دەرھال غاپپاربەگ بىلەن يۈسۈپبەگ باھادىربېشى قوماندانلىقىدا ئىككى مىڭ ئەسكەرنى قىزىلبۇيىغا ئەۋەتتى. غاپپاربەگ ئۈچ كۈن ئىچىدە قىزىلبۇيىدىن ئىككى مىڭ ئاتلىق ۋە ئون مىڭ پىيادە بولۇپ، جەمئىي 12 مىڭ ئەسكەر توپلىدى. مۇكەررەپبەگ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولدى ۋە توختى باھادىربېشى قوماندانلىقىدا بەش يۈز ئەسكەرنى چولاققا ئەۋەتتى. ئارقىدىن كەلمەكچى بولغان ئەسكەرلەر بىلەن بىللە غاپپاربەگكە قارشى كېچىدە ئىككى

تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى ئەمر قىلدى.

غاپپاربەگ سەيشەنبە بازىرىغا ئورۇنلاشتى. توختى باھادىربېشىنىڭ چولاققا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئالغىنىدا، دەرھال ئابدۇۋاھىد يۈزبېشى ۋە باھائۇددىن باھادىر قوماندانلىقىدا يۈز ئاتلىق ئەسكەرنى، قېرىندىشى ئەييۇپ باھادىربېشى بىلەن بىللە چولاققا ئەۋەتتى. تاڭغا يېقىن جەڭ پارتلىدى ۋە بۇ جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولۇپ ئۆتتى. 102 كىشى ئەسىرگە ئېلىنىپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. توختى باھادىرنىڭ كېسىلگەن بېشى نەيزىنىڭ ئۇچىغا سانجىلغان ھالدا غاپپاربەگنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىندى. ياقۇپبەگ بۇ ئەھۋالدىن تولىمۇ سۆيۈندى، ئەسىرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلمەي زىندانغا ئېتىلىشىنى بۇيرىدى. مۇكەررەپبەگنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى لاۋۇلدىماقتا ئىدى. 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن غاپپاربەگكە قارشى جەڭ ئۈچۈن قىزىلبۇيىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇرۇش پارتلىدى ۋە ناھايىتى شىددەتلىك داۋاملاشتى. غاپپاربەگ قېچىشنى تاللىدى، مۇكەررەپبەگ غەلىبە قازاندى ۋە نۇرغۇن ئەسكەر ئەسىر ئېلىندى. پەيزۇللاھ ئاخۇن قازى رەئىسنى قىزىلبۇيىغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۆزى خانئېرىققا قاراپ يولغا چىقتى. غاپپاربەگ پەقەتلا 250 ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن قېچىپ كېتەلىدى. ياقۇپبەگ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولدى ۋە دەرھال غازىبەگ باھادىر قوماندانلىقىدا ئىككى مىڭ لەشكەر، مەمەت كېرىم پانسات قوماندانلىقىدا مىڭ لەشكەر ۋە دوست باي باھادىر قوماندانلىقىدا مىڭ قىرغىز بولۇپ، جەمئىي تۆت مىڭ ئەسكەرنى ئابدۇۋاھىد يۈز بېشى بىلەن بىرلىكتە يوللىدى. بۇ ئەسكەرلەر غاپپاربەگ بىلەن ئۇچراشتى ۋە بىرلىكتە خانئېرىققا قاراپ يولغا چىقتى[45].

ئاندىن ياقۇپبەگ بۈزرۈكخان تۆرە بىلەن كىچىك خان تۆرىنى يېنىغا

ئېلىپ، 15 مىڭ ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئانا يول بىلەن خانئېرىققا قاراپ يولغا چىقتى. مۇكەررەپبەگ جەڭگە ھازىر ئىدى. شىددەتلىك جەڭ بەش سائەت بويىچە داۋاملاشتى. ياقۇپبەگ بارلىق ئەسكەرلەرنى تۆت تەرەپتىن تەڭلا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. غاپپاربەگ قوم تۆپىسىگە چىقتى ۋە: «قىزىلبۇيا ۋە پەيزىۋات ئاھالىسى بولساڭلار قېچىڭلار، بولمىسا ناھەق ئۆلتۈرۈلىسلەر!» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ۋارقىراش ئىشقا ياردى، كۆپ ساندىكى ئەسكەرلەر قېچىشقا باشلىدى. مۇكەررەپبەگ چارىسىز قېلىپ قېچىش يولىنى تاللىدى. ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، مۇكەررەپبەگنىڭ تۆت مىڭغا يېقىن ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى. ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىگە قايتىپ كېلىش بۇيرۇقى بەردى. بىرقانچە يۇرت تالان - تاراج قىلىندى ۋە نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى، تاغدىن كەلگەن قىرغىز ئەسكەرلىرىگە ھەدىيەلەر بېرىپ ئۆيلىرىگە قايتۇردى[46].

## يېڭىشەھەرنىڭ ئېلىنىشى

يەنە قايتىدىن بۇزرۇكخان تۆرىنىڭ كۇچا قوشۇنىغا قارشى خانئېرىق جېڭىدە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىگە كەلسەك؛ جامالىدىن خوجا جەڭدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى ۋە ئاقسۇغا قاچتى. ياقۇپبەگ بۇزرۇكخان تۆرە بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە قايتتى. كۇچا قوشۇنىدىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرى قورالسىزلاندۇرۇلۇپ قەشقەرگە بىللە ئېلىپ كېتىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا مانجۇ

شەھىرى[74] تېخىچە قولغا ئېلىنمىغانىدى. يېڭىشەھەرنىڭ ئۇدۇلىغا چېدىر ـ بارگاھلار قۇرۇلۇپ ئەسكەرلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۇڭگان ئەسكەرلىرى سەككىز تاشقا يەرلەشتۈرۈلدى. شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىنىدى ۋە ئاندا ـ ساندا كىچىك كۆلەمدىكى توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇردى. مانجۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، ئاشلىقى تامامەن تۈگەپ، بىر يامبۇغا بىر چارەك[48] ئاشلىقمۇ تېپىلمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. ئاچلىقتىن ھايۋان تېرىسى، ئېگەر تاسمىلىرى، ئىت ـ مۈشۈك، كىچىك بالا ۋە قېرى دېمەستىن، ھەتتاكى سېمىزراق پاھىشە ئاياللارنىمۇ يېۋەتتى.

ئارىدىن 13 ئاي ئۆتتى، مانجۇلار شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ سىرتقا چىقىشقا باشلىدى. ئۇ قەدەر ئورۇقلاپ كەتكەن بولۇپ، گوياكى سېلىندىر پانۇسقىلا ئوخشاپ قالغانىدى، ئۇلار ئۆلۈمگىمۇ رازى ئىدى. چىڭ تەي ئامبال نۇرغۇنلىغان ھەدىيەلەر بىلەن خۇ دالاۋيىنى ياقۇپبەگكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ۋە ئەگەر ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرمىسە مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ياقۇپبەگ خۇ دالاۋيىغا يىپەك رەختتىن تىكىلگەن تون ھەدىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئەھدى ـ پەيمان ھازىرلىنىپ، ياقۇپبەگ ۋە باشقا بىرنەچچە كىشىنىڭ مۆھۈرى بېسىلدى. شۇنىڭدەك يەنە، مول مىقداردا ئاشلىقلارنى بېرىپ خۇ دالاۋيىنى شەھەرگە يولغا سېلىپ قويدى. جىڭ تەي ئامبال ۋە باشقا مانجۇ كاتتىلىرى ياقۇپبەگكە يەنىلا ئىشەنمىگەنىدى: «بۇ چەنتولار[50] تۇنجى پۇرسەتتىلا بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئەندىجانلىقلارغا تەسلىم بولمايمىز، ئۆزىمىزگە ئوت يېقىپ ئۆلۈۋېلىشتىن باشقا چارىمىز يوقتۇر» دەپ خۇ دالاۋيىنى تەكرار ياقۇپبەگكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

ئەتىسى سەھەردە، چىڭ تەي ئامبال ۋە باشقا مەنسەپدار مانجۇلار بالا

ـ چاقىلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، ئالدىن تەييارلىغان پارتلاتقۇچ دورىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى، خەزىنىلىرىنىمۇ ئۇ پارتلاتقۇچنىڭ ئۈستىدە قويدى. يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى تەييارلاپ يېدى، مەست بولغۇچە ئىچىشتى، دات ـ پەرياد قىلىشتى. چىڭ تەي ئامبال: «ئەگەر ئىمپېراتور ئۈچۈن جېنىمىزنى پىدا قىلساق، يۇرتىمىزدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنى يۇقىرى مەنسەپلەرگە ئىگە قىلىدۇ» دېدى ـ دە، غاڭزىسىدىكى ئوتنى پارتلاتقۇچ دورىنىڭ ئۈستىگە تۆكتى. ئۇ قەدەر شىددەتلىك بىر پارتلاش يۈز بەرگەن بولۇپ، گويا ئاسماندىن جەسەت ياغقاندەك بىر مەنزىرە ھاسىل بولدى. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە شەھەرگە كىردى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئوتتىن ساقلاپ قالدى، نۇرغۇن غەنىيمەت قولغا چۈشۈرۈلدى. مانجۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى شەھەر سىرتىغا چىقىرىپ تازىلاش ئۈچۈنلا ئۈچ كۈن ۋاقىت كەتتى. ساق قالغان مانجۇلار[51] كەلىمە شاھادەت ئوقۇپ مۇسۇلمان بولدى. خۇ دالاۋيى بۇ مانجۇلارنىڭ توپ بېشى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ قىزى بۈزرۈكخان تۆرىنىڭ نىكاھىغا ئېلىندى[52]. باشقا بىر ئەسەردىكى مەزمۇنلارغا كۆرە: ياقۇپبەگ ۋەلىخان تۆرىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغاندىن كېيىن، يېڭىشەھەرنى قولغا ئالدى[53].

## قوقەنتتىن قەشقەرگە كەلگەن تائىپە

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتمەي، تۇرۇپ موللا ئالىم قۇل تاشكەنتنىڭ مىڭئۇرۇق رايونىدا رۇسلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە ھاياتىدىن

ئايرىلدى[54]، جەستى تاشكەنتكە ئېلىپ كېلىنىپ دەپنە قىلىندى. رۇسلار تاشكەنتكە قەدەر بېسىپ كەلدى، جەڭ 20 كۈن داۋاملاشتى ۋە تاشكەنت رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. خۇدايار خان ئەسكەرلىرى بىلەن بۇخارادىن قوقەنتكە كەلدى ۋە تەختتە ئولتۇردى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ياقۇپبەگ، ئالىم قۇل ئۆلگەندىن كېيىن دەرھال قەشقەردە پادىشاھ بولدى، چۈنكى ئىلگىرى بۇزرۇكخان تۆرىنى موللا ئالىم قۇل پادىشاھ دەپ ئېلان قىلغانىدى[55]. موللا ئالىم قۇلنىڭ ئەسكەرلىرى خۇدايار خاننىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بارالمىدى ۋە توپ ـ توپ بولۇپ ھەر تەرەپكە تارقىلىشتى. يۇرت چوڭلىرىدىن كۆپلىگەن كىشى قول ئاستىدىكىلەرنى ئېلىپ قەشقەر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. مەزكۇر ھادىسە بۇزرۇكخان تۆرە قەشقەرگە كېلىپ يەتتە ئايدىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى.

كاتتاخان تۆرە[56]، كىچىك خان تۆرە، ۋەلى خان تۆرە، ئىسرائىل خان تۆرە، مۇھەممەد رەھىم خان تۆرە، ھاكىم خان تۆرە، مىرزا مۇھەممەد قۇشبېگى، مۇھەممەد نەزەربەگ، قادىر قۇتلۇقبەگ، خۇداقۇلبەگ[57]، ئۆمەرقۇل باھادىربېشى، مىربابا دادخاھ، تۇردى قۇل دادخاھ، باقىبەگ دادخاھ،بەگ مۇھەممەد كۇرچى، تاش دادخاھ، پەيزۇللاھ دادخاھ، تاشباي دادخاھ، ئافغان جۇمادار دادخاھ، خەير مۇھەممەد توپچىدار، ھەمدەم پانسات، كابىلبەگ دادخاھ، بوخچە بەردار ۋە باشقىلار... قاتارلىقلار ئائىلىلىرى بىلەن باراۋەر جەمئىي يەتتە مىڭدىن[58] ئارتۇق كىشىنىڭ پەرغانىدىن يولغا چىقىپ، ئۇش يولىنى بويلاپ قەشقەرگە كەلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. بۇزرۇكخان تۆرە بىلەن ياقۇپبەگ ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىش ئۈچۈن، ئىككى پانساتنى ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە كەلگەنلەرنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئەگەر كەلگەنلەر ئىتائەت كەمىرىنى باغلىغان، باشقا غەرىزى يوق بولۇپ قالسا ئاۋۋال خەۋەر يەتكۈزۈۋېتىپ ئۇلارنى يېنىغا ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئەكسىچە بولغاندا، ئۇلارنى چېگرىدىكى

قاراۋۇلخانىدىن ئۆتكۈزمەسلىك ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشلىرىنى ئەمر قىلدى، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئارقىدىن ياردەمگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى[59]. نېمىلا بولمىسۇن، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى بىلىش لازىم ئىدى.

باشقا بىر ئەسەردە كەلگەن مەنبەلەرگە كۆرە: كارۋان يولغا چىقىپ ئوقسالۇرغا كەلگىنىدە، ياقۇپبەگكە بىر مەكتۇپ يوللاپ: رۇسلاردىن قېچىپ بۇ يەرلەرگە كەلگەنلىكىنى، قەشقەردە قوبۇل قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقىنىڭ پەقەت ياقۇپبەگنىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىشتى. ياقۇپبەگ بولسا: «بۇ شەھەردە ھەممىمىز مۇساپىر، بىر دۆلەت بولسىلا ئۇ ھەممىمىزنىڭ دۆلىتىدۇر. تېز كېلىڭلار!» دەپ مەكتۇپ يازدى ۋە ئۇلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى[60].

ياقۇپبەگنىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى كارۋان بىلەن بىللە قىزىل دەريا ياقىسىدا ئۇچراشتى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنى، قەشقەردىكى ۋەزىيەتتىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكلىرىنى، ھېچ بولمىسا ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغۇ دەپ جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى، جان ـ پىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكى، ۋەزىپە بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئىشلەپ جان باقىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى. بۈررۈكخان تۆرىگە خەۋەر يوللىۋەتكەندىن كېيىن بىللە قەشقەرگە كېلىشتى.

# ۋەلى خان تۆرە

قۇم دەرۋازىغا كەلگەندە، ۋەلىخان تۆرە 500 كىشى بىلەن باراۋەر كارۋاندىن ئايرىلدى ۋە كوناشەھەرگە كەلدى. چوڭ كوچىلاردىن ئۆتكەندە ۋەلىخان تۆرە بىلەن بىللە كەلگەنلەر داقا ـ دۇمباقلار چېلىشىپ: «زاماننىڭ زامانى ۋەلىخان تۆرىنىڭ زامانى» دەپ ۋارقىراشتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ۋەلىخان تۆرە قەشقەرگە ھۆكۈمدار بولۇش غەرىزىدە ئىدى. ئۇلار ئاپپاق خوجا مازىرىنى زىيارەت قىلىشقا كەتتى. ياقۇپبەگ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپلا، دەرھال ئابدۇللاھ لەشكەربېشىنى مىڭ سەرۋاز بىلەن بىللە ئەۋەتىپ، ۋەلىخان تۆرىنى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىكنى ئەمر قىلدى. ۋەلىخان تۆرە بارگاھقا ئېلىپ كېلىندى، ياقۇپبەگ غەزەبلىنىپ: «بىز بۇ يەرلەردە مانجۇ شەھەرلىرىنى قولغا ئېلىشنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىنى چېكىۋاتىمىز، سىز بولسىڭىز بەش ـ ئون ئادەمنى ئەتراپىڭىزغا توپلاپ تەختتە ئولتۇرۇشنىڭ ئىشتىھاسىدا يۈرۈپسىز. مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۇلارنىڭ كالللىرىدىن مۇنار ياسىدىڭىز ۋە ئاخىرىدا قاچتىڭىز. بىز مانجۇلارغا قارشى قان تۆكۈۋاتقىنىمىزدا ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى سوراپمۇ باقمىدىڭىز. ئەمدىلىكتە نومۇس قىلماي كېلىپ بۇ شەھەر مېنىڭ دەۋاتىسىز.» دەپ ۋارقىرىدى ۋە خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ۋەلىخان تۆرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. كاتتا خان تۆرە قاتارلىق بىرقانچە چوڭلار دەرھال ئارىغا كىرىپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. ئىككى دومباقچى ۋە ئەتراپىدىكى ئۈچ كىشى بىرلىكتە دارغا ئېسىلدى، ۋەلىخان تۆرىنى بولسا يېڭىسارغا ئەۋەتتى.

ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرگەن - بىلگەن ھېچكىم بولمىدى[61].

ئەمما «جەڭنامە»دە تىلغا ئېلىنغان بايانلار يۇقىرىقىلاردىن پەرقلىقتۇر. «جەڭنامە»گە كۆرە: ۋەلىخان تۆرىنىڭ[62] تۇنجى بولۇپ ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلمىگەنلىكى ئۇنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ۋەلىخان تۆرە كونا شەھەردىن قايتتى. ياقۇپبەگ، ۋەلىخان تۆرىگە قەھر - غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى: «نېمىشقا ئاۋۋال مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەي كوناشەھەرگە باردىڭىز؛ ئەجىبا مەن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ پادىشاھ بولۇشنى ئويلاۋاتامتىڭىز» دېدى. ۋەلىخان تۆرىنى قەشقەردە زىندانغا ئاتتى. ئالتە كۈندىن كېيىن يېڭىسارغا يوللىدى ۋە ئۇ يەردە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى[63].

«جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسەردە تېخىمۇ پەرقلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنماقتا. بۇنىڭغا كۆرە: كاتتا تۆرە ۋە مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى باشلىق بىر قانچە كىشى قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىرگە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. چۈنكى ئۇلار خۇدايار خانغا قارشى ئۇرۇشۇشنىڭ ئورنىغا، مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشتا ياقۇپبەگنىڭ تەرىپىدە بولماقچى ئىدى. تېرەك داۋان ۋە كۆكسۇدىن ئۆتۈپ مڭيولغا كېلىشتى. ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ ئۇلارغا قوي، ئۇن، گۈرۈچ، نان، ھايۋان يېمى ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئەۋەتتى. شەخسەن ئۆزى مڭيولغا كېلىپ كاتتا تۆرە ۋە مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى بىلەن كۆرۈشتى.

ئەتىسى كاتتا تۆرە، ۋەلىخان تۆرە ۋە ھەكىمخان تۆرە قاتارلىقلار ئادەملىرى بىلەن مڭيولدىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. قۇم دەرۋازىغا كەلگەندە، ۋەلىخان تۆرە قەشقەر كوناشەھەرگە ماڭدى. كوچىلاردا «زامان ۋەلىخان تۆرىنىڭ

زامانى» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ۋەلىخان تۆرە ئىككى يۈزگە يېقىن ئادىمى بىلەن ئاپپاق خوجا مازىرىنى زىيارەت قىلىشقا كەتتى. ياقۇپبەگ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە دەرھال ئابدۇللاھ پانساتنى بەش يۈز ئەسكەر بىلەن ۋەزىيەتنى كونترول قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋەلىخان تۆرە يېڭىسارغا ئەۋەتىلدى ۋە سەككىز يىلدىن كېيىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى[64]. «تارىخى خەمسەئى شەرقىي» ناملىق ئەسەردە بولسا، ۋەلىخان تۆرىنىڭ قۇدۇققا تاشلىنىپ ئۈستى تاش ـ كېسەك بىلەن تىندۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە دائىر مەلۇماتلار بايان قىلىنماقتا[65].

باشقا بىر ئەسەردە بايان قىلىنىشچە: ۋەلىخان تۆرە ئاپپاق خوجا مازىرىنى زىيارەت قىلىپ قايتقىنىدا شەھەرگە كىرگۈزۈلمىدى ۋە ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىندى. يېنىدىكى ئادەملىرى مېھمان قىلىش باھانىسى بىلەن چېدىرلارغا تارقاقلاشتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ۋەلىخان تۆرە قىلىچ بىلەن ياقۇپبەگنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغىنىدا، كاتتا تۆرە ئۇنى توسۇۋالدى. ئۇ كېچىسى ياقۇپبەگ ۋەلىخان تۆرىنى سۆزدە يېڭىشەھەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، خۇ دالاۋېيىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ۋەلىخان تۆرىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن بەش يۈز مانجۇ ئەسكىرى ۋەزىپىلەندۈرۈلدى. ئەتىسى ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئادەملىرىدىن مېھمان پانسات شەھەر كوچىلىرىدا سازايى قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، دومباقچىلارمۇ ئۆلتۈرۈلدى. شەھەردىكى بۇ جىمجىتلىقمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. يىراق ـ يېقىندىن كاتتا تۆرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇرىت ـ مۇخلىسلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تۆرىلەر بىلەن بولغان باغلىنىشىدىن ھاكىمىيەتنىڭ قولدىن كېتىش قورقۇنچىغا چۆمگەن ياقۇپبەگ دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. ۋەلىخان تۆرىنى يېڭىسارغا ئەۋەتىپ، كاتتا تۆرىنى قەشقەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. بۇزرۇكخان تۆرە بىلەن كىچىك خان تۆرە بولسا، ياقۇپبەگنىڭ يېنىدا قالدى[66].

راشىدىنخان خوجا ۋە كۈچا قوشۇنى مانجۇلارغا قارشى بولغان جەڭلەردە ئىلىلاردا داستان بولغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. غەربكە قاراپ قوشۇن تارتقاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم خانئىرىق جېڭىدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى. كۈچا قوشۇنى بىر تاشتا ئىككى قۇش سوقماقچى ئىدى، ئەمما قەشقەرنى ئېلىش ئۈياقتا تۇرسۇن يەركەندىنمۇ ئايرىلىپ قالدى[67]. ئەكسىچە، ياقۇپبەگ بىر ئوقتا ئىككى كېيىكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوۋلىغانىدى. لېكىن، يەركەندىكى تۇڭگانلار تېخىچە تەسلىم بولمىغانىدى. ياقۇپبەگ بۇزرۇكخان تۆرە، كاتتا تۆرە، كىچىك خان تۆرە، ھېكىمخان تۆرە، مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى،بەگ مۇھەممەد كۈرچى ۋە باشقا بۈيۈكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يەركەنگە كەلدى[68].

تۇڭگانلارنىڭ قولىدىكى شەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بۇ ۋاقىتتابەگ مۇھەممەد كۈرچى بىرقانچە قىپچاقلار بىلەن بىرلىشىپ بۇزرۇكخان تۆرىنى كۆشكۈرتتى ۋە ئۇنى قەشقەرگە ئېلىپ كەتتى. 4500 قىپچاق[69] بىلەن يېڭىشەھەرگە كېلىپ، ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ جەڭ ئېلان قىلدى. ياقۇپبەگنىڭ ئەمرىگە بىنائەن كاتتا خان تۆرە ۋە جامادار دادخاھ بىر قانچە يىگىت بىلەن بىللە قەشقەرگە كېلىشتى. بۇزرۇكخان تۆرىگە ئەلچى ئەۋەتىپمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى، ئەمدىلىكتە ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلدى.

ئاربدىن ئون كۈن ئۆتمەي تۇرۇپ[70]، ياقۇپبەگ كىچىك خان تۆرىنى يەركەنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. چۈنكى ئەمدى تۇڭگانلار ياقۇپبەگكە ئىتائەت قىلغان بولۇپ، كېيىنچە يەركەننى تامامەن قولغا ئالاتتى[71]. ياقۇپبەگ يەركەندە ـ كىچىك خان تۆرىنىڭ يېنىدا 500 ئەسكەر[72] قالدۇرۇپ، خەزىنە ۋە توپلارنى يېنىدا ئالدى ـ دە، ئەسكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا دەرھال قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى[73]. ياقۇپبەگ كۆك راباتتىن ئۆتۈپ قىزىلغا كەلدى، ئۇششاق ـ چۈششەك جېدەل ۋە جەڭلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، ئەلۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەر جېنىدىن ئايرىلدى. قىشنىڭ سوغۇقى قاتتىق بولدى، قار ـ شىۋىرغانلار نە دوست، نە دۈشمەن ئايرىمايتتى. ئاربدىن 60 كۈن ئۆتكەندە، ياقۇپبەگ سۈلھى يولىنى تاللىدى ۋەبەگ مۇھەممەد كۇرچىغا ئەلچى ئەۋەتتى. كۇرچى: «ئەمدى ئارىمىزدا ئىتتىپاق قالمىدى، يەنە بىر قېتىم سۈلھى تۈزۈپ يالغاندىن دوست بولۇشقا ئېھتىياجىمىز يوقتۇر. ئەگەر ياقۇپبەگ بىزگە ھەرقانداق بىر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىككە دائىر ۋەدە بەرسە، بارلىق قىپچاقلار بالا ـ چاقىلىرىمىز بىلەن يۇرتىمىز قوقەنتكە قايتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ياقۇپبەگ ئۈچۈن بىر ئەجايىپ قارار بولغاچ دەرھال قوبۇل قىلدى.

قىپچاقلار تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، تۈنجى تۈركۈمدە ئىككى يۈزگە يېقىن كىشى شەھەردىن چىقتى. ياقۇپبەگ دەرھال شەھەر قوۋۇقلىرىنىڭ تاقىلىشىنى ئەمر قىلدى[74]. كۇرچى باشلىق كۆپ ساندىكى كىشىنىڭ ئائىلە ۋە بالا ـ چاقىسى ئېخىچە يېڭىشەھەردىن چىقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق بىلەن بىرگە، بىر قىسمى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدى ۋە بىر قىسمى زىندانغا تاشلاندى. شەھەردە ھۇزۇر، تىنچلىق ۋە تەرتىپ ئەسلىگە كەلدى. بۈزرۈكخان تۆرە پۇشايمان قىلدى، ئەمما ئەمدى قىلغۇدەك باشقا بىر ئىش يوقتى. «ئىنسان ئېھساننىڭ قۇلىدۇر» دېگەندەك، ياقۇپبەگ بۈزرۈكخان

تۆرىنىڭ يىگىت ۋە مەھرەملىرىگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى، كۆپ مىقداردا تىللا ۋە ھەدىيەلەر بەردى. ئالتە يۈزدىن ئارتۇق خاس يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ياقۇپبەگنىڭ تەرىپىگە ئۆتتى. بۇزرۇكخاننىڭ يېنىدا بولسا، پەقەت ئەللىككە يېقىنلا يىگىت قالدى.

بۇزرۇكخان تۆرە تەسىر ۋە كۈچىدىن تامامەن يىراقلاشتۇرۇلۇپ، بەش يىگىتى بىلەن بىللە يېڭىسارغا ئەۋەتىلدى. ئۇ يەردىمۇ يېنىدىكى ئازغىنە يىگىتلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ، ئۆيدە نەزەربەندكە مەھكۇم قىلىندى. باشقا بىر ئەسەردىكى مەنبەلەرگە كۆرە: يېڭىشەھەر مۇھاسىرىگە ئېلىنىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، بۇزرۇكخان تۆرە ئائىلىسى بىلەن بىللە يېڭىشەھەردىن چىقىپ توققۇزاققا كەلدى، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ مكّيول ئارقىلىق ئەندىجانغا كەتتى[75]. ئەمما بۇ ھادىسە باشقا ھەرقانداق بىر مەنبەدە تەستىقلانمىغان. بەگ مۇھەممەد كۇرچى ئالتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن مەرغىلانغا كەلدى ۋە يېنىدا پەقەتلا يەتمىشكە يېقىن ئادىمى قالدى. بەگ مۇھەممەدنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ھۇزۇرسىزلىقىنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان رۇسلار، ئىلگىرى تاشكەنتكە قەدەر يېتىپ كەلگەنىدى. خۇدايار خان بۇنىڭغا ناھايىتى غەزەپلەنگەنىدى، ئاندىن بەگ مۇھەممەد كۇرچىنىڭ قەشقەردە قىلغانلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالمىدى ۋە دەرھال قوقەندىن مەرغىلانغا ئەسكەر ئەۋەتتى. كۇرچى ئون ئادىمى بىلەن بىللە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى، قالغانلىرى زىندانغا ئېتىلدى[76].

بەگ مۇھەممەد كۇرچىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «جامئۇتتاۋارىخ» ناملىق ئەسەردە كەلگەنلەر يۇقىرىدىكى بايانلاردا ئېيتىلغانلارنى تەستىقلىماقتا. كۇرچى قەشقەردىن يولغا چىقىپ 14 كۈندىن كېيىن مەرغىلان شەھىرىگە كەلدى ۋە سۇلتان مۇراد بىلەن كۆرۈشتى. سۇلتان مۇراد، كۇرچىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە

قوقەنتكە ـ خۇدايار خانغا بىر مەكتۇپ يوللىدى. ئەسلىدە، كۇرچىنىڭ كاتتا خان تۆرە ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن بىللە قەشقەرگە كەتكەنلىكى خۇدايار خاننى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنىدى. خۇدايارخان دەرھال كۇرچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. كۇرچىنىڭ ئادەملىرى ئۆلتۈرۈلمەي قوشۇنغا قوشۇۋېتىلدى[77]. ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن قىپچاقلار سۆز قىلالمىدى. بۇمۇ ياقۇپبەگنىڭ دۆلەت ـ ئىقبالى ئۈچۈن مۇھىم بىر ئىش بولدى.

## ئاقپار ھادىسىسى ۋە كۇچا ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرپان ئىسيانى

ياقۇپبەگنىڭ يەركەندە ئىسھاق خوجا بىلەن كۆرۈشۈشى سۈلھى خاراكتېرىدە ئىدى. ئىسھاق خوجا كۇچاغا قايتتى، ئەمما كۇچادىكى ۋەزىيەت ھېچ كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. راشىدىنخان خوجا، جامالىدىن خوجا ئاكا ـ ئۇكىلار ۋە ئوغلى يەھيا خوجىلار ئارىسىدا تەپرىقىچىلىك چىقىش بىلەن بىرگە، كۇچا ھاكىمىيىتىدە كىرزىسلا دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. ھەركىم سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇش ھەۋىسىدە ئىدى. ناھايىتى ئەپسۇس بۇ سەۋەبتىن قېرىنداشلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇشتى. يەتتە شەھەرگە سىغماي، ساھىب بولغان دۆلىتىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلەلمىدى. كېيىنچە بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇق قالاتتى.

ھامىدىن خان خوجا يىللاردىن بۇيان يەركەن ۋە قەشقەر جەڭلىرىدە

ناھايىتى مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېيتتى، جامالىدىن خوجىدىن ئاقيارنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىش بىلەنلا قالماي، ئېلىنىدىغان باجلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. جامالىدىن خوجىنىڭ بۇنى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا قارىماي، كۈچ قوللىنىپ ئاقيارنىڭ كۆپ قىسمىنى قولغا ئالدى. ھەرقانداق بىر ئەمەلدار ئاقسۇدىن ئاقيارغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، كېلىپ قالغانلار بولسا ئېغىر جازالاشقا ئۇچراپ ئاندىن قايتۇرۇلدى.

جامالىدىن خوجا ئۇچتۇرپاندىكى قېرىندىشى ھامىدىن خوجىغا بىر مەكتۇپ يوللىدى. ئالدى بىلەن قېرىندىشىنىڭ مېھنەت ۋە مۇشەققەتكە تولغان بىر زامانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى تىلغا ئالدى. ئۇنىڭغا ئاقيارنى بەرمەسلىكىنىڭ توغرا قارار ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى؛ ئەمما ئاقيارنى بۇ شەكىلدە ئېلىشىنىڭ پەقەتلا بىرلىك ۋە باراۋەرلىكنى بۇزۇش بىلەنلا قالماي، دۈشمەن ئۈچۈن پۇرسەت ئىشىكىنى ئېچىش بولىدىغانلىقىنى؛ شۇ سەۋەبتىن قېرىندىشىنى تەكلىپ قىلىپ بىر قانچە كۈن زىياپەتكە ئىشتىراك قىلغىنىدىن كېيىن، ئاقيارنى ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلىش ئىستىكىنى بايان قىلدى. ئەسلىدە بۇ بىر ھىيلە ئىدى.

ھامىدىن خان خوجا ئەۋەتىلگەن تەكلىپتىن ھېچ شۈبھىلەنمەي سەممىي بىر شەكىلدە قوبۇل قىلدى، چۈنكى ئاقيار ئىشتىياقى ئۇنىڭ كۆزىنى پەردىلىگەن ئىدى. ھامىدىن خان خوجا قول ئاستىدىكىلەر بىلەن ئاقسۇغا كەلدى، جامالىدىن خوجا ئۇلارنى شەخسەن ئۆزى ئالدىغا چىقىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى. زىياپەتتىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكا ئىككەيلەننىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى بىرگە بولالمىغانلىقىنى ئېيتىشىپ يالغۇز قالدى. ھامىدىن خان خوجىنىڭ قول

ئاستىدىكىلىرى «زۆھرە بىلەن مۇشتەرى يۇلتۇزلىرى ئۆز ئوربىتىسىغا كەلدى» دەپ ئويلاپ، ئۇ يەردىن ئايرىلدى ۋە ئۇيقۇغا غەرق بولۇشتى. ئالدىن پىلانلانغىنى بويىچە ئۆيدىكى يوشۇرۇنغان كىشىلەر يېرىم كېچىدە چىقىپ، ئۇلارنى باغلاپ بىر تەرەپ قىلدى. ھامىدىن خان خوجا ئۈچ ئادىمى بىلەن بىرگە كۇچاغا ئەۋەتىلىپ، نەزەربەندكە مەھكۇم قىلىندى. ئاقسۇلۇق مۇسابەگ قۇمغا كۆمۈپ ئۆلتۈرۈلدى[78].

قىرغىزلار كېچىكمەيلا قەشقەرگە كېلىپ مەزكۇر ھادىسىنى ياقۇپبەگكە يەتكۈزدى. بۇ ئەھۋالدىن سۆيۈنگەن ياقۇپبەگ، ئاقسۇ ۋە كۇچانى جەڭ قىلمايلا قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ۋاقتى كەلدى دەپ ئويلىدى. ئاقيار ۋەقەسى راشىدىنخان خوجىنىڭ تۇرپاندىكى ھاكىمىيىتىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى. ئەمىن خوجىنىڭ جەمەتىدىن بولغان بىر نەچچە خوجا لۈكچۈندىكى تۇڭگانلارنى يېنىغا ئېلىپ ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈردى. ئىسھاق خوجا تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن تۇرپان ھاكىمى ئايدىن خوجا ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. قاراشەھەرنى ئالغاندىن كېيىن كورلىغا قاراپ يولغا چىقتى. چارىسىزى قالغان راشىدىنخان خوجا، ئىسھاق خوجا بىلەن ھامىدىن خان خوجا قوماندانلىقىدىكى كۇچا قوشۇنىنى تۇرپان ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن قاراشەھەرگە ئەۋەتتى. ئىسھاق خوجا ۋە ئەسكەرلىرى بىرقانچە جەڭدىن كېيىن تۇرپان ئەسكەرلىرىنى قاراشەھەردىن يىراقلاشتۇردى. بۇنىڭلىق بىلەن كۇچاغا شەرق تەرەپتىن كېلىدىغان تەھدىتنى توسۇپ قالغان بولدى. ئەمما كۇچا قوشۇنى غەربتىن كېلىدىغان يەنى، ياقۇپبەگ ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن بولىدىغان جەڭدە غەلىبە قىلالمايتتى.

## ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇ ۋە كۇچانى قولغا ئېلىشى ۋە كۇچا ھاكىمىيىتىنىڭ ئاقىۋىتى

ياقۇپبەگ قولغا ئالغان شەھەرلەرگە يەنى، خوتەنگە نىياز ئىشىك ئاغابەگنى، يەركەنگە[79] مۇھەممەد يۇنۇسجان شاغاۋۇلنى، مارالبېشىغا[80] ھېكىمخان تۆرىنى، يېڭىسارغا بولسا كامىلخان تۆرىنى باش قىلىپ تەيىنلىدى. ياقۇپبەگ بىر تەرەپتىن ئەسكەرلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسكىرى لازىمەتلىكلەرنى تولۇقلاش ئىشلىرىنى توختىماي داۋاملاشتۇردى. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇراھمان دادخاھ بىلەن ئابدۇللاھ دىۋانبەگ ياقۇپبەگنى ئاقسۇغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كۇچالىق توختى ئىشىك ئاغابەگمۇ ياقۇپبەگكە تەكلىپ مەكتۇپى ئەۋەتكەنىدى. ئۇچتۇرپان ئاھالىسى كۇچا ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرگەنىدى، كۆپلىگەن كىشى قېچىپ قەشقەرگە ـ ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى. ئومۇمىي ۋەزىيەت ياقۇپبەگنىڭ مەنپەئەتىگە ماس بولۇۋاتاتتى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئاقسۇ بىلەن كۇچانى ئېلىش ئارزۇسى ياقۇپبەگنىڭ كۆڭلىدە باشقىدىن جانلىنىشقا باشلىدى[81].

ياقۇپبەگ پۇرسەتنى قاچۇرۇشنى خالىماي دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. ياقۇپبەگنىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلغان خاس مەھرەم، پانسات ۋە ياساۋۇللاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ مىڭغا يېقىن بولغان بىر قوشۇن بار ئىدى، ئەمىرلەشكەر جامادار[82]، ئەمىرلەشكەر ئۆمەرقۇل، ئەمىرلەشكەر ئابدۇللاھ ۋە ئەمىرلەشكەر مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى 12 مىڭ ئەسكەرمۇ

هازىر بولدى.(1867ـ يىل 8ـ ماي). ياقۇپبەگ قوشۇنى بىلەن يولغا چىقىپ، مارالبېشىغا كەلدى. بەشىنچى كۈنى ياقۇپبەگ ئەمىرلەشكەرلەردىن: «ئاقسۇ ۋە كۇچادىكى ماشايىخ مازارلىرىنى زىيارەت قىلىشقا قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورىدى ۋە دەرھاللا: «بۇيرۇق سىلىدىن، باش ئۈستىگە» جاۋابىنى ئالدى.

ياقۇپبەگ ئاۋۋال ئەمىرلەشكەر مىرزا ئەھمەد قۇشبېگىنى ئەۋەتتى، ھەمدەم باھادىربېشى بىلەن غازى پانساتنى بولسا تۇنجى ھۇجۇمغا ئۆتۈش بىلەن ۋەزىپىلەندۈردى. شۇنىڭدەك يەنە، ھەربىر ئەمىرلەشكەرگە ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن ئىككىدىن ئات ۋە تۆگە، ئېگەر ـ جابدۇقلىرى كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ئالتە ئات ۋە تۆگە؛ ھەربىر پانساتقا ئېگەر ـ جابدۇقلىرى كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ئىككى ئات ۋە ئىككى تۆگە ھەدىيە قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر ئەمىرلەشكەرنىڭ يېنىدا سەككىزدىن پانسات، ھەربىر ئەمىرلەشكەر ۋە پانساتنىڭ يېنىدا بىردىن ھافىز (قارى) بار بولۇپ، قارىلار قوللىرىدا قۇرئان تۇتقان ھالدا سەپ بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى[84].

قوشۇن ھەشەمەت ۋە دەبدەبە بىلەن يولغا چىقىپ چىلانغا كەلدى. دولانلىق بىرىنى تۇتۇۋېلىپ، يولدا كۇچا قوشۇنىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراپ، يايدى تەرەپتە ئىككى يۈز نەپەر، سايئېرىق تەرەپتە ئەللىك نەپەر كۇچا ئەسكىرى بارلىقىنى بىلدى. جامالىدىن خوجا ئىلگىرىلا يايدى ۋە سايئېرىقتا قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىپ، توختى خەلىپە قوماندانلىقىدا 250 ئەسكەرنى ۋەزىپىلەندۈرگەنىدى. ياقۇپبەگ قوشۇنى كېچە ۋاقتىدا يولغا چىقىپ، يايدىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاقسۇ تەرەپكە ئۆتتى. كۇچا ئەسكەرلىرى تەييارلىقسىزلا تۇتۇلۇپ قالدى. توختى خەلىپە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى، قالغانلىرى ئەسىر ئېلىنىپ مارالبېشىغا يوللاندى. ئەمما بۇ ۋاقىتتا ئېتىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن بىر

ئەسكەر ئامان قالغان بولۇپ، ئاقسۇغا كېلىپ جامالىدىن خوجىنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى.

ياقۇپبەگ قوشۇنىنىڭ ئاقسۇ دەرياسىغا كېلىشىگە ئىككى تاش مۇساپە قالغانىدى[85]. جامالىدىن خوجا ئوغلى يەھيا خوجىنى ئۈچ مىڭ ئەسكەر بىلەن دەريا بويىغا ئەۋەتىپ، كېمىلەرنى دەرھال ئىگىلەپ، ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىنى توسۇش ھەققىدە ئەمر قىلدى. ئەمما ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرىنىڭ كېمىلەرگە ھېچ ئېھتىياجى بولمىدى، ئۇلار كېمىلەرگە قاراپمۇ قويماي ئاتلىرى بىلەن دەريادىن ئۈزۈپ قارشىغا ئۆتتى. ئەمما بۇ ئارىلىقتا 1700 گە يېقىن كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. جامالىدىن خوجا كەيىپ ـ ساپاغا ئامراق، ئەسكەرلىرى بولسا ئىنتىزامدىن مەھرۇم ئىدى، شۇڭا تۈنجى ھۇجۇمدىلا قېچىشقا باشلىدى. ھەمدەم باھادىربېشى ۋە غازى پانسات ئارقىسىدىن قوغلاپ تا ئاقسۇغا قەدەر كەلدى ۋە «زامان مۇھەممەد ياقۇپبەگنىڭ زامانى» دەپ ۋارقىرىدى.

جامالىدىن خوجا ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ھېس قىلدى ۋە دەرھال رەپىقىسى بىلەن بىرگە ئۆي ئارقىسىدىكى قىيادىن ئاتلاپ قاچتى، ئەمما رەپىقىسىنىڭ پۇتى سۇنۇپ كەتكەنلىكتىن بىر ئۆيدە قالدۇرۇپ ئۆزى فەخرىددىن قەبرىستانلىقىغا بېرىپ يوشۇرۇندى. ياقۇپبەگ ئاقسۇ تەختىدە ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي جامالىدىن خوجا تۇتۇلۇپ يەركەنگە ئەۋەتىلدى ۋە ھاجى پادىشاھ بىلەن ئوخشاش ئورۇن، ئوخشاش ئۆيدە ئوخشاش قەدەرگە دۇچار بولدى، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا يوللاندى[86]. يېزا ـ كەنتلەرمۇ داخىل ئاقسۇنىڭ تامامى ياقۇپبەگنىڭ قولىغا ئۆتتى. ھېكىمخان تۆرە ئاقسۇنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەندى، باي ۋە سايرامۇ ھېكىمخان تۆرىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا بېرىلدى. ھەمدەم باھادىربېشى ھېكىمخان تۆرىنىڭ خاس باھادىربېشى قىلىپ تەيىنلەندى، خوتەنلىك موللا

ئابدۇللاھ ئاخۇن قازى قىلىپ تەيىنلەندى[87]. ئەمما مۇھەممەد ئەلەمنىڭ ئەسرىدە، جامالىدىن خوجىنىڭ يەركەنگە ئەۋەتىلگەنلىكىگە دائىر ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمەسلىك بىلەن بىرگە، مىرزا نەجمىددىن دادخاھنىڭ ئاقسۇغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكىگە دائىر مەزمۇنلار بايان قىلىنماقتا[88].

ياقۇپبەگ چىلاندىكى ۋاقىتتا، خوجا نەزەربەگ ھىسار قوماندانلىقىدىكى مۇئمىن يۈزبېشى قاتارلىق 39 يىگىتنى ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇچتۇرپان ئاھالىسى خوجىلاردىن، خوجىلارمۇ ئۇلاردىن بىزار بولۇشقانىدى. بۇرھانىدىن خوجا بولسا، ياقۇپبەگكە ئىشەنچ بىلەن قاراۋاتاتتى. ھېچبىر توقۇنۇش يۈز بەرمەيلا شەھەر ئېلىندى، ياقۇپبەگ بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ئوغلىنى زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ھەققىدە قوشۇنغا ئەمر قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى، ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئاقسۇغا ئەۋەتىلدى. خەزىنە، قورال ـ ياراق ئىسكىلاتى ۋە ئاشلىق ئامبارلىرىمۇ ھېچ زىيانغا ئۇچرىماي ياقۇپبەگنىڭ قولىغا ئۆتتى[89].

ياقۇپبەگ تاش خوجا پانساتنى 250 يىگىت بىلەن كۇچاغا ئەۋەتتى. ئۇلار بايغا بىر يېرىم تاش مۇساپە يىراقلىقتىكى سايلەگگەرگە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە ئىبراھىم تۆرە[90]، باقى تۆرە، يۈسۈپ باھادىر، ياقۇپ باھادىر ۋە تەلەي باھادىر قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا تۆت مىڭ كۇچا ئەسكىرى ئەۋەتىلگەنىدى. تاش خوجا پانسات كۇچا ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قوشتامدا قولغا چۈشۈپ، 160 ئەسكىرى بىلەن باراۋەر ئۆلتۈرۈلدى. قالغان ئەسكەرلەر قېچىپ كەتتى. كۇچا قوشۇنى ياقائېرىققا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ياقۇپبەگنىڭ ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلتۈرۈلدى، ئەسىرگە ئېلىنغانلىرى بولسا ئاستى تەرىپىدىن ئوت يېقىلىپ تىرىك كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلدى.

ياقۇپبەگنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئۇتلىرى چاقنىدى ۋە دەرھال جامادان دادخاھ قوماندانلىقىدا 14 مىڭ ئەسكەرنى كۇچاغا ئەۋەتتى[91]. ئارقىدىنلا ئەمىرلەشكەر ۋە پانساتلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆزىمۇ يولغا چىقتى. جوھا قولغا ئېلىنىدى، ياقائىرىققا كەلگىنىدە كۇچا ئەسكەرلىرى بىلەن روبىرو كەلدى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك بولۇپ ئۆتتى، ئۈچ مىڭغا يېقىن كۇچا ئەسكىرى ھاياتىدىن ئايرىلدى، پەقەتلا ئىبراھىم تۆرە قاتارلىق ئاز بىرقىسىم كىشى قېچىپ كېتەلىدى. ياقۇپبەگ قوشۇنىدىن 800 دىن ئارتۇق كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. جەسەتلەر ساينىڭ تېشىدەك تىزىلىپ كەتكەنىدى.

ئىسھاق خوجا ۋە ھامىدىن خان خوجا قوماندانلىقىدىكى كۇچا قوشۇنى تۇڭگانلارنى قاراشەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئالغان خان خوجا دەرھال ھامىدىن خان خوجىنى قاراشەھەردىن چاقىرتتى، ئۆزلۈر بايان قىلدى ۋە مول مىقداردا ھەدىيەلەر بەردى. ياقۇپبەگكە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ھامىدىن خان خوجا تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن كۇچادىن يولغا چىقىپ بايغا كەلدى. بەلكى زاماننىڭ ئېھتىياجىدۇر دەپ ئويلىدى ۋە ياقۇپبەگكە بىر مەكتۇپ ئەۋەتتى، ئەمدى ئىتائەت كەمىرىنى باغلىغانىدى. ياقائىرىققا كەلدى، ياقۇپبەگنىڭ: «ئەي تۆرەم، بىز بىلەن ئۇرۇشقىدەك ئادەم بارمۇ؟» سوئالىغا ھامىدىن تۆرە: «جانابىڭىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان مەن بار ئىدىم، ھازىر ھۇزۇرىڭىزدا خىزمىتىڭىزگە ھازىر ھالدا تۇرماقتىمەن، شۇڭا ئەمدى سىز بىلەن ئۇرۇشىدىغان ھېچكىم يوقتۇر. كۇچا ئەمدى سىزنىڭ بولدى، خەيرلىك بولسۇن!» دەپ جاۋاب بەردى. ياقۇپبەگ ناھايىتى سۆيۈندى، تىللا ۋە باشقا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى. بىر نان تاپساق تەڭ يەيمىز دېدى ۋە ھامىدىن خان خوجىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى[92].

ياقۇپبەگ ياقائىرىقتىن كۇچاغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە قىزىلغا كەلدى. خەير مۇھەممەد توپچىدار پانساتنى يىگىتلىرى بىلەن بىللە ئالدىن ئەۋەتتى. راشىدىنخان خوجىمۇ كۆپ ساندا ئەسكەر ئەۋەتكەنىدى، ئەمما تۇنجى توقۇنۇشتا ئارقىغا چېكىندى. موللا مۇسا سايرامى بۇ جەڭ ھەققىدە يۇقىرىقىدەك قىسقىچە توختالغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەم بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالغان. ئۇنىڭ بايانىغا كۆرە: راشىدىنخان خوجا بارلىق كۇچا ئاھالىسىنى مىلتىق، قىلىچ ـ نەيزە ۋە كالتەك ـ توقماقلار بىلەن قوراللىنىشقا ئەمر قىلدى. ئەمرلەشكەر ئىيسا خوجا[93] قوماندانلىقىدا 30 مىڭ ئەسكەرنى[94] ياقۇپبەگكە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. جەڭنىڭ تۇنجى كۈنى ھەر ئىككى تەرەپتىن 500 گە يېقىن كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى، كېچىدە جەڭ توختىدى. ئەتىسى ياقۇپبەگ بەش پانساتنىڭ يىگىتلىرى بىلەن تۆت تەرەپتىن كۇچا ئەسكەرلىرىگە ئاتلىق ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك داۋاملاشتى، ئىيسا خوجا تاغ تەرەپكە قاراپ قاچتى، راشىدىنخان خوجا دەرھال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. كۇچا ئەسكەرلىرىدىن 5700 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، 70 كىشى ئەسىر ئېلىندى، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى.

ياقۇپبەگ كۇچانى قولغا ئالغاندىن كېيىن، دەرھال جامادار دادخاھ، غازى پانسات، پۇسەر پانساتنى ئالتە دانە توپ ۋە مىڭ سەرۋاز بىلەن راشىدىنخان خوجىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. راشىدىنخان خوجا ئالتە مىڭ ئەسكەر بىلەن ئىككى تەرەپتىن قورشاۋغا ئېلىندى، توپ ئوقلىرى سەۋەبىدىن چارىسىز قالدى. ئاخىرى جامادار دادخاھنىڭ يېنىغا كېلىپ تەسلىم بولدى، ئەسكەرلىرىمۇ قىلىچ ـ قالقانلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ كېلىشكەنىدى. راشىدىنخان خوجا بىرنەچچە كۈن زىنداندا تۇتۇلدى، كېيىن تۆت ياغاچنىڭ ئۈچى قايرىلىپ ئۇنىڭ ھەربىرىگە راشىدىنخان خوجىنىڭ قول ـ پۇتلىرى باغلاندى، ئاندىن دەرەخلەر

بىراقلا قويۇپ بېرىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ جەسىتى تۆت پارچىغا بۆلۈنۈپ كەتتى[95].

راشىدىنخان خوجىنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك «تارىخى ھەمىدىي» ۋە «جامىئۇتتاۋارىخ» ناملىق ئەسەرلەردە بايان قىلىنغانلار مۇھەممەد ئەلەمنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا بىرئاز پەرقلىقتۇر. «تارىخى ھەمىدىي» ۋە «جامىئۇتتاۋارىخ» ناملىق ئەسەرلەردە كەلگەن بايانلارغا كۆرە: ياقۇپبەگ بۇلاقبېشىغا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىككەنىدى. بۇ ۋاقىتتا خان خوجا ئېلىپ كېلىنىدى، ياقۇپبەگ ئۇنى ئەپۇ قىلدى. ئەمما بىرنەچچە كۈندىن كېيىن راشىدىنخان خوجا ياقۇپبەگنىڭ بىر مەھرىمىنى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. قولىغا ملتىق ئېلىپ تۆرگە چىقىپ «مېنىڭ ئەسكەرلىرىم قېنى؟ بۇ ئەندىجانلىقلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇلارنى بۇ شەھەردىن قوغلاڭلار!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئەمما كۈچا ئەسكەرلىرى جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاچقان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم قالمىغانىدى. خان خوجا تۇتۇپ باغلاندى ۋە بارگاھقا ئېلىپ كېلىندى. تارىخ 1867 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇننى كۆرسەتمەكتە، خان خوجا 60 ياشلاردا ئىدى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى نە سورىغان، نە بىلگەن بولدى. قېرىنداشلىرىدىن پەخرىددىن خوجا بىلەن جالالىدىن خوجا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى، جامالىدىن خوجا بولسا يەركەندە ئۆلتۈرۈلدى.

راشىدىنخان خوجا ئۈچ يىل بىر ئاي تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ، ھاكىمىيەت چېگراسى شەرقتە قومۇلدىن باركۆلگە، غەربتە يەركەندىن مارالبېشىغا قەدەر، شىمالدا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىغا، جەنۇبتا لوپ ۋە چەرچەنگە قەدەر كېڭەيگەنىدى.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئاغرىنىپ ئېيتقان سۆزلىرى بەزى مۇھىم نۇقتىلارنى يورۇتماقتا. كۇچا ھاكىمىيىتى بۇ قەدەر كۈچ ۋە خەزىنىگە ئىگە تۇرۇقلۇق نە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ياردەم قىلغان، نە بىرەر تىجارەتچىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغانىدى. نە بىر يول، كۆۋرۈك ياساپ قۇدۇق قازغان، نە بىرەر مەسجىد ـ مەدرىسە بىنا قىلغانىدى، نە بىر مازار رېمونت قىلغان، نە بىر ۋەخپە مۇئەسسەسەسى قۇرغانىدى. ھەرقانداق بىر ياخشىلىق ياكى خاتىرە ئىشلاردىن سۆز قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ياقۇپبەگ خان خوجىنىڭ خەزىنىسىنى قولغا چۈشۈردى، كۆپ مىقداردا توپ، مىلتىق، ئەسكىري لازىمەتلىكلەر ۋە باشقا نېمە بولسا ھەممىنى بىر ـ بىرلەپ تىزىملىككە ئالدى. ئەمەلىيەتتە قومۇلدىن باشلاپ مانجۇلارنىڭ قولىدا بولغان ئالتە شەھەردىكى خەزىنە ۋە ئەسكىري لازىمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسى خان خوجىنىڭ خەزىنىسىدە توپلانغانىدى. ئالتۇن، كۈمۈش، قىممەتلىك رەخت، چاي ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق بولۇپ، ھەممىسى قەشقەرگە ئەۋەتىلدى. ئىسھاق خوجا كورلىدىن چاقىرتىپ كېلىنىپ كۇچا، شاھيار، بۈگۈر ۋە ھەتتا كورلىغا قەدەر بولغان جايلارنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەندى. ئەمما باشقا بىر ئەسەردە كەلگەن مەلۇماتلارغا كۆرە: ياقۇپبەگ كۇچاغا كۈيئوغلى ئالىمخان تۆرىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەنىدى[96]. ياقۇپبەگ كۇچادا ئۈچ مىڭ ئەسكەر، سەككىز يۈز سەرۋاز ۋە ئىككى دانە توپ قالدۇردى. توختى ئىشىك ئاغابەگ ياساۋۇلبېشى، موللا يۈسۈپ ئاخۇن قازى قىلىپ تەيىنلىدى.

ياقۇپبەگ ئىككى ئايدىن[97] كېيىن كۇچادىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى، ئاقسۇغا كېلىپ بىر ئاي تۇردى. ئابدۇراھمان دادخاھنى ئاقسۇغا باش قىلىپ تەيىنلىدى، ئوغلى بەگ قۇلبەگ، جامادار دادخاھ ۋە 14 مىڭ ئەسكەرنى

ئاقسۇدا قالدۇردى. ئۆزى بولسا 64 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۇچتۇرپانغا كېلىپ 20 كۈن تۇرغاندىن كېيىن قەشقەر يولىغا چۈشتى. ئارتۇشقا كەلگەندە بىر كېچە قالدى. مارالبېشىنىڭ ھاكىمى ئۇنىڭغا ئىككى قاپلان بالىسى، بەش دانە قاپلان تېرىسى ۋە باشقا ھەدىيەلەر بىلەن ياقۇپبەگنى قارشى ئالدى. يەركەن ھاكىمى 99 دانە يامبۇ، 99 دانە كۈمۈش بىلەن ئىشلەنگەن ئېگەر ـ جابدۇق، 99 تاغار گۈرۈچ ۋە مىڭ تۇياق قوي بىلەن ئۇنى كۈتۈۋالدى. ياقۇپبەگ قەشقەرگە كەلگىنىدە تارىخ 1867 ـ يىلى 21 ـ ئۆكتەبىرنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. بۇزرۇكخان تۆرىگە 10 مىڭ قۇر قىزىل تىللا بېرىپ ھەرەم شەرىف زىيارىتى ئۈچۈن بەدەخشان ئارقىلىق يولغا سالدى[98]. بۇزرۇكخان تۆرە ھەرەمگە بارالمىدى، باغدادقا قەدەر بېرىپ، قوقەنتكە قايتتى ۋە ئۇ يەردە ۋاپات بولدى[99].

نەتىجىدە، ئۇن ئاي ۋاقىت ئىچىدە يەركەن، خوتەن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا ۋە كورلىغا قەدەر بولغان يەرلەرنىڭ ھەممىسى ياقۇپبەگنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ ئاقسۇ ۋە كۇچانى ئالغاندىن كېيىن، دۆلەت ئەركانلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىللە دارۇسسەلتەنىتى قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. قىش كېتىپ باھار كەلدى، ياقۇپبەگ قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئىشلەپچىقىرىش ۋە سانائەت ئورۇنلىرىنى ئېچىش ھەققىدە ئەمر قىلدى. ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار يەنى، زەرگەر، تۆمۈرچى، قۇيۇمچى، تىككۈچى، تېرىچى، موزدۇز، ئېگەر ـ جابدۇقچى، ياغاچچى، مىلتىق ياسىغۇچى، مىغچى، قېلىپچى، توقۇمىچى، چېدىرچى ۋە خىمىك قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ھۈنەرلىرىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ھەربىر ئۇستىغا مەلۇم مىقداردا مائاش توختىتىلدى. مەللە خاننىڭ نامىدا شەكلى مانجۇ پۇلىغا ئوخشىغان تىللا ۋە مىس پۇل باستۇرۇلدى[100].

موللا مۇسا سايرامى ۋەزىيەت ھەققىدە ھەربىر توختالغىنىدا، ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ ئادالەتنىڭ ئىشكىنى شۇنداق ئاچقان ئىدىكى، زۇلۇم ۋە درد ـ ئەلەم گوياكى ئەنقا قۇشى بولۇپ تاغنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئۆڭكۈرلىرىگە كىرىپ كەتكەنىدى، دەپ تەرىپلىمەي ئۆتمەيتتى. ھەرقانداق بىر ئەسكەرنىڭ ئاھالىنىڭ نە جېنىغا نە مېلىغا زىيان سېلىشىغا زىنھار چەكلەنىدى. «تارىخى ھەمىدىي»دە بايان قىلىنغان ھادىسىلەر بۇنىڭ ياخشى ئۆرنىكىدۇر. ئەسكەرلەر يەركەندىن قەشقەرگە يېڭى كەلگەنىدى. ياشانغان بىر ئايال يول بويىدا بىر نەچچە قاچىدا قېتىق سېتىۋاتاتتى، يۈزبېشى بىر قاچا قېتىقنى يەپ پۇلىنى بەرمەپتۇ، بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ ئۇ يەرگە كەپتۇ. ياشانغان ئايالنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قېتىقنى يېگەن يۈزبېشىنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ياشانغان ئايال ئەسكەرلەر ئىچىدىن ئۇ يۈزبېشىنى تېپىپ كۆرسىتىپتۇ. ئاتىلىق غازى: «ئەي ئانا، مەن بۇ يىگىتنىڭ قارنىنى يارىمەن، ئىچىدىن قېتىق چىقماي قالسا، ئۇنىڭغا ئوخشاش سېنىڭ قارنىڭنى يارىمەن» دېگەندە، ياشانغان ئايال ماقۇل بوپتۇ. ياقۇپبەگ يۈزبېشىنىڭ قارنىنى يارغاندا ئىچىدىن قېتىق چىقىپتۇ ۋە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئايالغا بېرىپتۇ.

ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇغا تۇنجى كەلگەن ۋاقىتلىرىدا، يىگىتلىرىدىن بىرى دېھقاننىڭ ئىككى باغلام بېدىسىنى پۇلىنى بەرمەيلا ئېتىغا يېگۈزۈپتۇ. دېھقان ئەرز ـ شىكايەت قىلغىنىدا، تەكشۈرۈپ راستلىقى ئېنىقلىنىپتۇ ۋە ئىبرەتى ئالەم ئۈچۈن ئۇنى سازايى قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئەسكەرلەر ھەرقانداق نەرسىنى زورلۇق بىلەن ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سودا ـ سېتىقتا باھا تالىشىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماس ھالغا كەپتۇ. ياقۇپبەگ يەنە بىر ئاقسۇ يۇرۇشىدە ئىدى. مارالبېشىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئوغلى خۇدا قۇلبەگنىڭ[101] قويغان ئوتى سەۋەنلىك تۈپەيلى بىر ياشانغان ئايالنىڭ ئېرىنى ئۆلتۈرۈپ

قويۇپتۇ. ياشانغان ئايال شكايەت قىپتۇ، بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ياقۇپبەگ ئوغلىنى ئۆز قولى بىلەن جازالاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي 16 ياشقا كىرگەن ئوغلى تاياق زەربىسىدىن هاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. بۇ هادىسىگە شاهىت بولغان ئەمىرلەشكەر، پانسات، سەرۋاز ۋە يىگىتلەر ئۇ قەدەر قورقۇپتۇكى، ئىتائەت كەمەرلىرىنى يېڭىدىن مەهكەم باغلاپتۇ.

ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگنىڭ يىگىتلىرىنىڭ سانى 50 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سانائەت ئورۇنلىرىدا مائاش بىلەن ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانىمۇ 50 مىڭدىن ئاشقان، خەزىنە قۇرۇشقا باشلىغانىدى. ياقۇپبەگنىڭ هاكىمىيەت چېگرالىرى شەرقتە باغراش ۋە ئۇششاقتال؛ غەربتە ئالاي ۋە بەدەخشان؛ شىمالدا مۇزتاغ ۋە زەۋقى؛ جەنۇبتا قاراقۇرۇم، لوپ ۋە چەرچەنگە قەدەر سوزۇلغانىدى. دۆلەتكە تەئەللۇق تېرىلغۇ يەر، يايلاق ۋە باغلار سېتىلىپ خەزىنە ئېهتىياجىنى تولۇقلاش خىزمىتى باشلىنىلدى. ئاقسۇغا قاراشلىق ئاقيار ۋە كەلپىندىن تاكى قوشتام هەتتا ئونباشقا قەدەر بولغان يەرلەردىن 556000 تەڭگە، باي ۋە سايرامدىن بولسا ئەڭ ئاز 400000 تەڭگە خەزىنىگە كىردى. باشقا رايونلاردىن كىرگەن پۇللارنىڭ بۇلاردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلىش هەرهالدا خاتا بولمايدۇ[103].

## مۇزەپپەرخان

بۇ يەرگە كەلگەندە مۇزەپپەرخان ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەك كېرەك. ئۇ كۈنلەردە كۇچا ھاكىمىيىتى تېخى يىقىلمىغانىدى. مۇھەممەدئەلى خانىنىڭ ئوغلى مۇزەپپەرخان[104] كەشمىردىن يەركەنگە، ئۇ يەردىن كۇچاغا، ئاندىن كېيىن كورلىغا كەلدى[105]. ياقۇپبەگنىڭ كۇچاغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا دەرھال ئۈرۈمچىگە باردى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ يەردە غۇلجىدىن كەلگەن پەرغانىلىك تىجارەتچىلەر بار ئىدى، ئۇلار مۇزەپپەرخاننى دەرھال تونىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىززەت ـ ئىكرام كۆرسەتتى. تۇڭگانلارنىڭ باشلىقى داۋۇت خەلىپىمۇ مۇزەپپەرخانغا ھۆرمەت كۆرسىتىپ، بىر نەچچە ساندۇق چاي ۋە كۈمۈش ھەدىيە قىلىش بىلەنلا قالماي، تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىمۇ ئەۋەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ ئەسكەرلەرنى مۇزەپپەرخان ئۆزى تەلەپ قىلغانىدى. باشقا تۇڭگانلارمۇ مۇزەپپەرخاننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى. چۈنكى تۇڭگانلار ياقۇپبەگنىڭ قولىدىن قەشقەرنى ئېلىش تاماسىدا ئىدى[106]. بۇندىن ئىلگىرى مۇھەممەدئەلى خانىنىڭ سىپاھلىرىدىن مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى، نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچى (يەر سۇيۇغال قىلىشقا مەسئۇل ئەمەلدار)[107]، مىربابا دادخاھ، غازى پانسات ۋە باشقا كىشىلەر قوقەنتتىن قېچىپ كەلگەنىدى، ئۇلار مۇزەپپەرخانغا: «مۇمكىن بولسا ئاقسۇغا، توغرىسى كۇچاغا تەشرىپ قىلسىلا، سىلىنى يەتتە شەھەرنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلايلى» دەپ بىر نەچچە مەكتۇپ ئەۋەتتى.

ھاكىمىيەت ھەۋىسى مۇزەپپەرخاننى راھەتسىز قىلىشقا باشلىدى، تىزگىنسىز تۇڭگانلار ۋە نەمەنگانلىقلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغانىدى. ئەسكەر سانىمۇ 500 گە يەتتى. ھوقۇق ـ مەنسەپ تاماسىدا بولغان بىر نەچچە بايلار بارلىق مال ـ دۇنياسىنى مۇزەپپەرخانغا ئۆتنە بەردى. ئات، قورال ـ ياراق ۋە باشقا ئەسكىرىي لازىمەتلىكلەر تەييارلاندى. مۇزەپپەرخان كورلا ۋە قاراشەھەرنى قولغا ئالدى. كورلىنىڭ ھاكىمى ھاجىبەگ كۇچاغا قېچىپ بېرىۋالدى ۋە قەشقەرگە بىر مەكتۇپ يوللىدى. ياقۇپبەگ سىپاھلىرىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى، چۈنكى مۇزەپپەرخان ئۇلارنىڭ شاھزادىسى ئىدى. ئىسھاق خوجىغا دەرھال مۇزەپپەرخانغا قارشى جەڭ قىلىش ھەققىدە ئەمر قىلدى ۋە مۇزەپپەرخاننى تىرىك قولغا چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى[108]. ئىسھاق خوجا ئەسكەرلىرى بىلەن كورلىغا كەلدى. سان جاھەتتە مۇزەپپەرخاننىڭ ئەسكەرلىرى خېلىلا ئاز ئىدى. ئىلگىرى ئىتتىپاق تۈزگەن قالماق ئەسكەرلىرى ئىسھاق خوجا ۋە قوشۇننى كۆرۈپلا قېچىپ كەتتى. مۇزەپپەرخاننىڭ يوشۇرۇنغان چېدىرى قورشاۋغا ئېلىندى ۋە كېچە ۋاقتىدا ئىسھاق خوجىنىڭ ئەسكەرلىرى تۆت تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. چېدىر ۋەيران قىلىندى، مۇزەپپەرخاننىڭ كاللىسى كورلا شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىلدى. مەزكۇر ھادىسە 1868 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا يۈز بەرگەن[109].

باشقا بىر ئەسەردە مۇزەپپەرخان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا كۆرە: تۇرپان ۋە قومۇلدىكى تۇڭگانلار، قوقەنتتىكى مۇھەممەد ئەلى خاننىڭ ئوغلى مۇزەپپەرخاننى باش قىلىپ سايلىدى ۋە ياقۇپبەگكە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە يولغا سالدى. چۈنكى ئۇلار ئەندىجانلىقلارنىڭ قولىدىن قەشقەرنى ئالماقچى ئىدى. ياقۇپبەگ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال يولغا چىقتى ۋە يانداماغا كەلدى. ئالىم خان تۆرىمۇ مۇزەپپەرخانغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كۇچادىن ئەسكەرلىرى بىلەن يولغا چىققانىدى. 50 تۇڭگاندىن

تەركىب تاپقان بىر ئەلچى ھەيئىتى ئالىم خان تۆرىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمىغان ئالىم خان تۆرە دەرھال بۇ تۇڭگانلارنىڭ ھەممىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. كەسكىن جەڭدىن كېيىن مۇزەپپەرخان تىرىك قولغا چۈشتى ۋە بىر مەكتۇپ بىلەن بىللە ياقۇپبەگكە ئەۋەتتى[110].

## قەشقەردىن شۇگنانغا ماڭغان تىجارەت كارۋىنى

ئۇ كۈنلەردە مەھمۇد باي قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن سودىگەر ياقۇپبەگدىن تىجارەت ئۈچۈن ھىندىستان تەرەپكە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئىزنى بېرىلدى. ئۇلار يولغا چىقىپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن شۇگنان يولىدا تاغ قاراقچىلىرى تەرىپىدىن بۇلانغانلىق خەۋىرى كەلدى، ھەربىر سودىگەرنىڭ مىڭ يامبۇ قىممىتىدە ماللىرى بار ئىدى. ياقۇپبەگنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ كەتتى ۋە ئابدۇللاھ ئەمىرلەشكەر بىلەن ھاجى مىرزابېشى قوماندانلىقىدا يەتتە مىڭ لەشكەر[112] بىلەن يىگىرمە پانساتنى 10 مىڭ تۇياق قوي، 600 تۆگىگە ئارتىلغان قورال ـ ياراق، ئاشلىق قاتارلىق لازىمەتلىكلەر بىلەن بىللە شۇگنانغا ـ ئەسقەر ئەلى خانغا قارشى ئەۋەتتى. ئەگەر پۇل ـ ماللارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرمىغان ئەھۋالدا ئۇرۇش قىلىشقا ئەمر قىلدى.

ياقۇپبەگ قوشۇنى شۇگنانغا كەلدى، ھاجى مىرزا بىلەن ئىسلامبەگ پانسات، ئەسقەر ئەلى خانغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئەسقەر ئەلىخان ناھايىتى

قورقۇپ كەتكەن بولغاچقا، بۇلانغان پۇل ـ ماللارنىڭ ھەممىنى تولۇق قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە بىر مەكتۇپ يوللىدى. مەكتۇپتا: بۇ ئىشتىن پەقەتلا خەۋىرى بولمىغانلىقىنى، جىنايەتچىلەرنى چوقۇم تۇتۇپ جازالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بارلىق ئاھالە بىلەن بىرگە تەۋبە قىلغانلىقىنى؛ بۇرۇنلا قەشقەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ دوستلۇق ئورنىتىشى كېرەك بولۇپ، بۇ خاتالىقنىڭ يەنىلا ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى؛ ئەگەر ھېلىھەم ئۆزىنى ـ ئەسقەر ئەلىخاننى خىزمەتكارى دەپ قارىسا، ھەر ۋاقىت ئىتائەتكە ھازىر ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ماقۇل كۆرۈلسە، ئۆز قىزىنى ياقۇپبەگنىڭ ئەمرىگە بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىپ يازغان. ئابدۇللاھ ئەمرلەشكەر مەكتۇپنى ئېلىپلا دەرھال قەشقەرگە ئەۋەتتى. ياقۇپبەگ مەكتۇپ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ تولىمۇ سۆيۈندى. تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرگىنىدىن كېيىن، ئەسقەر ئەلىخاننىڭ قىزىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. مەزكۇر ھادىسىدىن كېيىن، شۇنگان، كانجۇت قاتارلىق بارلىق كوھىستان رايونى ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيەت چېگراسى ئىچىگە كىرگەن بولدى[113].

«ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ» ناملىق ئەسەردە، شۇنگان يولىدىكى قەشقەر تىجارەتچىلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغان ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق مەلۇمات يوق، ئەمما توختالغان بەزى مەزمۇنلار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنگاننىڭ پادىشاھى ئەسقەر ئەلىخان ھېچبىر يەرگە باغلىق بولمىغان، 20 مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى. شۇنگاننىڭ ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان، پەقەتلا تاغ قاپتىلىدا ئۇزۇن بىر يول بار بولۇپ، بۇ يولدىن ئۆتكەن سودىگەرلەر دائىم دېگۈدەك بۇلاڭچىلىققا ئۇچراپ تۇراتتى. قىيىن جۇغراپىيەلىك شارائىتلار تۈپەيلى بۇ بۇلاڭچىلارغا قارشى چىقالىغانلارمۇ بولمىغانىدى. شۇنگان بەش ئەسىردىن بۇيان مۇستەقىل ئىدى.

ئەسقەر ئەلىخانىنىڭ قاراكۆز ئايىم ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ، گۈزەللىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئەتراپتىكى بىرقانچە پادىشاھلىقلارنىڭ شاھزادىلىرى بۇ مەلىكە بىلەن ئۆيلىنىشنى مەقسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى رەت قىلىنغانىدى. قىزنىڭ گۈزەللىك داڭقىنى ئاڭلىغان ياقۇپبەگمۇ ئەلچى ئەۋەتتى، ئەمما ئەسقەر ئەلىخان ئۇنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. غەزەپلەنگەن ياقۇپبەگ دەرھال ئۆمەرقۇلبەگ قوماندانلىقىدىكى 40 ئەسكەرگە شۇنگاننى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشقا ئەمر قىلدى. ئەسقەر ئەلىخانىنىڭ كانجۇت ۋە گىلگىت پادىشاھلىرى بىلەن ئارىسى ياخشى ئەمەس بولۇپ، ھەر زامان ئۇرۇش بولۇش ئېھتىمالى بار ئىدى، شۇڭا ياقۇپبەگكە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كۆزى يەتمىدى. قىزنى ياقۇپبەگكە بېرىشنى قارار قىلىپ دەرھال داۋۇد شاھ سەردارنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۆمەرقۇل دادخاھ بىلەن كۆرۈشۈپ، ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىندى. ياقۇپبەگ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ، ئەلچىنىڭ دەرھال قەشقەرگە ئەۋەتىلىشىنى تەلەپ قىلدى. 60 كۈندىن كېيىن، ھاجى تۇراپ قوماندانلىقىدىكى 206 سىپاھى مول مىقداردىكى ھەدىيەلەر بىلەن قاراكۆز ئايىمنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى ۋە ساق ـ سالامەت قەشقەرگە يېتىپ كەلدى[114].

## تۇڭگانلارنىڭ كورلا ۋە كۇچاغا قىلغان ھۇجۇملىرى

ياقۇپبەگ سەلتەنەت تەختىدە خۇددى ئىككىنچى ئەمىر تىمۇر كۆرەگانىدەكلا ئىدى، دۆلەتۇ ـ ئىقبال كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردى. 1870 ـ يىلىنىڭ باھار

ئايلىرىدا، ئۇرۇمچىدىكى تۇڭگانلاردىن يان شاي ۋە لەن شىڭ يان شاي قوماندانلىقىدىكى 20 مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى[115] تۇرپاندىن يولغا چىقتى ۋە تۇيۇقسىزلا كورلىغا ھۇجۇم قىلدى. ياقۇپبەگ بۇندىن بۇرۇنلا مىربابا دادخاھنى ئۇششاقتالدا بىر قاراۋۇلخانا ئىنشا قىلىشقا ۋەزىپىلەندۈرگەن بولۇپ، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتمۇ تۇڭگانلاردىن كېلىدىغان ھەرخىل تەھدىتلەرگە قارشى توسۇق قۇرۇش ئىدى. ئەپسۇس، تۇڭگانلارنى توسالمىدى[116]، كورلا بېگى ھاجىبەگ قاتارلىق بىرقانچە كىشى كۇچاغا قاچتى. ياقۇپبەگ بۇ خەۋەرنى ئېلىپلا دەرھال ھېكىمخان تۆرىگە ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن[117] تۇڭگانلارغا قارشى جەڭ قىلىشنى ئەمر قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ھېكىمخان تۆرە ئاقسۇدا ئىدى.

ھېكىمخان تۆرە ئەسكەرلىرى بىلەن ئاقسۇدىن كۇچاغا كەلدى ۋە ئۇ يەردە تۇڭگانلار بىلەن ئۇچراشتى، جەڭ ناھايىتى جىددىي داۋام قىلدى. ھېكىمخان تۆرىنىڭ چەۋەندازلار ئەترىتى تۇيۇقسىز قېچىشقا باشلىدى. قالغان ئەسكەرلەر دەرھال بىر باغنىڭ ئىچىگە كىرىپ، شۇ يەردە پاناھلىنىپ ئوقلىرى تۈگىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى. تۇڭگان ئەسكەرلىرى تۆت تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى ۋە كۇچانى قولغا ئالدى. ئىككى مىڭغا يېقىن يىگىت ۋە سەرۋازلار ھاياتىدىن ئايرىلدى[118]. ھېكىمخان تۆرە ۋە ئىسھاق تۆرە ئاز ساندىكى ئاتلىق چەۋەندازلىرى بىلەن قېچىپ، ئاقسۇغا كېتەلمەي بايدا قالدى.

ياقۇپبەگ ھېكىمخاننىڭ تۇڭگانلارغا قارشى جەڭدە مەغلۇب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، جامادار دادخاھنى ئەسكەر ۋە توپ ـ زەمبىرەكلەر بىلەن دەرھال ياندۇماغا كېلىشكە ئەمر قىلدى. جامادار دادخاھ ئەمرگە بىنائەن شۇ كۈنىلا يېتىپ كەلدى. ئەتىسى ئۆمەرقۇل قوماندانلىقىدا 15 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، ئۈچىنچى كۈنى ئابدۇللاھ قوماندانلىقىدا 20 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر يولغا چىقتى.

تۆتىنچى كۈنى ياقۇپبەگ 15 مىڭ ئەسكەر، 1500 خاس مەھرەم، 25 جاللات، سەككىز نەپەر ئالاقچى ئەسكەر ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەيۋە ـ دەبدەبە بىلەن ياندۇمغا كەلدى. ئاندىن خوتەن ھاكىمى نىياز ھېكىمبەگكە مەكتۇپ يوللاپ 15 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئاقسۇغا كېلىشكە ئەمر قىلدى. نىياز ھېكىمبەگ 18 كۈندىن كېيىن ئاقسۇغا كەلدى[119].

بۇ ۋاقىتتا، كۆپ ساندىكى كۇچا ئاھالىسى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن يۇلتۇز باغ ۋە مۇكۇر يوللىرى بىلەن ئاقسۇغا كەلدى. ئاقسۇدا يىگىت ئەسكەرلەرمۇ، سەرۋازلارمۇ يوق ئىدى. مىرزا باباھەگ زاكاتچى ئاقسۇغا كەلگەن سودىگەر باللارنى تۇپلاپ، قورالاندۇردى ۋە شەھەرنىڭ بىخەتەرلىك ـ مۇداپىئەسى ئۈچۈن ۋەزىپىلەندۈردى. شەھەرنى قورقۇنچ ۋە ئەندىشە قاپلىغانىدى. مىرزا بابابەگ زاكاتچى ئاقسۇدىكى تۇڭگانلارغا ئىشەنمىگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى ھەققىدە ئەمر قىلدى ۋە ئۆز ئىش ـ كەسپلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن 19 تۇڭگان تۇتۇلۇپ زىندانغا ئېتىلدى. تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ئۇلارنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ئايان بولغان بولسىمۇ، دەرھال قويۇپ بېرىلمىدى. ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئىككى يىگىتنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئىككى ھارۋىدا قەشقەرگە ئەۋەتتى. قاراقىلچىنغا كەلگىنىدە ياقۇپبەگ بىلەن ئۇچراشتى. «بۇ تۇڭگانلار كىم؟» دەپ سورىغان ياقۇپبەگ، ئاقسۇدىكى زاكاتچىبەگ ئەۋەتتى، دېگەن جاۋابنى ئاڭلىغان ھامان ھەممىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ئەمر قىلدى. ئۇلار بىلەن بىللە ئەۋەتىلگەن مەكتۇپقىمۇ قارىمىدى، چۈنكى تۇڭگانلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ياقۇپبەگنىڭ تاقىتىنى چەككە يەتكۈزگەنىدى[120].

تۇڭگانلار كۇچادا بولغان توققۇز كۈن[121] ئىچىدە تالان ـ تاراج، بۇلاڭ

ـ تالاڭنى ئۆزلىرىنىڭ ھەققى دەپ قارىدى، ھەتتاكى توققۇز ياشتىكى قىزلارغىمۇ باسقۇنچىلىق قىلىشتى. شۇنىڭدەك كورلىدا قىلغانلىرىمۇ بۇلاردىن ھېچ كەم ئەمەستى. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپبەگ مارالبېشىنىڭ ھاكىمى دەرۋىش ئىمراخوربېشىنى ئەسكەرلىرى بىلەن ھېكىمخان تۆرىگە ياردەمگە ئەۋەتتى. ھېكىمخان تۆرە بىلەن ئىسھاق خوجا بىرلىكتە كۇچاغا كەلدى، ياقۇپبەگمۇ قوشۇن بىلەن بىرگە ياندومادىن يولغا چىقىپ مارالبېشىغا، ئۇ يەردىن ئايكۆلگە، ئاندىن ئاقسۇغا كەلدى. جامادار دادخاھنى كۇچاغا ئەۋەتتى. ھەركىمگە تۇڭگانلارنى كۆرگەنلا يەردە ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ئەمر قىلدى. كۇچا ھاكىمى مىربابا دادخاھنىڭ قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تىرىك تۇتۇلۇشۇنى تەلەپ قىلدى. ياقۇپبەگ تۇڭگانلارنىڭ كۇچادا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە ناھايىتى غەزەپلەنگەنىدى، ئەمما تۇڭگانلارنىڭ تۇرپانغا قاراپ قېچىشى ياقۇپبەگنىڭ غەزىپىنى ئازراق بولسىمۇ باسقانىدى.

ياقۇپبەگ ئاقسۇدىن شەمسىدىن ئەلەم ئاخۇن، باھائىددىن ئاخۇن، ھادى خەلىپە، مۇھەممەد خوجا خاتىپ ئاخۇن، موللا ئىيسا ئاخۇن ۋە باشقا كىشىلەرنى قەشقەرگە سۈرگۈن قىلدى. موللا جىيەن مىرزابېشىنى ئاقسۇغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى، ئاقسۇدا كاتتا بىر ساراي ئىنشا قىلىنىشى ھەققىدە ئەمر قىلدى. ياقۇپبەگ ئاقسۇدا ئون كۈن تۇرغاندىن كېيىن كۇچاغا قاراپ يولغا چىقتى، ھەمدەم باھادىربېشى بىلەن مىربابا دادخاھقا قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى نە بىلگەن نە كۆرگەن بىرەر كىشى بولمىدى. ياقۇپبەگ ھېكىمخان تۆرىگىمۇ قاتتىق غەزەپلەنگەن بولغاچقا دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانىدى، ئەمما ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ يالۋۇرۇشى نەتىجىسىدە قارارىنى ئۆزگەرتتى ۋە بىللە ئېلىپ ماڭدى[122]. «جامىئۇتتاۋارىخ» ناملىق ئەسەردە كېلىشىدە: مىربابا دادخاھ بىلەن ھەمدەم

پانسات زەنجىرلىنىپ كورلىغا ئەۋەتىلدى. مىرىبابا دادخاھنىڭ پۈتىغا تۆمۈر باغلاپ دەرياغا تاشلاندى، ھەممەم پانسات بولسا تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈلدى[123].

## ياقۇپبەگنىڭ تۇرپاننى ئېلىشى

ياقۇپبەگ ھەرقېتىم يۈرۈشكە چىققىنىدا قونالغۇ قىلىدىغان ئورۇنغا چۈشۈشتىن ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇن مەيلى ئۇ يەر تاغ ياكى چۆل بولسۇن، ئۇ يەردە بازار قۇردۇراتتى. بازارغا گۆش، ماي، گۈرۈچ، نان، ئېرىمچىك، كۆكتات، مېۋە، تاتلىق - تۈرۈم، قۇرۇق يېمىش، شىرنە - مۇراببا، خۇشپۇراق دورا - دەرمانلار ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈرلۈك نەرسىلەر ئېلىپ كېلىنەتتى. ئادەتتە بۇنداق بازارغا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپى شەھەر بازارلىرىدىنمۇ تېپىلمايتتى. ياقۇپبەگ ھەر قېتىمقى يۈرۈشدە يېنىدا 50 هارۋىدا تىللا، ئاق تەڭگە ۋە كۈمۈش؛ 50 هارۋىدا قىزىل پۇل ۋە مىس پۇل[124]؛ ئىككى يۈز تۇياق بىر لوكىلىق تۆگىگە ئارتىلغان تۈرلۈك تون، خۇرۇم پەشمەت، تېرە، ئىشتان، مالخاي ۋە ئۆتۈك؛ ئىككى يۈز تۆگىگە ئارتىلغان ئېگەر - جابدۇق؛ ئېسىل ئېگەر - جابدۇقلار بىلەن جابدۇغان 500 تۇياق ئات ۋە ئېگەرسىز 500 ئاتنى بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. ھەربىر ئاتقا بىر كىشى مەسئۇل ئىدى. نۇرغۇن ئالاھىدە ياسالغان هارۋىلاردا قازاق ۋە يېڭىسار قويلىرىنى؛ توخۇ، تۇخۇم، قوي يېغى، سۇ ياغ؛ تونۇر، كەتمەن، پالتا، پانۇس، شامدان ۋە سۈپۈرگىلەرنى؛ 4 ـ 5 مىڭ تۇياق قوي، كۆپ ساندا موزاي، ئىنەك... قاتارلىقلارنى ئېلىپ ماڭاتتى.

ياقۇپبەگ سەككىز ئەمىرلەشكەرنىڭ ھەربىرىگە سەككىز پانسات، ھەربىر پانساتقا بەشتىن يۈزبېشى تەيىنلەپ بەردى. تىزىملىككە چۈشكەن يىگىت ۋە سەرۋازلارنىڭ ئومۇمىي سانى 25 مىڭ بولسىمۇ، مەشئەلچى، بازارچى، قوشچى[125] ۋە باشقا كىشىلەر يۇقىرىقى ساننىڭ سىرتىدا ئىدى. پەقەت ياقۇپبەگنىڭ خاس ئاشخانىسىدىلا بىر كۈندە 60 چارەك گۈرۈچ ئىشلىتىلەتتى. ئوخشىمىغان ۋىلايەتلەردىن ھەركۈنى ئىككى - ئۈچ يۈز ئېشەككە ئارتىلغان گۈرۈچ، تۆت - بەش يۈز ئات ھارۋىلىرىدا ئۇن ۋە يەم كېلىپ تۇراتتى[126].

ياقۇپبەگ شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان ھەشەمەت ۋە دەبدەبە بىلەن كۇچاغا كەلدى. ئىسھاق خوجىنى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن يەركەنگە - شاغاۋۇل دادخاھقا ئەۋەتتى ۋە ئايرىم - ئايرىم ئايلىق مائاش ئورۇنلاشتۇردى، ئەسلىدە بۇمۇ بىر تۈرلۈك سۈرگۈن ئىدى. توختى ئىشىك ئاغىنىمۇ ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى، نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچىنى كۇچاغا باش قىلىپ تەيىنلىدى. ياقۇپبەگ كورلىغا كېلىپ نىياز مۇھەممەد توقسابانى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ كۈنلەردە كورلا ۋە كۇچادىكى كۆپلىگەن سودىگەرلەر تۇڭگانلار تەرىپىدىن بۇلاڭچىلىقتا ئۇچراپ بارلىق مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىشنىڭ ۋەھىمىسىنى ئىپادىلەپ ئەرز قىلدى. ياقۇپبەگ تۇرپاننى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ زىيانلىرىنىڭ ھەممىنى خەزىنىدىن تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. زەينۇلئابىدىن مەخدۇم مىرزابېشىنى بۇ تىجارەتچىلەرنىڭ سەرمايىلىرىنى تىزىملاپ چىقىش ھەققىدە ۋەزىپىلەندۇردى. تۇرپان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ خەزىنىگە تۆلىگەن زاكات مىقدارىغا قاراپ بۇلانغان پۇل - مالىرى تۆلەپ بېرىلدى. چۈنكى يالغان بايانلاردا بولغانلارمۇ بولغانىدى[127].

ياقۇپبەگ ئۇششاقتالدىن ئۆتۈپ قاراقلچىنغا كەلدى. تۇڭگانلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئۆمەرقۇل ئەمرلەشكەر ۋە جامادارنى مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن يىلانلىق يولى بىلەن، ئابدۇللاھ ئەمرلەشكەر قوماندانلىقىدىكى مىڭ يىگىت ئايغىر بۇلاق يولى بىلەن توقسۇنغا ئەۋەتتى. ئۇلار شۇ كۈنى توقسۇنغا يېتىپ باردى. ئىككى مىڭغا يېقىن تۇڭگاندىن ئاران ئىككى يۈزگە يېقىنى تۇرپانغا قاچالىدى. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. ياقۇپبەگ تۇرپانغا كېلىپ[128]، دادۇڭ[129] دېگەن يەرگە چېدىر ـ بارگاھلىرىنى قۇردى. ئىككى كۈندىن كېيىن، ئالتە مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى[130] تۇرپان شەھىرىدىن چىقىپ يەمشىغا كەلدى. ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگنى بۇ تۇڭگانلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. شىددەتلىك جەڭ كۈندۈز بويىچە داۋاملاشتى ۋە ئالتە مىڭغا يېقىن تۇڭگان ئۆلتۈرۈلدى، ئاز ساندىكى تۇڭگانلار شەھەرگە قېچىپ بېرىۋالدى، كۆپ ساندا توپ ۋە قورال غەنىيمەت ئېلىندى. دادوڭ گوياكى بوران ـ چاپقۇن ئۇۋىسى ئىدى. قوشۇن يارغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

داۋۇت خەلىپە (لاۋ رىنجيامۇ دېيىلىدۇ، ئاقساقال دېگەن مەنىدە) دېگەن تۇڭگان ئۈرۈمچىدىن 17 مىڭ ئەسكەرنى[131] تۇرپاندىكى تۇڭگانلارغا ياردەمگە ئەۋەتتى، بۇ ياردەمچىلەر تۆت كۈندىن كېيىن كەلدى. شەھەردىن چىققان سەككىز مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى ياقۇپبەگ قوشۇنىنى ئىككى تەرەپتىن قورشاۋغا ئالماقچى بولدى، بۇ ۋاقىتتا ئۆمەرقۇل ئەمرلەشكەر بىلەن ئابدۇللاھ ئەمرلەشكەر بىرلا ۋاقىتتا ئەسكەرلىرى بىلەن ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. باشقا ئەمرلەشكەر ۋە پانساتلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن جەڭگە كىردى. تۇڭگانلاردىن ئاز بىر قىسىم قېچىپ كەتكەنلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى بارسا كەلمەس يولغا راۋان بولدى[132].

ياقۇپبەگ تۇرپان شەھرىگە بەش يول مۇساپىدىكى بىر يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئۆمەرقۇل دادخاھنى يارغا بىر قەلئە ئىنشا قىلىشقا بۇيرۇدى. ئەتراپى كەڭرى خەندەكلەر بىلەن ئورالغان، ئەسكىري جەھەتتىن ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇنلاردا چوڭ دەرۋازىلىرى بولغان، ئېگىز ـ ئېگىز مۇنارلىق بىر قەلئە ئىنشا قىلىندى. قارارگاھ مۇستەھكەم بىر ئەسكىري گازارما ھالىغا كەلدى ۋە 40 مىڭ ئەسكەر يەرلەشتۈرۈلدى[133]. ھەر كېچىدە بىر پانسات 500 ئەسكەر بىلەن بىللە نۆۋەت تۇتاتتى. تۇرپان شەھرى تېخىچە قولغا ئېلىنمىدى، تۇڭگانلار ھەر 10 كۈندە بىر شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇشسىمۇ ھېچبىر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمەي يەنە قايتىپ كېتەتتى. بۇ ۋاقىتتا لۈكچۈن تۇڭگانلىرىمۇ ئىتائەتتىن چىقىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ياقۇپبەگ ئۆمەرقۇل ئەمىرلەشكەر بىلەن ئابدۇللاھ ئەمىرلەشكەرنى يىگىتلىرى بىلەن بىللە لۈكچۈنگە ئەۋەتتى[134]. ئۇلار كېلىپ لۈكچۈننى قولغا ئالدى ۋە ياقۇپبەگ تەرەپتىن ئۇلارنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىشى تەلەپ قىلىندى، چۈنكى ئۈرۈمچىدىن يەنە 12 مىڭ تۇڭگان كەلگەنىدى. ئەمىرلەشكەرلەر قايتىپ بېرىپلا ئۇ تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشتى، بۇ تۇڭگانلارمۇ يوق قىلىندى.

ياقۇپبەگ خېلى كۆپ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ كۈنلەردە ئەمىرلەشكەر ئافغان خەير مۇھەممەد توپچىدار[135] ياقۇپبەگكە خىيانەت قىلىپ ياردىن قاچتى ۋە تۇڭگانلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆزى ياسىغان توپلار بىلەن ھەركۈنى دېگۈدەك ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. خەير مۇھەممەد ئالتە مىڭغا يېقىن تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن كېچىلەپ شەھەردىن چىقتى ۋە كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئۆتتى، تۇڭگان ئەسكەرلىرىدىن سېپىل ئۈستىگە چىققانلار، ھەتتا قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرگەنلەرمۇ بولدى. ئەمما جامادار دادخاھنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولغاچقا تەييارلىق بىلەن تۇرغان ئىدى. تۇڭگانلاردىن كۆپ سانلىقى

ئۆلتۈرۈلدى، ئىرىك قولغا چۈشكەنلەرنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. خەير مۇھەممەد توپچىدار يارىلاندى، مىڭ بىر جاپادا ئۆزىنى ئاران قۇتۇلدۇردى. ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرىدىن ئۇيقۇغا غەرق بولغان 30 غا يېقىن نۆۋەتچى ئەسكەر هاياتىدىن ئايرىلدى.

تۇرپان شەهرى مۇهاسىرىگە ئېلىنغىلى توققۇز ئاي بولغان بولسىمۇ، ئەمما شەهەر تېخىچە ئېلىنمىغانىدى. تۇرپاننىڭ چوڭلىرىدىن ئابدۇلقاھاربەگ بىلەن خوجا ئابدۇللاھبەگ ئۆز ئاشلىقلىرىدىن مول مىقداردا ئېلىپ كېلىپ ياردەمدە بولدى. ياقۇپبەگ بۇ ئىشتىن تولىمۇ سۆيۈندى. تۇڭگانلار ناھايىتى قىيىن بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇرۇشۇشتىن باشقا ھېچ چارىسى قالمىغانىدى. بىر كۈنى جامادار دادخاھ تۇرپاندا قۇيدۇرغان چوڭ توپنى سىناپ باقماقچى بولدى ۋە سەھەر ۋاقتىدا تۇڭگانلار تۇرغان شەھەرگە قارىتىپ ئوت ئاچتى. بۇ ۋاقىت تۇڭگانلارنىڭ يىغىن ئېچىۋاتقان ۋاقتىغا ئۇدۇل كەلگەچكە، قازاندەك چوڭلۇقتىكى توپ ئوقۇ نىشانغا نەق تېگىپ نۇرغۇن تۇڭگانلار هاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىدىن قورقۇپ كەتكەن تۇڭگانلار جەڭ قىلىش ئورنىغا تەسلىم بولۇش يولىنى تاللىدى ۋە دەرھال ياقۇپبەگكە ئەلچى ئەۋەتتى، ئەلچىلەر قوبۇل قىلىندى.

سۇ يەنشەي[137] باشلىق بارلىق تۇڭگانلار قوراللىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ، ياقۇپبەگنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تەسلىم بولدى. تۇرپان ئاخىر قولغا ئېلىندى. 80 مىڭ ئەسكەر[138] بىلەن تۇرپانغا كەلگەن ياقۇپبەگ، بۇ ئۇرۇشتا 33 مىڭ ئەسكىرىدىن ئايرىلدى[139]. ياقۇپبەگ ھېكىمخان تۆرىنى تۇرپانغا هاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. هەيدەرقۇلنى پانسات ئەمرلەشكەر، خوجا ئابدۇللاھبەگنى باش خوجىدار قىلىپ تەيىنلىدى. ياقۇپبەگ خەزىنىنىڭ تامامىنى

ئالدى ۋە تۇرپانغا سەككىز مىڭ ئەسكەر قالدۇرۇپ قويدى[140].

يۇقىرىدىكى بايانلارغا ئوخشاش مۇھەممەد ئەلەممۇ ياقۇپبەگنىڭ تۇرپاننى توققۇز ئايلىق[141] ئىشغالدىن كېيىن ئاندىن ئالغانلىقىنى تەستىقلىماقتا. ئەمما، شەھەرنى ئېلىش جەريانى ھەققىدىكى بايانلار «تارىخى ھەمىدىي» دىكىگە قارىغاندا پەرقلىقتۇر. مۇھەممەد ئەلەمگە كۆرە: شەھەردە ئاچارچىلىق باش كۆتۈرگەن بولۇپ، تۇڭگانلار ئەمدىلىكتە بەرداشلىق بېرەلمەي ياقۇپبەگكە ئەلچى ئەۋەتتى. سۇ يەنشەي يۈز تۇڭگان بىلەن بىللە كېلىپ ياقۇپبەگدىن سۈلھى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا قارىدا ياقۇپبەگ ئۇلارنىڭ شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىشىنى، مەقستى پەقەت شەھەرنى كۆرۈپ بېقىش ئىكەنلىكى، بەش ـ ئون كۈن تۇرغاندىن كېيىن شەھەرنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلدى.

خەير مۇھەممەد: «ياقۇپبەگ ھەممە ئادەمگە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ ئارقىدىن ئۆلتۈرۈۋېرىدۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ» دەپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچماسلىق ھەققىدە تۇڭگانلارغا نەسىھەت قىلدى. ئۆزى ئۈچ مىڭ تۇڭگان ئەسكىرى[142] بىلەن كېچىدە ياقۇپبەگكە قارشى ھۇجۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى ئۇ: «ياقۇپبەگ، ئەتە تۇڭگانلار تەسلىم بولىدۇ، دەپ كېچە ئۇرۇشقا تەييارلىقسىز ھالەتتە تۇرىدۇ» دەپ تەخمىن قىلغانىدى، تۇڭگانلارمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. ياقۇپبەگنىڭ بارگاھى مۇستەھكەم يەردە بولۇپ، جامادار دادخاھ قوماندانلىقىدىكى توپچى ۋە سەرۋازلار شەھەر ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان، توپلار ئوت ئېچىشقا ھازىر ھالەتتە ئىدى. يېرىم كېچە بولغاندا ئەتراپنى تىنىق ـ تىڭشاشقا ئەۋەتىلگەن بىر تۇڭگان ئەسكىرى قولغا ئېلىندى. توپلارغا ئوت يېقىلدى، خەير مۇھەممەدكە توپ ئوقى تەگدى ۋە بەدىنى ئىككى

پارچىغا بۆلۈنۈپ ئۆلدى. ئېتىشش ئۇزۇن داۋاملاشمىدى، تۇڭگانلار قېچىشنى تاللىغان بولسىمۇ، ھەممىسى قولغا ئېلىنىپ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى.

ئەتىسى ياقۇپبەگ ھېكىمخان تۆرىنى بەش پانسات ۋە يىگىتلىرى بىلەن شەھەرگە يوللىدى. قوللىرىدا قىزىل تۇغ كۆتۈرگەن ئەسكەرلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ تۇرپان شەھىرىگە كىردى. تۇڭگانلار دەرھال تىز چۆكۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھېچقاچان ئۇرۇشۇش نىيىتىدە بولمىغانلىقىنى، كېچە ھۇجۇمنىڭ خەير مۇھەممەد ياۋەرنىڭ شەخسىي قارارى بىلەن بولغانلىقىنى ئېيتىشتى. ھېكىمخان تۆرە تۇڭگانلارغا قارشى ھېچقانداق قورال كۈچى ئىشلەتمىدى، پەقەت تۇڭگان چوڭلىرىنى ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. تۇڭگانلار خەزىنىنى ياقۇپبەگكە تاپشۇردى ۋە ئۇنىڭغا «ئاتلىق غازى»[143] دېگەن ئىسمنى بەردى[144].

## دەقيانۇس جېڭى

تۇرپان ۋە لۈكچۈننىڭ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگىنىگە 10 ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇرۇمچى، تۇرپان ۋە يېقىن رايوندىكى تۇڭگانلار داۋۇت خەلىپىنى گويا ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھىدەك كۆرۈۋاتاتتى. بۇ ئەھۋال ياقۇپبەگنى داۋۇت خەلىپىگە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزدى. بىرنەچچە قېتىم ئۇششاق ـ چۈششەك تىركىشىشلەر يۈز بەردى، ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈلھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەكتۇپلارمۇ يېزىلىپ تۇردى. ياقۇپبەگ ئەزىم پانساتنى 1500

ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى، داۋۇت خەلىپە ئۇنى ناھايىتى ياخشى قارشى ئالدى. كەچتە ئەزىم پانسات ۋە ئەسكەرلىرى ئارام ئېلىش ئۈچۈن چېدىرلىرىغا كىرىپ كەتكەن ۋاقىتتا، كۆپ ساندىكى تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچار بولدى، ئەسكەرلەر ھېچ تەييارلىقسىزلار تۇڭگانلارغا تۇتۇلۇپ قالغانىدى. بۇلاردىن پەقەت 400 يىگىتلا قېچىپ كېتەلىگەن بولۇپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى[145].

ئۇ كۈنلەردە نەنشەندە(جەنۇبى تاغ، ئۈرۈمچى بىلەن يۇلتۇزنىڭ ئارىسىدا) 10 مىڭدىن كۆپرەك مانجۇ ئائىلىسى بار ئىدى. ئۇلار زامانىدا ئىسھاق خوجىدىن قېچىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلار ئىدى. ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھېچ ئايىغى كېسىلمىدى، كىمنىڭ غەلىبە قىلىشىمۇ ئېنىق ئەمەستى. بۇ مانجۇلارنىڭ بېشىدا شى شىگوڭ[146] دېگەن بىرى بار ئىدى. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ تۇرپاندىكى تۇڭگانلارغا قارشى قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال قېرىنىدىشى ما شۇيە بىلەن بىرلىكتە تولۇق قوراللانغان 2500 مانجۇ ئەسكىرى؛ يانلىرىدا 800 قوي، 800 ئات، 800 كالا؛ كۆپ ساندىكى تۆگىلەرگە ئارتىلغان ئاشلىق، يامبۇ، كۈمۈش، چىنە ـ قاچا، يىپەك، خىتاي رەختلىرى، خۇشپۇراق چاي ۋە باشقا ھەدىيەلەرنى ئېلىپ تۇرپانغا ـ ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلدى. ياقۇپبەگ كەلگەن بۇ ھەيئەتنى ناھايىتى ياخشى قارشى ئالدى. شى شىگوڭ بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، مىڭ مانجۇ ئەسكىرى بىلەن بىللە جەنۇبىي تاغقا قايتتى، قېرىنىدىشى ما شۇيەينى 1500 مانجۇ ئەسكىرى بىلەن ياقۇپبەگنىڭ يېنىدا قالدۇردى. بۇنىڭلىق بىلەن تۇڭگانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە كۆزگە كۆرۈنگىدەك تۆھپىلەرنى قوشتى[147].

1870 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىردە ياقۇپبەگ كۆپ ساندا ئەسكەر[148]

بىلەن بىللە تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئابدۇللاھ ئەمرلەشكەرنى ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە تۇنجى ھۇجۇم ئۈچۈن ئالدىن ئەۋەتتى. ياقۇپبەگ قالغان قوشۇنى بىلەن داۋانچىڭغا (达坂城) كەلدى، ئۇ يەردىكى تۇڭگانلار مول ھەدىيەلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ياقۇپبەگكە بولغان ئىتائەتلىرىنى ئىپادە قىلىشتى. ياقۇپبەگ دەقيانۇس[149] شەھىرىگە چېدىر ـ بارگاھلىرىنى قۇرۇپ، ئەتراپىغا قەلئە ۋە خەندەكلەرنى قازدۇردى. مەزكۇر شەھەر تاغ ئېغىزىدا بولۇپ، ئۈرۈمچىگە 30 يول مۇساپە يىراقلىقتا ئىدى، ئۈرۈمچىنىڭ سۈيى مۇشۇ يەردىن كېلەتتى. 11 ـ ئايدىلا قىش ئۆزىنى كۆرسىتىپ، قار ـ شىۋىرغانلار ئەسكەرلەرنى بارغانچە قىيناشقا باشلىدى، بازارچى ۋە مەشئەلچىلەر ئىچىدىن سوغۇقتا ئۆلگەنلەرمۇ بار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا شى شىگوڭ ياقۇپبەگكە بىر نەچچە يۈز ھارۋا تاش كۆمۈر ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ كۆمۈرلەر نەق يارىغا مەلھەم بولغانىدى.

ئارىدىن 20 كۈن ئۆتتى، 60 مىڭ كىشىدىن[150] تەركىب تاپقان تۇڭگان قوشۇنى كېچە ۋاقتى ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە داۋۇت خەلپىنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىدى. بۇلار ياقۇپبەگكە قارشى كېچە ھۇجۇمى ئېلىپ بارماقچى ئىدى. ئەمما شىددەتلىك قار ـ شىۋىرغا كۈچىيىشكە باشلىدى، تۇڭگان قوشۇنى چەت بىر ئېگىزلىك يەردە بولغاچقا ئىلگىرىلىيەلمەي شۇ جايدا قالدى. سوغۇقتا پاناھلىنىدىغان يەر ئىزدەشكە باشلىدى، ھەتتا يولدىن ئېزىپ قالغانلىرىمۇ بولدى.

بامدان نامىزىدىن كېيىن ئېگىزلىكتە تۇغ ـ ئەلەملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئەمدىلىكتە جەڭ بوسۇغىغىلا كېلىپ قالغانىدى. تۇڭگانلار ئۈرۈمچىدىن بىرنەچچە كارۋانغا بۆلۈنۈپ ئايرىم ـ ئايرىم يولغا چىققانىدى، قالغان تۈركۈمدىكىلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. جەڭ كەڭرى بىر مەيداندا[151] ناھايىتى

شىددەتلىك شەكىلدە داۋاملاشتى، ھاۋا شۇقەدەر قارىيىپ كەتكەنىدىكى، كۈندۈز كېچىگە ئايلىنىپ كەتتى. توپ ـ ئوقلار يامغۇر كەبى ياغماقتا، جەڭ تۇڭگانلارنىڭ غەلىبىسىگە قاراپ ئېغىۋاتاتتى. ياقۇپبەگنىڭ سەرۋازلىرى قېچىپ كېتەلىدى. تۇڭگانلار ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى، ياقۇپبەگ ئۆز قوماندانلىقىدىكى 16 مىڭ ئەسكەرنىڭ ھەممىنى جەڭگە يوللىغان بولۇپ، يېنىدا پەقەتلا مەھرەم، ياساۋۇللار بولۇپ ئۈچ يۈز يىگىت بار ئىدى.

ياقۇپبەگ قاچقان ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلەندى ۋە مىرزا ئەھمەد قۇشبېگىگە ئۇلارنى جازالاش ھەققىدە ئەمر قىلدى، بەش ـ ئالتە ئەسكەر دەرھال قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. قالغان قاچاق ئەسكەرلەر ئەھۋالنىڭ ۋەھىمىسىنى تونۇپ دەرھال قايتىپ جەڭگە كىردى. ياقۇپبەگ يېنىدا قالغان ئەسكەرلەرنىمۇ جەڭگە يوللىدى. تۇڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى پىيادە بولۇپ، قاتتىق سوغۇق ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا قويغانىدى، سوغۇقتىن ئۆلگەنلەرمۇ بولدى. تۇڭگانلار تاغ ئۈستىدىن سەرۋازلارغا ئوق يامغۇرى ياغدۇردى، سەرۋازلارمۇ قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەڭنىڭ قانچىلىك شىددەتلىك داۋاملاشقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەلىمىلەر ئاجىزلىق قىلاتتى، ياقۇپبەگ تۈنجى قېتىم بۇنداق بىر جەڭگە يولۇققانىدى. ئاز بىر قىسىم ئاتلىق تۇڭگانلاردىن باشقا كۆپ سانلىقى[152] ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ياقۇپبەگ ئۈچۈن بۈيۈك بىر غەلىبە ئىدى[153].

ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىگە كەلدى، ئەمما تۇڭگانلارغا قارشى تېخىچە ھۇجۇمغا ئۆتمىدى. شەھەردە ئاچارچىلىق باش كۆتۈردى، بىر سەر كۈمۈشكە يېرىم كېلو ئاشلىق تېپىلمىغۇدەك ۋەزىيەتتە بولۇپ، تۇڭگانلار چارىسىز قالدى. بۇ ۋاقىتتا داۋۇت خەلىپە ئۆز ئوغلىنى ياقۇپبەگكە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئۇ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلماسلىقى ئۈچۈن يالۋۇردى، ياقۇپبەگكە ئىتائەتتە بولۇپ چىن دىلىدىن خىزمەتكارى بولۇش مايىللىقلىرىنى ئىپادە قىلدى. ياقۇپبەگ بۇلارنى قوبۇل قىلدى. داۋۇت خەلىپە كۆپ ساندا ئات، قورال ـ ياراق، ئالتۇن، يامبۇ، كۈمۈش، فار ـ فۇر قاچا، يىپەك رەخت، خۇشپۇراق چاي، بېبىجىڭدىن كەلگەن قىممەتلىك مال قاتارلىق خەزىنىدە نېمە بولسا ھەممىنى قورال ـ ياراق ئامبىرى بىلەن قوشۇپ ياقۇپبەگكە تاپشۇردى[154]. داۋۇت خەلىپە ئۆزى كەلمەي، ئەپۇ قىلىنىشىنى سوراپ بىر مەكتۇپ يوللىدى.

ياقۇپبەگ سۇ يەنشەينى تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنىڭ بەدىلىگە ئۇنى ئۈرۈمچىگە دا يەنشەي[155] (Da‑yuanshuai大元帅 قوماندان) قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۈرۈمچىگە قاراشلىق قۇتۇبى، گۇ مۇدى، ماناس قاتارلىق ئالتە شەھەرنىڭ[156] باشقۇرۇش ھوقۇقىمۇ ئۇنىڭغا بېرىلدى. سۇ يەنشۇەي سىياسەت ۋە ئالاقە قائىدىلىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ياقۇپبەگ ئۇنىڭ تەلىپىگە بىنائەن زەينۇلئابىدىن

مەخدۇم مىرزابېشىنى سالام ئاغىسى قىلىپ تەيىنلەپ ئۈرۈمچىدە قالدۇردى، ئەھمەد ئاخۇننى بولسا زاكاتچى قىلىپ تەيىنلىدى.

ئۈرۈمچىنىڭ سوغۇقى ھەركىمگە مەلۇم، ئەگەر مانجۇلارنىڭ لىدىرى شى شىگوڭنىڭ ياقۇپبەگكە يوللاپ تۇرغان تاش كۆمۈرى بولمىغان بولسا، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەك تەس ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قېرىندىشى ما شۆەيمۇ ئەسكەرلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى ياراتقانىدى. شى شىگوڭ ھەدىيەلەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى، بۇنىڭدىن قاتتىق سۆيۈنگەن ياقۇپبەگ، ئۇنىڭغا ئېگەرلىرى ئالتۇندىن ياسالغان بىر ئارغىماق ئات، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن سەللە، بەلباغ ۋە ھەميان؛ مىلتىق، كۈمۈشتەك پارقىراق تېرە پەلتو، ئالاھىدە ياسالغان قالپاق ۋە باشقا نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى. شۇنىڭدەك يەنە، دا يۈەنشۆەيگە شى شىگوڭغا 10 مىڭ تاغار ئاشلىق بېرىشى ھەققىدە ئەمر قىلدى. شى شىگوڭ قايتىپ كەتتى[157].

ئۈچ ئايدىن كېيىن ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىدىن تۇرپانغا كەلدى، ئۇ يەردە تۇرغان ئىككى ۋاقت ئىچىدە كۆپ ساندىكى تۇڭگانلارنى ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپانغا سۈرگۈن قىلدى. ياقۇپبەگ تۇرپان ۋە ئۈرۈمچىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلغان بولۇپ، 80 مىڭ ئەسكەردىن 30 مىڭى قالغان ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە باش قىلىپ تەيىنلىگەن سۇ يەنشەيگە ئىشەنمەيتتى، مانجۇلارنى ئۆزىگە ئەڭ چوڭ تەھدىت دەپ قارايتتى، شۇڭا ھېكىمخان تۆرىگە سۇ يەنشەينى يېقىندىن كۆزىتىشنى بۇيرىدى. بولۇپمۇ، مانجۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن كېلىدىغان تۈيۈقسىز ھۇجۇملارغا ھەر زامان تەييارلىقتا بولۇشنى، ھەتتا كېرەك بولغاندا ئۇ جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ياقۇپبەگ ئىككى ئايدىن كېيىن تۇرپاندىن قاراشەھەرگە كەلدى ۋە قاراشەھەر ھاكىمى ھاجى مىرزىغا قاراشەھەر دەريا بويىغا يېڭى بىر شەھەر بىنا قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇ قۇرۇلۇشقا ياقۇپبەگ شەخسەن ئۆزى ئىشتىراك قىلدى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى تېز سۈرئەتتە تاماملاندى. بۇ كۈنلەردە قالماق خاتۇن خان كورلىغا يېقىن قارامۇرۇنغا كەلگەنىدى. ئات، تۆگە، قوي ۋە باشقا ھەدىيەلەرنى ئېلىپ ياقۇبەگنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىتائەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى[158]. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئەھۋال ئۆزگىرەتتى. ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇغا كېلىشىگە ئىككى مەنزىل يول قالغانىدى، بۇ ۋاقىتتا، ئىككى مىڭغا يېقىن قوراللىق قالماقلار كورلىغا كېچە ھۇجۇمى قوزغاپ، ئاندىن يۇلتۇزغا قاچتى، ئىككى مىڭغا يېقىن كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى. كورلا ھاكىمى ھاجى مىرزا دەرھال ياقۇپبەگكە خەۋەر يوللىدى. ئەسلىدە بۇ بىر تۇرلۇك تېخنىكىلىق ھۇجۇم ئىدى. ھاجى مىرزا ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە شەھەردىن 30 يول يىراقلىقتىكى ھالخارمان دېگەن يەرگە كېلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا قارىتا سەگەكلىكتە ساقلىدى. ئۇلار تۇرغان يەر تاغ ئېغىزى بولۇپ، باشقا بىر يولدىن كورلىغا كەلگەن قالماقلار خاتۇن خاننى ئېلىپ كېتەلىدى[159].

ئۇ كۈنلەردە شى شىگوڭ كۆپ ساندا ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، دا يەنشەينى ئۆلتۈردى ۋە شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، ئەھمەد ئاخۇن زاكاتچىمۇ ئۆلتۈرۈلدى[160]. ئەسلىدە بۇ ياقۇپبەگكە قارشى ئىسياندىنمۇ بەكرەك، شەخسىي خۇسۇمەتتىن ئىدى. شى شىگوڭنىڭ ياقۇپبەگكە ھەدىيە ۋە ياردەملەرنى بېرىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. سۇ يەنشۇەينىڭ ئۈرۈمچىگە دا يەنشۇەي قىلىپ تەيىنلىنىشى شى شىگوڭنىڭ ھەسەت ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتقان بولۇپ، سۇ يەنشۇەيدىن مىڭ تاغار ئاشلىقنى دەرھال ئېلىشنى تەلەپ قىلىشى بىر باھانە ئىدى[161].

بۇ ۋاقىتتا، زەينۇلئابىدىن مەخدۇم مىرزابېشى 30 دىن ئارتۇق تۆگىگە يۈكلەنگەن يامبۇ، كۈمۈش، چاي، يىپەك رەخت، فار ـ فۇر قاچا ۋە باشقا ھەدىيەلەرنى ئېلىپ، ئەللىككە يېقىن تۇڭگانىنىڭ ھەمراھلىقىدا ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەسلىدە دا يۈەنشۈەي، مىرزابېشىنى شى شىگوڭغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن بولۇپ، شى شىگوڭ ئۇنى قوبۇل قىلمىغىنىدىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قايتىپ دايۈەنشۈەينىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ۋەقەلىك مىرزابېشى يولغا چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن يۈز بەرگەچكە ئۇنىڭ خەۋىرىمۇ بولمىغانىدى.

مىرزابېشى بولسا پەزىلەتلىك، ئالىم، تۆمۈرچى، شائىر، يېقىملىق ۋە مۆھتەرەم بىر كىشى ئىدى. ياقۇپبەگ ئۈرۈمچىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىگە بەك ئۆكۈنمىدى، ئەكسىچە مىرزابېشىنىڭ تەقدىرى ـ ئىلاھى بىلەن ساق قالغانلىقىغا قاتتىق سۆيۈندى، چۈنكى مىرزابېشىغا ئوخشاش يەنە بىرىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كورلا ۋە قاراشەھەردىن كېيىن ئاقسۇغا كەلگەن ياقۇپبەگ، يېڭى سالدۇرغان سارىيىغا ئورۇنلاشتى. بۇ ساراي پەرغانىدىكى خان سارايلىرىنىڭ مىمار ـ نەققاشلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ ياسالغانىدى(1871)[162].

ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىش باش تارتقىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلدى. ياقۇپبەگ كۇچادىكى نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچىنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلەپ، ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن دەرھال ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقىشنى بۇيرىدى. بەش يۈز يىگىت بىلەن كورلىدىن ھاجى مىرزابېشى؛ تۇرپاندىن بولسا ھېكىمخان تۆرە يىگىتلىرى بىلەن يولغا چىقىشتى. ئۈرۈمچىگە كەلگەن ۋاقىتتا ئەتراپىدا جەمئىي سەككىز مىڭ يىگىت بار ئىدى. تۇڭگانلار، سۇيۇەنشۇەي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى تالىپ ئاخۇننى چىقارغان بولۇپ، ياقۇپبەگمۇ بۇنى مۇناسىپ كۆرگەنىدى.

ھېكىمخان تۆرە تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىلەن جەنۇبىي تاغقا (نەنسەن) قاراپ يولغا چىقتى، ئۇ شى شىگۇڭغا قارشى ئۇرۇش قىلاتتى. تۇنجى جەڭدە مەغلۇپ بولغان شى شىگۇڭ قېچىشنى تاللىدى. ياقۇپبەگ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن ھېكىمخان تۆرىنى ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىشكە بۇيرىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ  قىشنى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈشنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدى. تۇڭگانلار تالىپ ئاخۇننىڭ ئورنىغا داۋۇت خەلىپىنى چىقارغان بولۇپ، ھېكىمخان تۆرە ۋە يېنىدىكىلەرنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشمىدى. ئۇچتاش ۋە قاراياغاچتا قاتتىق سوقۇش يۈز بەردى[163]. فەيزى يۈزبېشى، ئارسلان قۇل قىپچاق ۋە تاغاي قۇرشاق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان باھادىرلار

تىللارغا داستان بولغىدەك قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى، ئەمما شەھەرنى يەنىلا ئالالمىدى. ياقۇپبەگكە خەۋەر يوللاندى.

ياقۇپبەگ دەرھال ئۆمەر قۇل ئەمرلەشكەر ۋە ئەزىمبەگ پانسات قوماندانلىقىدا 1500 ئەسكەرنى ياردەم ئۈچۈن ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. كەسكىن توقۇنۇشلار نەتىجىسىدە، ئاۋۋال داۋۇت خەلىپە مەركەز قىلىنۋالغان كوناشەھەر، ئارقىدىن خەنچېك قولغا كىرگۈزۈلدى. سەككىزمىڭ تۇڭگان ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى، بۇ تەرەپتىن بولسا 1700 يىگىت ۋە بەش يۈز سەرۋاز ھاياتىدىن ئايرىلدى[164]. داۋۇت خەلىپە كۆپ ساندىكى تۇڭگانلار بىلەن ماناسقا قېچىپ كەتتى. ھېكىمخان تۆرىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋشى ئۈچۈن تۆت پانسات ۋە يىگىتلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر مۇھاپىز بىرلىكى قۇرۇلدى. ئۇن ئالتە پانسات كوناشەھەر ۋە خەنچېگدىكى تۇڭگانلارنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن تەيىنلەندى، ماناستىن كېلىدىغان يوللارنىڭ ھەممىسىگە تەكشۈرۈش نۇقتىلىرى قۇرۇلدى.

ئوتتۇز بەش كۈندىن كېيىن داۋۇت خەلىپە ماناسقا كېلىپلا، شى شىگۇڭغا ئىتتىپاقلىشىش تەكلىپىنى سۇندى. شى شىگۇڭ تۆت مىڭ مانجۇ ئەسكىرى بىلەن داۋۇت خەلىپىگە قېتىلدى. 16 مىڭى تۇڭگانلاردىن بولۇپ جەمئىي 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە خەنچېگنى قولغا ئالدى. كوناشەھەر تۇڭگانلار تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى، ھېكىمخان تۆرە ۋە يىگىتلىرى تۆت ئاي ئەتراپىدا ھېچ ئىش قىلالمىدى[165].

ئۈرۈمچىدە يەنى كوناشەھەر[166] بىلەن خەنچېگدە ئىنتايىن كۆپ ھەربىي لازىمەتلىكلەر بار بولۇپ، سەككىز مىڭ دانە چوڭ توپ بىلەن بىرگە؛ كىچىك توپ، قورال، ئوق، نەيزە، قىلىچ، ئوقيا ۋە باشقا تەمىناتلار بار ئىدى.

بۇلارنى مانجۇ ۋە تۇڭگان تىجارەتچىلەر ئۇرۇش يوق ۋاقىتلاردا بېيجىڭدىن ئەكەلدۈرگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا خىلمۇ ـ خىل پاكىز ۋە خۇشپۇراق چايلار، چىنە ـ قاچا، يىپەك رەختلەر، بېيجىڭدىن كەلتۈرۈلگەن چىرايلىق نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنىڭ سانىنى تەخمىن قىلىشنىڭ ئۆزى بىر مۇشكۈل ئىش ئىدى. تۇڭگانلار مەزكۇر سودىگەرلەرگە ئىسلام دىنىنى ئۆگەتكەن، ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆز مېلىغا ئىگە چىقىپ نورمال تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرالىغانىدى.

ھېكىمخان تۆرە غەنىيمەت ئالغان ماللارنى تىزىملاپ خەزىنىگە قوشقانىدى. خەزىنە نىياز مۇھەممەد توقساباغا تاپشۇرۇلدى ۋە ياقۇپبەگكە بىر مەكتۇپ ئەۋەتىلدى[167]. ئادەتتىكى بىر ئەسكەرگە بېرىلگەن غەنىيمەت مالنىڭ قىممىتى ئەڭ ئاز 30 مىڭ تەڭگە ئىدى. لېكىن شەھەر تۆت ئاينىڭ ياقى مۇھاسىرە ئاستىدا بولغاچقا مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىممىتى بولمىدى. كىشىلەر يىپەك رەختلەرنى كۆينەك، ئىشتان ھەتتا پۇتىنى يۆگەش ئۈچۈن لاتا ئورنىدا ئىشلەتتى، چۈنكى يىپەكتىن باشقا ئىشلەتكۈدەك رەخت يوق، ھەتتا بىر سەر كۈمۈشكە يېرىم كىلو نانمۇ تېپىلمايتتى. خىلمۇخىل چايلار شۇ قەدەر كۆپ ئىدىكى، ئۇلارنى ئاتلارغا يەم ـ خەشەك قىلىشتى، ئاتلار يېگۈدەك بىر نەرسە تاپالمىغىنىدا ئۇ چايلارنى يەم ئورنىدا يېدى ۋە نۇرغۇنلىغان سورتلۇق ئاتلار ھالاك بولدى، ھەتتا تاملارنى يىقىپ سۇۋاقتىكى سامانىنى يۇيۇپ ئاتلارغا بېرىشكەن بولسىمۇ كار قىلمىدى[168]. تۇرپان، توقسۇن، لۈكچۈن ۋە باشقا شەھەرلەردىن كەلگەن ئاشلىق ياردەملىرى تۇڭگانلار تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى، ئەسكەرلەر يېگەن ئېشەك ۋە ئات گۆشلىرى سەۋەبىدىن كېسەل بولۇشقا باشلىدى[169].

تۇڭگانلار، ئۆز ۋاقتىدا داۋۇت خەلىپە ئۈچۈن كوناشەھەرنى بىنا قىلىشۋاتقان

چېغىدا، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يېقىنىغىلا (يۈز قەدەم كېلەتتى) ئىنتايىن ئېگىز مۇنارلىق بىر مەسجىد سالغانىدى. بىر كۈنى كېچىسى بىرمۇنچە تۇڭگان ئەسكىرى مەسجىدكە كىردى ۋە مۇنارغا چىقىپ ھېكىمخان تۆرىنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. چارىسىز قالغان ئەسكەرلەر ئاخىرى ھەر پانسات 10 ـ 15 ئەتراپىدا باھادىر تاللاپ جەمئىي ئۈچ يۈز يىگىت توپلىدى. كىيىملىرىنى سېلىپ قولىدا قىلىچ، پىچاق ۋە خەنجەرلىرى بېلىگە باغلانغان ھالەتتە قومۇشتىن ياسالغان بورىلارغا ياغ تۆكۈپ ئوت يېقىپ مەسجىدكە قاراپ يۈگۈرۈشتى.

كوچىلار قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان، سوغۇق ھاۋا ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. يىگىتلەر تېزلا دەرۋازىنى كۆيدۈرۈپ، تامنى يېقىپ ئوڭۇشلۇق ھالەتتە مەسجىدكە كىردى. ئۈچ يۈزگە يېقىن تۇڭگان ئەسكىرى قولغا چۈشتى، ھەممىسىنى يەرگە ياتقۇزۇپ ئۈستىگە ئوتۇن، كېگىز، بورا قويىدى ۋە ياغ تۆكۈپ ئوت قويۇپ بەردى. 340 تۇڭگان ئەسكىرى ئايرىم ـ ئايرىم تۈۋرۈككە باغلانغاندىن كېيىن، ھەربىر پانسات ئوتتۇزغا يېقىن يىگىت تاللىدى ۋە بىر سائەت بويىچە تۇڭگان ئەسكەرلىرىگە ئوق ئۈزۈشكە بۇيرۇلدى. تۇڭگانلارنىڭ سۆڭەكلىرى خېمىردەك بولۇپ كەتتى. 1500 گە يېقىن تۇڭگان ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى، بۇ تەرەپتىن بولسا يىگىت ۋە سەرۋازلاردىن بولۇپ جەمئىي 300 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى[170].

ھېكىمخان تۆرە مۇھاسىرە ئاستىدا قالغان شۇ كۈنلەردە قەشقەرگە بىر مەكتۇپ ئەۋەتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ ئاقسۇدا توققۇز ئاي تۇرغاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتتى. ياقۇپبەگ دەرھال ئوغلى بەگقۇلبەگنى؛ مۇھەممەد كېرىم دادخاھ، ئەلىبەگ پانسات، مۇھەممەد سېيىت پانسات، نەۋرۇز پانسات، خالمان پانسات، بوخچا بەردار ۋە مىركېرىم قۇرچى باشچىلىقىدا بەش

مىڭ يىگىتنى؛ تۆرەقۇل لاۋۇر، مۇھەممەد رىھىم پەھلىۋان، خىلىل ئەپەندى باشچىلىقىدا ئىككى مىڭ سەرۋازنى؛ بۇنىڭدىن باشقا ئۆمەر غوجا ئىشانىنى تۆت تال چوڭ توپ ۋە ئوقلىرى بىلەن ھېكىمخان تۆرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى[171].

بەگقۇلىبەگ[172] قوشۇنى بىلەن قەشقەردىن يولغا چىقىپ 36 كۈندىن كېيىن توقسۇنغا يېتىپ كەلدى. ئۇمۇ ھەيۋەت ۋە ھەشەمەتتە دادىسى ياقۇپبەگدىن قېلىشمايتتى. توقسۇن ھاكىمى جاھان دادخاھ ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالدى. بۇ يەردە بەش كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئەمدى ئالدىدا مۇھىم ئۆتكەلدىن بىرى بولغان داۋانچىڭ بار ئىدى. ئۇ يەردىكى تۇڭگانلار ياقۇپبەگكە قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ داۋۇت خەلىپىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولغاچقا، داۋانچىڭنى ئالماي تۇرۇپ ئۈرۈمچىگە بارغىلى بولمايتتى. شەھەر مۇھاسىرىسى قىرىق كۈن داۋاملاشتى. نىھايەت شەھەر قولغا كىرگۈزۈلدى. مىڭدىن ئارتۇق تۇڭگان ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى، بۇ تەرەپتىن بولسا 250 كە يېقىن يىگىت جان ئۈزدى. بەگقۇلىبەگ تېز ھەرىكەت قىلىپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ھېكىمخان تۆرە شەھەرنىڭ ئىچىدىن، بەگقۇلىبەگ بولسا سىرتتىن تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلاندى. شىددەتلىك جەڭ نەتىجىسىدە تۇڭگانلارغا قارشى غەلىبە قولغا كەلدى. 15 مىڭغا يېقىن تۇڭگان ۋە مانجۇ ئەسكىرى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. شى شىگۇڭنىڭ قېرىندىشى ما شۈيىمۇ بۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. مىڭدىن ئارتۇق باھادىر يىگىت ھاياتىدىن ئايرىلدى(1872 ـ يىل) [173].

بەگقۇلىبەگ ئۈرۈمچىنى قولغا كىرگۈزدى، ھېكىمخان تۆرىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن تۇرپانغا قايتىشىغا رۇخسەت بەردى. ئۈرۈمچىدە ئىككى ئاي تۇرغاندىن

كېيىن ئەمرلەشكەر، پانسات، يىگىت ۋە سەرۋازلار بىلەن گوُموُديغا قاراپ يولغا چىقتى[174]. شەھەرنىڭ ئەتراپى سېپىل ۋە خەندەك بىلەن قورشالغانىدى. گوُموُدينىڭ مۇھاسىرىسى تۆت ئاي داۋاملاشتى[175]. بۇ يەردە 10 مىڭدىن ئارتۇق تۇڭگان ئەسكىرى بار ئىدى. كەسكىن ئۇرۇشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، خالمان پانسات ھاياتىدىن ئايرىلدى. تۇڭگانلار بەگقۇلىبەگكە قارشى غەلىبە قىلالمىدى ۋە نۇرغۇنلىغان ھەدىيە ئېلىپ كېلىپ ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى، بەگقۇلىبەگ ئۇلارنى قوبۇل قىلدى.

ئۇ كۈنلەردە ياقۇپبەگ مەرغىلانلىق يەھيا يۈزبېشىنى قەشقەردىن ماناسقا داۋۇت خەلپىگە ئەۋەتكەن بولۇپ، يېنىدا ھەدىيە، سوۋغا ـ سالاملار بىلەن بىرگە بىر مەكتۇپ بار ئىدى[176]. داۋۇت خەلپە: «مەن ئەندىجانلىقلارنىڭ مەكتۇبىنى ئوقۇمايمەن، ئەلچىلىرىنىمۇ ھېچ تونىمايمەن» دېدى، يەھيا يۈزبېشىنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلىپ يولغا سېلىپ قويدى، ئەمما ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۈچ كىشىنى دارغا ئاستى. ياقۇپبەگ بۇ ئىشتىن ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ھېسامىدىن پانسات، ئاخۇن پانسات قاتارلىق ئون پانساتنى ئىككى مىڭ ئەسكەر بىلەن دەرھال يولغا چىقىشنى بۇيرىدى. ئۇلار بەگقۇلىبەگ بىلەن كۆرۈشۈپ ماناسقا كېلىشتى. بىرنەچچە قېتىم مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ ئاخىرىدا ماناسنى قولغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئۈچ يۈزگە يېقىن يىگىت جان ئۈزۈپ، مىڭدىن ئارتۇق تۇڭگان ئۆلتۈرۈلدى، داۋۇت خەلپە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى[177]. شۇنداق قىلىپ تۇڭگان شەھىرى ئىككىنچى قېتىم ياقۇپبەگنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن بولدى[178]. بەگقۇلىبەگ ئۈرۈمچىگە قاراشلىق ئالتە شەھەردىكى پۈتۈن تۇڭگانلارنى تىزىملاپ، باج ئۈچۈن بايلاردىن مىڭ سەردىن، باشقىلاردىن ئەھۋاللىرىغا قارىتا سەككىز يۈز سەر، ئالتە يۈز سەر، ھەتتا ئون سەرگە قەدەر كۈمۈش ئېلىپ خەزىنىگە قويدى.

ئاتىلىق غازى، تۇڭگان كەنجى ئاخۇننى ئۇرۇمچىدىكى تۇڭگانلارغا دايۇەنشۇەي قىلىپ تەيىنلىدى شۇنداقلا، يۈسۈپبەگنى ياساۋۇلبېشى قىلىپ بەلگىلىدى ۋە قەشقەردىن ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتى. كورلىنىڭ ھاكىمى ھاجى مىرزابېشى، قالمۇقلارنىڭ خانى خاتۇن خانىنىڭ قىچىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىغانلىقى ئۈچۈن قەشقەرگە چاقىرتىلىپ، نىياز مۇھەممەد توقسابا كورلىغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى.

نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچى بولسا ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلىنىپ، ھېكىمخان تۆرە بىلەن ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىلگەندى. ھەتتا ھېكىمخان تۆرىمۇ نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچىنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچى تالىپ ئاخۇننىڭ ئۇرۇمچىگە دايۇەنشۇەي بولۇشىغا ياردەمچى بولغان، چۈنكى بۇنىڭ ئۈچۈن تالىپ ئاخۇندىن بىرمۇنچە پۇل ئالغانىدى. ئەمما ئۇرۇمچىدە ۋەزىيەت باشقىچە ئىدى. تالىپ ئاخۇننى تۇڭگانلاردىن ھېچكىم قوبۇل قىلمىدى، ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ داۋۇت خەلىپىگە ئەگىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ياقۇپبەگ كېيىنرەك بولسىمۇ ھەقىقەتلەردىن خەۋەر تاپتى ۋە نۇرمۇھەممەد پەرۋانىچىنى جازالاپ مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ كۇچادىن قەشقەرگە چاقىرتىپ ئەكەلدۈرۈپ، مۇز تولدۇرۇلغان بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۇنى توڭلىتىپ ئۆلتۈردى. كۇچاغا ئاملىخان تۆرىنى باش قىلىپ تەيىنلىدى. ئارسلانقۇل قىپچاقنى ئۇرۇمچى ۋە ماناس ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقلىرى ئۈچۈن پانسات قىلىپ تەيىنلىدى. تۇردىقۇلى دادخاھ بولسا ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلەندى ۋە تۆت پانسات بىلەن بىرلىكتە مىڭ يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇرۇمچىدە قالدۇرۇلدى.

1872 ـ يىلى بەگقۇلبەگ قەشقەرگە قايتتى. تۇڭگانلاردىن غەنىيمەت ئالغان يامبۇ، كۈمۈش، چىنە ـ قاچا، چاي، يىپەك رەخت، قورال ـ ياراق ۋە

باشقا نەرسە ـ كېرەكلەرنى بىر ـ بىرلەپ تىزىملاپ خەزىنىگە تاپشۇردى. ياقۇپبەگ ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئوغلى بەگقۇلىبەگنى ئەمىرلەر ئەمرى ۋە لەشكەربېشى مەنسىپى بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئۈچ يىل ئىچىدە ئىككى يۈزمىڭغا يېقىن تۇڭگان ھالاك بولدى[179].

## مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىغا كىرىشى

ئۈرۈمچى ۋە تۇرپان ئۇرۇشلىرىنىڭ غالىبى ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ، 1871 ـ يىلى ماي ئېيىدا ئاقسۇغا كەلدى ۋە موللا جىيەن مىرزابېشىنىڭ ئورنىغا كۇچالىق ئابدۇراھمان دادخاھنى ئاقسۇنىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى، مەھمۇد مۇسا توقسابايىنى مۇئاۋىن ھاكىم ۋە سالام ئاغىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ياقۇپبەگ توققۇز ئايدىن كېيىن قەشقەرگە كەلدى، ئوغلى ھەققۇلى بەگنى ئاقسۇدىكى پانسات، يىگىت ۋە سەرۋازلارغا ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلەش بىلەن بىرگە يەنە سالام ئاغىسى مەنسىپىنىمۇ بەردى. بۇنىڭلىق بىلەن ياقۇپبەگ ئاقسۇغا ئۆزىنىڭ ۋەكىلىنى تەيىنلىگەن بولدى. 1872ـ يىلىغا كەلگەندە، ياقۇپبەگ ئوغلى بەگقۇلىبەگنى ھېكىمخان تۆرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. 14 ئايدىن كېيىن ئۈرۈمچى ئېلىندى، بەگقۇلىبەگ 1873ـ يىلىدا قەشقەرگە قايتتى. 1874ـ يىلىدا ئۇرۇش بولماي، تىنچلىق ۋە ھۇزۇر ھۆكۈم سۈردى.

تارىخ 1875ـ يىلىغا كەلگەندە، داخۇ (Bai_yanhu白彦虎) ۋە شياۋخۇ

لارنىڭ قوماندانلىقىدا مىڭدىن ئارتۇق تۇڭگان (Yu_xiaohu余小虎) ئەسكىرىنىڭ[180] تۇرپان چېگراسىغا يېقىن چىقتىمغا كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى[181]. تۇڭگانلار ئىمپىراتورغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن بولۇپ، مانجۇ ئەسكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەي شەرقىي تۈركىستانغا قاچقان ئىدى. ئۇلار ياقۇپبەگنىڭ ھىمايىسىگە كىرگۈسى بارلىقىنى، بىيجىڭغا ـ مانجۇلارغا قارشى بىللە ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىشتى. تاھىرقۇلى پانسات ھېكىمخان تۆرىگە خەۋەر يوللىدى. ھېكىمخان تۆرە دەرھال تاشبەگ پانساتنى چىقتىمغا ئەۋەتىپ، تۇڭگانلارنىڭ سانى ۋە قورالىنىش ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات ئىگىلەشكە بۇيرىدى. تۇڭگانلارغا مول مىقداردا ئاشلىق يوللىدى، ئەمما ئۇلارنى تۇرپانغا كىرگۈزمەي ئۇرۇمچى، گۇمۇدى ۋە ماناس تەرەپلەرگە يوللىدى ۋە ئۇلارغا تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان كەڭرى ئوتلاق ـ ئېتىزلارنى تەقسىملەپ بەردى، چۈنكى ياقۇپبەگ شۇنداق بولۇشىنى تەلەپ قىلغانىدى. تۇڭگانلار قومۇلدا قالغان ئون كۈن ئىچىدە شەھەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەنلا قالماي، چوڭ ـ كىچىك دېمەي بارلىق ئاھالىنى سۈرگۈن قىلىپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ھېكىمخان تۆرە ئۇلارغىمۇ ئاشلىق ئەۋەتىپ ياردەم قىلغانىدى[182]. 40 مىڭغا يېقىن مانجۇ ئەسكىرىنىڭ[183] شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. ياقۇپبەگ خوتەن ۋە يەركەندىكى ئەسكەرلەرگە دەرھال يولغا چىقىشقا ئەمر قىلدى[184].

مانجۇلار 1873ـ يىلى شەنشى ۋە گەنسۇدىكى تۇڭگان قوزغىلاڭلىرىنى باستۇردى. مانجۇ ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى زوزوڭتاڭ (左宗棠) باشلىق بىر گۇرۇپپا كىشى شەرقىي تۈركىستاننى قوشۇۋېلىش تەكلىپىنى سۇنسا، لى خوڭجاڭ (李鸿章) قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشى ئىمپىراتورلۇقنىڭ شەرقىي جەنۇب دېڭىز ساھىللىرىنى قوغداشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، شەرقىي

تۈركىستانغا ئەسكەر چىقىرىشقا قارشى چىقتى. بۇ تالاش ـ تارتىش نەتىجىسىدە، مانجۇلار 1875 ـ يىلى ماي ئېيىدا شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. ئەمما ئەسكىرى ئېھتىياجلارنى قامداش زور ئىدى. زوزوڭتاڭ باشقا دۆلەتلەردىن 10 مىليون سەر (ئېغىرلىق بىرلىكى بولۇپ، بىر سەر 37 گرامغا تەڭ) كۈمۈش قەرز ئېلىش تەكلىپىنى سۇنغىنىدا، شەن باۋجەن (沈葆桢) ۋە بىر قانچە كىشى بۇ تەكلىپكە شىددەت بىلەن قارشى چىقتى. مانجۇ ھۆكۈمىتى چەت ئەللىكلەردىن ئېلىنغان باجدىن ئىككى مىليون، ئېمپىراتورلۇق چېگراسى ئىچىدىكى ئوخشىمىغان رايونلاردىن ئۈچ مىليون بولۇپ جەمئىي بەش مىليون سەر كۈمۈش تەييارلىدى. زو زوڭتاڭنىڭ ئىنگلىز HSBC بانكىسىدىن قىسقا مۇددەتلىك بەش مىليون قەرز ئېلىشى نەتىجىسىدە، مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر ئەۋەتىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان ئون مىليون سەر كۈمۈش ھازىرلانغان بولاتتى[185].

1875 ـ يىلىنىڭ ئىيول ئېيىدا ياقۇپبەگ قەشقەردىن يېڭىسارغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتا مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ قومۇل زېمىنىغا كىرگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى، ئەمەلىيەتتە مانجۇلار شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا رەسمىي كىرگەنىدى. ياقۇپبەگ يەركەنگە كەلدى، كېچىكمەيلا قازى رەئىس موللا نامانىنى جازالىدى. چۈنكى بۇ قازى رەئىس ئۆزىگە سارايلارنى نەچچە قاتلىغۇدەك رەۋىشتە ئۆي ـ زېمىن سالدۇرغانىدى. ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئىشتىن بۇرۇنلا خەۋىرى بولغان، ھەتتا ئۆزى بېرىپ كۆرۈپ كەلگەنىدى. ئەتىسى قازى رەئىس زىندانغا ئېتىلدى ۋە بارلىق مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ خەزىنىگە قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئۆي ـ زېمىنلىرىنى چېقىش ئۈچۈن ئىككى يۈز ئەسكەر ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، 15 كۈندە ئاران چېقىپ بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ھاجەتخانا سالدۇرۇلدى. ياقۇپبەگ 20 كۈندىن كېيىن يەركەندىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى.

خوتەنىنىڭ ھاكىمى نىيازبەگ كۆپ مىقداردا ھەدىيەلەر بىلەن ئاقسۇغا ـ ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەمما ياقۇپبەگ ئۇنى دەرھال ئۇچرىشىشقا چاقىرمىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىش باھارغا ئۇلاشتى. ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگنى يېنىغا چاقىردى. ئەمىرلەشكەر تۇڭگان ما دالاۋيى، ھەيدەرقۇل دادخاھ، ئىسھاقجان پانسات، ھاپىزبەگ پانسات، قادىر پانسات، مەمۇر پانسات، مۇھەممەد ئەلى پانسات ۋە سەپەر پانسات قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا 10 مىڭ يىگىت؛ تۆرەقۇل لاۋۇر، كەپەك لاۋۇر، مۇھەممەد ئەپەندى، خېلىل ئەپەندى، مۇھەممەد رەھىم پەھلىۋان ۋە ئۆمەر خوجا ئىشان قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈچ مىڭ سەرۋاز ياقۇپبەگ بىلەن بىرلىكتە كۇچاغا كەلدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن كورلىغا قاراپ يولغا چىقتى[186].

كەنجى ئاخۇن دا يۈەنشۇەي تۇڭگان، يۈسۈپبەگ ياساۋۇلبېشىنى بىر مەكتۇپ بىلەن ئۈرۈمچىدىن كورلىغا ـ ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. مانجۇ ئەسكەرلىرى گۇچۇڭزىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى[187]. ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان ياقۇپبەگ خەۋەرنى تېخىمۇ تەكشۈرۈش ئۈچۈن تاھاي يۈزبېشىنى ئەۋەتتى ۋە خەۋەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئاندىن دەرھال ئوغلى بەگقۇلبەگنى ئاقسۇدىن توقسۇنغا كېلىشكە بۇيرىدى. مۇھەممەد كېرىم دادخاھ، بەچچە باھادىر پانسات، ئالىمبەگ پانسات ۋە ئەلىبەگ پانسات قاتارلىق يىگىرمىدىن ئارتۇق پانساتلارنىڭ قوماندانلىقىدا 10 مىڭ لەشكەر بىلەن بىللە ياقۇپبەگدىن بۇرۇن توقسۇنغا يېتىپ باردى. ياقۇپبەگ كورلىدىن يولغا چىقىپ قاراشەھەرگە، ئۇ يەردىن ئۇششاقتالغا، ئاخىرىدا توقسۇنغا[188] كەلدى.

ياقۇپبەگ ئەمىرلەشكەر ما دالاۋيىنى 1500 تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن توقسۇندىن گۇمۇدىغا ئەۋەتتى. ئەزىمقۇل پانسات ۋە باشقا تۆت پانساتمۇ

يىگىتلىرى بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقتى، ھەممىسى ئۆرۈمچىگە كەلدى. ئەزىمقۇل پانسات ئەسكەرلىرى بىلەن گۇمۇدىغا قاراپ يولغا چىققىنىدا، قالغان پانساتلار ئۆرۈمچىدە قالدى. ئەزىمقۇل گۇچۇڭ تەرەپتىن كەلگەن كۆپ ساندىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، شەھەر بىر نەچچە كۈن مانجۇ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. ئەزىمقۇل  پانسات مانجۇلارغا تاقابىل تۇرالماي يىگىتلىرى بىلەن بىرگە ھاياتىدىن ئايرىلدى، گۇمۇدى مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ما دالاۋيى ئەسكەرلىرى بىلەن ئەزىمقۇل پانساتقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ[189]، مىسكارلىق (چىداۋەن 七道湾)گە كەلگىنىدە مانجۇ ئەسكەرلىرى بىلەن روبىرۇ كەلدى. شىددەتلىك داۋاملاشقان جەڭ ما دالاۋيىنىڭ غەلىبىسىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭغا ئۇرۇشنى قويۇپ ئەسكەرلىرى بىلەن دەرھال چېكىنىش ئەمر قىلىندى. ما دالاۋيى يۈزگە يېقىن تۇڭگان ئەسكىرى بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىلدى ۋە بەش مىڭ تۇڭگان ئەسكىرىنى توپلاپ شۇ جايدا ساقلاپ تۇرۇشى تەلەپ قىلىندى.

ئۇ كۈنلەردە ياقۇپبەگ ھەيدەرقۇل پانسات قاتارلىق يەتتە پانساتنى داۋانچىڭغا ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كورلىنىڭ ھاكىمى نىياز مۇھەممەد توقسابامۇ بار ئىدى. ياقۇپبەگ ئۇلارغا بىر شەھەر بىنا قىلىش ھەققىدە ئەمر قىلدى. بارلىق ئەسكىرىي گۇرۇپپىلار داۋانچىڭغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. داخۇ بىلەن شياۋخۇ ئۈرۈمچىدىن ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلدى، ياقۇپبەگ ئۇلارنى بىرنەچچە كۈن مېھمان قىلدى ۋە تىللا قاتارلىق ھەدىيەلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە يولغا سالدى[190].

مۇھەممەد ئەلەم بۇ ھادىسىلەرگە دائىر، يۇقىرىدىكى «تارىخى ھەمىدىي»دە بايان قىلىنغانلاردىن پەرقلىق شەكىلدە مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويماقتا: مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەنلىك خەۋىرىنى ئالغان تۇڭگانلار، تۇرپانغا ـ ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا كەلدى. مانجۇ گېنېرال زوڭتۇڭ[191] دەرھال ياقۇپبەگكە بىر مەكتۇپ يوللاپ، داخۇ ۋە شياۋخۇلارنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ھەربىي ھەرىكەت قوللانمايدىغانلىقىنى، بېيجىڭغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى؛ ئەكسىچە بولغاندا ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن زور تۇغۇلسا ئۇرۇشىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلدى. ياقۇپبەگ دەرھال داخۇ ۋە شياۋخۇلارنى يېنىغا چاقىرتتى. ئۇلار مۇكەممەل قوراللانغان، تاللانغان تۆت يۈز نەپەر خاس مەھرەم بىلەن ياقۇپبەگنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. داخۇدىن ئەھۋالنىڭ تەپسىلاتىنى بىلدى ۋە ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. داخۇ ئەسلىدە بېيجىڭدا 40 مىڭ كىشىلىك مانجۇ قوشۇنىنىڭ بېشىدا بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئەمما بۇ تۆھپىلىرى جاۋابسىز قالغانلىقتىن مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئادەملىرىدىن ئۈچ مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ئۆلۈشى بەدىلىگە 10 مىڭ مانجۇ ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەنىدى. يېنىدا يېتەرلىك ئاشلىق ۋە ئەسكىرى لازىمەتلىكلىرى بولمىغانلىقتىن شەرقىي تۈركىستانغا قاچقانىدى[192].

يەنە بىر ئەسەردە ئېيتىلغانلار باشقا ئەسەرلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ئۇچرىمايدۇ. ئەمما يەنىلا شۇ دەۋردىكى شەرقىي تۈركىستان تارىخى جەھەتتىن مۇھىم دەپ قاراپ بۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتۈش ئۇيغۇن كۆرۈلدى. ئۇنىڭغا كۆرە: مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ قومۇلغا كىرگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. مانجۇلار ياقۇپبەگكە بىر ھەيئەتنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاراشەھەرگە قەدەر بولغان زېمىنلارنىڭ مانجۇ ئېمپىراتورلۇقىنىڭ چېگراسىغا

قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، كورلىنىڭ قالغان تەرىپىنى ياقۇپبەگكە ئائىت دەپ تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى، بۇنىڭلىق بىلەن يەنە تىجارىي كارۋان يوللىرىنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادە قىلىشتى. ياقۇپبەگ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، مانجۇلارنىڭ كۆپ سانلىق ئەسكەرلىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ئېھتىماللىقتىن يىراق ئەمەس ئىدى. ياقۇپبەگ مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا جۈرئەت قىلىپ، ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋەتتى. ئەمما، نىياز ھېكىمبەگ، ياقۇپبەگنىڭ مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ياقۇپبەگنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەتتى[193].

موللا مۇسا سايرامىغا كۆرە: بۇ ۋاقىتلاردا ياقۇپبەگ مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشتىن كۆرە، ئۇلار بىلەن سۈلھى تۈزمەكچى ئىدى، ئەمما ھادىسىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولاتتى. شۇنىڭدەك ئەمرلەشكەر ۋە پانساتلارغا مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە مەكتۇپلارمۇ ئەۋەتىلگەنىدى. ئەمما ئۇلار مانجۇلارنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا سۈكۈتنى قايرىپ قويىدى، ھېچ بولمىغاندا مانجۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئورنىدا قارشىلىق بېرىشنىمۇ ياقۇپبەگنى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنىدى. يۇقىرى ئۇنۋانلىق بىرنەچچە مانجۇ قولغا ئېلىنىدى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنمىدى، ئەكسىچە ئاقسۇ، كۇچا، باي ھاكىملىرىغا ئەۋەتىلدى ۋە مەلۇم مۇددەتكىچە مائاش بېرىلدى. ئەمما كېيىنچە ھاكىملار تەرىپىدىن دارغا ئېسىلدى.

ياقۇپبەگ مانجۇلار ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش مەقسىتىدە ئىنئام خوجا ئىشانىنى ئەۋەتتى. مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى بىلىندى. بۇ ئارىلىقتا ھېكىمخان تۆرىنىڭ يىگىتلىرىدىن ئاقسۇلۇق باقىش مىراپ، سىدىقبەگ، يۇسۇفبەگ ۋە باشقا كىشىلەر مانجۇلارنىڭ يېنىغا قېچىپ

بېرىپ پاناھلىق تىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپاندىن مۇخپۇلبەگ ۋە شاخيازبەگ قاتارلىق بىرقانچە كىشى مانجۇلارغا مەكتۇپ يوللىغانىدى، ئەمما بۇ مەكتۇپ مانجۇلارغا يېتىشتىن ئىلگىرى ياقۇپبەگنىڭ قولىغا چۈشتى. ياقۇپبەگ دەرھال ئۇلارنى مانجۇلارغا مايىل بىرقانچە ئائىلىلىكلەر بىلەن بىللە بالا ـ چاقىلىرىنى قوشۇپ يەركەنگە سۈرگۈن قىلدى.

ياقۇپبەگ مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشتىكى غەلىبىدىن بەكرەك مەغلۇبىيەتنى ئويلاۋاتاتتى. ئوغلى ھەققۇلىبەگنى 10 مىڭ يىگىت، سەرۋاز، توپ، قورال ـ ياراقلار بىلەن توقسۇندا قالدۇردى ۋە مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشماسلىق ھەققىدە ئەمر قىلدى. ھەققۇلىبەگ تۆت ئايدىن كېيىن توقسۇندىن كورلىغا قاراپ يولغا چىقتى. ياقۇپبەگنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگىنىگە 14 يىل بولغانىدى. يېڭىسارلىق ھۇشۇر مەھرەم بۇ ۋاقىتلاردا خەزىنىگە مەسئۇل ئىدى، ياقۇپبەگ يولغا چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئەللىككە يېقىن ئادىمى بىلەن خەزىنىنى ئېلىپ مانجۇلارنىڭ يېنىغا قاچتى. ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئارقىسىدىن نۇرغۇن يىگىتلەرنى يوللىدى. قوغلىغانلار يېقىنلىشىپ كەلگىنىدە يولغا تىللانى چېچىپ يەنە قېچىپ ئۇزاقلىشىپ كەتتى. ياقۇپبەگكە قىلىنغان بۇ ئىھانەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن كېيىنچە مانجۇلار ھوشۇر مەھرەمنى يەركەننىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىدى[194]. ئارقىدىن كۇچا ۋە قەشقەر ھاكىملىرىنىڭ قېرىنداشلىرى، ياقۇپ خاننىڭ قېرىندىشى يەنى، ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئىستانبۇلغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن، كېيىنچە تاشكەنتتە ياشىغان ئەمرخان قاتارلىق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزىنى مانجۇلارنىڭ قوينىغا ئاتتى. بىرنەچچە ئاي ئىچىدە تۆت يۈزگە يېقىن ئەسكەرمۇ مانجۇلارنىڭ يېنىغا قاچتى[195].

ھوشۇر مەھرەم ھەققىدە باشقا بىر مەنبەدە ئېيتىلغانلار يۇقىرىدىكىلەردىن

پەرقلىقتۇر. ياقۇپبەگ كورلىدىكى چاغدا، خوتەنگە ـ نىياز ھېكىمبەگكە بىر مەكتۇپ يوللاپ، خەزىنىدىكى بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئېلىپ كورلىغا كېلىشى ھەققىدە ئەمر قىلدى. كورلىغا كەلگەندىن كېيىن خەزىنىنى توقسۇنغا يوللىدى. توقسۇن — بېيجىڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىسىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۆتكەللەردىن بىرى ئىدى. شۇڭىمۇ ياقۇپبەگ خەزىنىنى توقسۇنغا يۆتكىمەكچى بولغانىدى. ھوشۇر مەھرەم خىتاي نەسلىلىك بىر ياش بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرگەن، شۇ سەۋەب مەھرەم قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى. ياقۇپبەگ ھوشۇر مەھرەمنى قىرىق ئاتقا يۈكلەنگەن ئالتۇن بىلەن ئەللىك كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا توقسۇنغا يوللاپ، خەزىنىنى ھەققۇلىبەگكە تاپشۇرۇشنى ئەمر قىلدى. ئەمما ھوشۇر مەھرەم توقسۇنغا بارماي، ئۈرۈمچىگە — مانجۇلارنىڭ يېنىغا قاچتى ۋە ياقۇپبەگنى ئېغىر يوقىتىشقا دۇچار قىلدى[196]. 1876 ـ يىلى 18 ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچى مانجۇلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى[197].

ئەمدىلىكتە مانجۇلار داۋانچىڭغا قەدەر كەلدى. ئاتابەگ بىلەن ئەلىشىر پانسات ئەسكەرلىرى بىلەن مانجۇلارنىڭ يېنىغا قاچتى[198]. نىياز مۇھەممەد توقسابا بىر پايمۇ ئوق ئاتماي بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ ساقلىيالىدى. ئىككى مىڭغا يېقىن يىگىت ۋە سەرۋاز بار ئىدى، تاللانغان تۆت يۈز يىگىت شەھەر قوۋۇقىدىن چىقىپ مانجۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە قىسقا مۇددەت ئىچىدە مىڭغا يېقىن مانجۇ ئەسكىرىنى ئۆلتۈردى. ياقۇپبەگ قايتا ـ قايتا مەكتۇپ يوللاپ، مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماسلىق ھەققىدە ئەمر قىلدى. بۇ مەكتۇپلار ئەمىرلەشكەرلەر باشلىق بارلىق يىگىت ۋە سەرۋازلارنىڭ جەڭگىۋار روھىنى سۇسلاشتۇردى. مانجۇلار توپ ۋە باشقا ئېغىر تىپتىكى قورallar بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى، داۋانچىڭنى[199] بېسىۋالدى. نىياز مۇھەممەد توقسابا قاتارلىق يەتتە پانسات ۋە بىرنەچچە يۈزبېشى تىرىك تۇتۇلۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، كۆپ

ساندىكى يىگىتلەر مانجۇ تۇپراقلىرىغا سۈرگۈن قىلىندى.

بۇ ۋاقىتلاردا ھەققۇلىبەگ توقسۇندا ئىدى، ئاشلىق ئامبارلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇۋېتىپ[200] ئۆزى كورلىغا قاچتى. مانجۇ ئەسكەرلىرى يەمشىگە كەلدى، ھېكىمخان تۆرە توقسۇنغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ كۈنى مانجۇلار تۇرپاننى ئاسانلا ئىگىلىۋالدى، چۈنكى ئەسكەرلەر ياقۇپبەگنىڭ ئەمرىگە بىنائەن مانجۇلارغا بىر پايمۇ ئوق ئاتمىغانىدى، ئەگەر ئۇرۇشقان بولسىلار ئىدى، پەقەتلا تۇرپان ۋە توقسۇندىلا 30 مىڭ يىگىتكە ئون يىل يەتكۈدەك ئاشلىق، يەم ـ خەشەك، ئوتۇن ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر بار ئىدى. توقسۇندىكى ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولدى، مانجۇلار تۇرپاندىكى ئاشلىقلارنى قولغا چۈشۈردى، بەش كۈندىن كېيىن توقسۇنغا كېلىشتى.

مۇھەممەد ئەلەمنىڭ بايانلىرى «تارىخى ھەمدىي»دە ئېيتىلغانلاردىن پەرقلىقتۇر: ئىسمەت پانساتبېشى قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر ماناستا بولۇپ، ئاشلىقلىرىمۇ تۈگىگەنىدى. مانجۇلارغا تەسلىم بولدى ۋە ھەممىسى قورالسىزلاندۇرۇلۇپ بېيجىڭغا يوللاندى. ئۈرۈمچىدىكى ئەسكەرلەر قېچىپ تۇرپانغا كەلدى. ياقۇپبەگ داخۇ ۋە شياۋخۇلار بىلەن بىللە بىر يەرگە كېلىپ مەسلىھەتلەشتى ۋە مانجۇلارغا قارشى تۇرپاندا ئەمەس، بەلكى بۇيان ھاقشالدا ئۇرۇۋشۇشنى قارار قىلدى (كۇچا بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك مۇساپىدە ئىدى.) چۈنكى تۇڭگانلار مانجۇلارغا قارشى مەيدان جېڭى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇلار مانجۇلارنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. ياقۇپبەگ ئەسكەرلەرنىڭ كورلا، بۈگۈر ۋە قاراشەھەرگە كېلىشىنى ئەمر قىلدى، داخۇ ۋە شياۋخۇلارنى قاراشەھەرگە يوللىدى ۋە ئۆزى كورلىغا كەلدى. بۇ ۋەزىيەتنى پۇرسەت دەپ بىلگەن مانجۇلار دەرھال تۇرپانغا كەلدى. چۈنكى، تۇرپاندا

ياقۇپبەگنىڭ ئەسكەرلىرى قالمىغانىدى[201].

ھېكىمخان تۆرە بەگبەچچە بىلەن ئەمىرلەشكەر، سەرۋاز ۋە يىگىتلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قاراشەھەرگە كەلدى. ياقۇپبەگ ئۇلارنى كورلىغا كېلىشكە بۇيرىدى. ئەمما ئۇلار تەرەددۇتتىن، توغرىسى قورقۇنچتىن كورلىغا ـ ياقۇپبەگنىڭ يېنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مانجۇلارغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ياقۇپبەگدىن ئەمىر ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى. ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، ياقۇپبەگ ئۇلارغا قاراشەھەردىكى دەريا ياقىسىدا ئىلگىرى سېلىنغان شەھەرنى يىقىپ، دەريانىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بىر شەھەر بىنا قىلىشنى ئەمر قىلدى، شەھەر قۇرۇلۇشى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماملاندى. ئەسلىي بۇ ئەسكەرلەرنى مەشغۇل قىلىشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى. ھېكىمخان تۆرە ۋە ھەققۇلىبەگنىڭ قول ئاستىدا 30 مىڭ يىگىت، ياقۇپبەگنىڭ يېنىدا بولسا مەھرەم، ياساۋۇل ۋە يىگىتلەردىن بولۇپ جەمئىي ئۈچ مىڭغا يېقىن كىشى بار ئىدى[202].

نىياز ھېكىمبەگ ئۇ كۈنلەردە مانجۇلارغا بىر مەكتۇپ يوللىدى، ئۇ ياقۇپبەگنى زەھەرلەشنى پىلانلىغانىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىن ئەسكەرلەر ئارىسىغا نىپاق ئۇرۇقى چېچىشنى ئويلىغانلىقلىرىنى ئىپادە قىلدى. شۇنداق بولغاندا مانجۇلار شەرقىي تۈركىستاننى ئاسانلا قولغا كىرگۈزەلەيتتى. مانجۇلار بۇنىڭدىن ناھايىتى سۆيۈندى ۋە دەرھال جاۋاب مەكتۇپى يوللاپ، نىياز ھېكىمبەگنى ۋاڭ(王)[203] قىلىپ تەيىنلەيدىغانلىقىنى، خانىمىغا بولسا فۇجىن (福晋)[204] ئۇنۋانىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نىياز ھېكىمبەگ خاس مەھرەملەردىن بىرىگە بەش يۈز يامبۇ بېرىپ ياقۇپبەگنى زەھەرلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ قارشىلىقىدا نېمە تىلىسە بېرىدىغانلىقىنى، ھەتتا قىزىنىمۇ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. ئۇ مەھرەم يېڭى مۇسۇلمان بولغان

مانجۇ (خىتاي) ئىدى، ھېچ ئىككىلەنمەي تەكلىپنى قوبۇل قىلدى[205].

## ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى

باھار ئايلىرى ئىدى. ئۇ كۈنلەردە ياقۇپبەگ ناھايىتى چېچىلاڭغۇ كەيپىياتقا كىرىپ قالدى. بىر كۈنى بىكاردىنلا موللا كامالىدىن مىرزىغا قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ياساۋۇللار بىلەن بىللە قوشۇلۇپ ئۇنى ئۇرۇپ كەتتى. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە چاي كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى، مەھرەم ئېلىپ كەلگەن چاينى ئىچىپ يەرگە يىقىلدى ۋە قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئىچكەن چېيى ئۇنىڭ ئەجەل شەربىتى بولغانىدى، بۇ ۋاقىتتا تارىخ 1877- يىلى 28 - ئاپرېلنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا، ياقۇپبەگ نىياز ھېكىمبەگكە ئىشەنمەيتتى. ئۇزۇن زاماندىن بېرى پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن نىياز ھېكىمبەگ مەھرەملىرىدىن بىر نەچچىسىگە تىللا بېرىپ ئۆزىگە رام قىلدى. «ئىنسان ئېھسانىنىڭ قۇلىدۇر» دېگەندەك، نىيازھېكىمبەگ شۇ مەھرەملىرىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ياقۇپبەگكە بولغان سۇيىقەست پىلانىنى ئىشقا ئاشۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ مەھرەملىرىدىن بىرنى يېنىغا چاقىرىپ مول مىقداردا تىللا بېرىپ، ياقۇپبەگنىڭ چېيىغا ئۆزى بىلگەن ياكى ئىلگىرى ياقۇپبەگ باشقىلارنى زەھەرلەشتە ئىشلەتكەن تەجرىبىدىن ئۆتكەن بىرەر زەھەرنى ئارىلاشتۇرۇشنى

ئېيتتى. بولۇپمۇ چاينى ياقۇپبەگنىڭ تازا غەزەپلەنگەن ۋاقتىدا بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلارمۇ شۇ بويىچە ئورۇندىدى[207]. باشقا بىر ئەسەردىكى بايانلارمۇ ياقۇپبەگنىڭ نىياز ھېكىمبەگ تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئەستىقلىماقتا[208]. ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر مەنبەدە ئېيتىلغانلارغا قارىغاندا، ياقۇپبەگ ئۆزى تەييارلىغان زەھەرنى ئىچىپ ئۆلۈۋالغانىدى[209]. ئەمما ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈۋالغانلىقىنى باشقا ھېچقانداق ئەسەردىكى مەنبەلەر ئەستىقلىمىغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئالاقىدار كۇروپاتكىننىڭ ئېيتقانلىرى تۆۋەندىكىچە: «1877- يىلىنىڭ 28- ماي كۈنى ئىدى. ياقۇپبەگ كاتىپى كامالنىڭ ئۆتكۈزگەن بىر خاتاسى سەۋەبلىك غەزىپىنى باسالماي، تاپانچا بىلەن ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنىدى. غەزىپى بېسىلمىغان ياقۇپبەگ خەزىنە بېگى سابىر ئاخۇننىمۇ قاتتىق ئۇرغانىدى، سابىر ئاخۇن قارشى چىقىپ ئۇنى بىر مۇش بىلەن ئايلاندۇرۇۋەتتى ۋە ئەتىسى سەھەردە (29- ماي) ياقۇپبەگ ۋاپات بولدى. ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېيتىلغان: ياقۇپبەگ، ئوغلى ھەققۇلىبەگ تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئۇ مانجۇلار بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان ۋە باشقا... دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دەلىلسىزدۇر»[210].

ئاتىلىق غازى ياقۇپبەگ 14 يىل، تۆت ئاي، توققۇز كۈن تەختتە ئولتۇردى[211].

ياقۇپبەگنىڭ مۆھۈرى تاۋۇز ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئۈستىدە «مۇھەممەد ياقۇپ» دېگەن خەت يېزىلغان، ئەمما ئۇ باشتىكى ۋاقىتلاردا «بەدەۋلەت غازى» دېگەن ئۇنۋانىنى قوللانغانىدى. ياقۇپبەگنىڭ زامانىدا بۆرە بىلەن قوزا بىر كۆلدىن سۇ ئىچىپ، بۈركۈت بىلەن كەپتەر بىر دەرەخكە ئۇۋا

سالغانىدى. ياقۇپبەگ يەنە زاكىرجان قارىنى مەككە مۇكەررەمەگە ئەۋەتىپ «يەتتە شەھەر دۆلىتى» نامىدا قونالغۇ ـ رابات سېلىش ئەمرىنى بەرگەنىدى، ئەمما ئۇنىڭ پۈتتۈشىنى كۆرەلمىدى. خوتەننى نىياز ھېكىمبەگ، ئاقسۇنى ئابدۇراھمان دادخاھ، باي ۋە سايرامنى مۇھەممەد ئەمىن توقسابا قاتارلىقلار خانۇ ۋەيران قىلدى. ياقۇپبەگ ۋەزىپىگە مۇۋاپىق كىشىلەرنى قويالمىغانىدى. نە قەدەر دىنغا مايىل ۋە كەمتەر بىر ھايات ياشىغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ۋاقىتلاردا بۇ خىسلەتلەرنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ياقۇپبەگ ۋەزىپىگە قويغان كىشىلەر باجنى باھانە قىلىپ سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋالاتتى، ئەمما ياقۇپبەگ بۇ كىشىلەرنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ جازالىمىدى. ئەڭ غەلىتى بولغىنى ياقۇپبەگ يەرلىك ئاھالە، تۇڭگان، مانجۇ، شۇڭنان، قالماق ۋە قازاقلاردىن غەنىيمەت ئالغان قىز ـ خانىملار بىلەن يۈرت چوڭلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن قىزلىرى قوشۇلۇپ جەمئىي ئالتە يۈزدىن ئارتۇق خانىم بىلەن نىكاھلانغانىدى[212]. باشقا بىر ئەسەردىكى بايانلارغا ئاساسەن، ياقۇپبەگنىڭ ھەرەمخانىسىدا ئۈچ يۈز ئەتراپىدا خانىم بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئالتىسى ياقۇپبەگنىڭ يۈرۈشلىرىدە ھەر دائىم يېنىدا بولاتتى[213].

نىياز ھېكىمبەگ، ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك ھېكىمخان تۆرە بىلەن ھەققۇلىبەگكە بىر مەكتۇپ يوللىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار قاراشەھەردە ئىدى[214]. نىياز ھېكىمبەگ ئەھرارخان تۆرەدىن باشقا ھېچكىمگە بىرنەرسە دېمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بەگبەچچە (ھەققۇلىبەگ) كەلدى، ئارقىدىنلا ھېكىمخان تۆرە باشچىلىقىدا ئەمىرلەشكەر، يىگىت ۋە سەرۋازلار كەلدى. نىياز ھېكىمبەگ ئەھرارخان تۆرە، كېرىم باي مىرزا، مۇھەممەد مۇسا توقسابا، تاشباي دادخاھ، ئاتاباي پانسات ۋە باشقا ئەركانلار بىر يەرگە كېلىپ مەسلىھەتلەشتى ۋە ئېلىنغان قارارغا ئاساسەن ھېكىمخان تۆرىنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ سەلتەنەت ھۆكۈمدارى دەپ ئېلان قىلدى.

باشقا بىر ئەسەردىكى بايانلار يۇقىرىدىكىلەرگە قارىغاندا خېلىلا پەرقلىق بولۇپ: ياقۇپبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن نىياز ھېكىمبەگ خوتەنگە قايتتى، ئۇنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىنى ھېچكىم بىلەلمىگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا ھەققۇلىبەگ كورلىغا كەلدى. كىشىلەر ياقۇپبەگنىڭ ۋەسىيىتى، دەپ ھەققۇلىبەگنى تەختتە ئولتۇرغۇزماقچى بولدى ۋە بۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقمىدى، ئەمما ھەققۇلىبەگ بۇنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ياقۇپبەگ كورلىغا كېلىشتىن ئىلگىرى قەشقەردە ئۆز ئورنىغا بەگقۇلىبەگنى قويغانىدى. ھەققۇلىبەگ ياقۇپبەگنىڭ جىنازىسىنى

ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى، چۈنكى ئۇنى ئاپپاق خوجا مازىرىغا دەپنە قىلغۇسى بار ئىدى. ئۇ يەردىكىلەر سەۋر قىلالمىدى، بەلكى ئۇلار بەگقۇلىبەگنىڭ باش بولۇشىنى خالىمايتتى، شۇڭا ھېكىمخان تۆرىنى كورلىغا تەكلىپ قىلدى ۋە «خان» دەپ ئېلان قىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا مانجۇ ئەسكەرلىرى تۇرپانغىچە كەلگەنىدى[215].

خەزىنە ھېكىمخان تۆرىگە تاپشۇرۇلدى، يەتتە كۈندىن كېيىن بەگبەچچە ياقۇپبەگنىڭ جىنازىسىنى ئېلىپ كورلىدىن ئايرىلدى. دادخاھ ۋە باشقا دۆلەت ئەركانلىرى ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تەكشۈرۈشنى زۆرۈرىيەت دەپ قارىمىدى، ئەكسىچە ئۇلار ئاقسۇدىكى خەزىنىدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. ئۇلار: بەگبەچچە ئاقسۇدىكى خەزىنىنى ئېلىپ قەشقەرگە ئېلىپ كەتسە ۋە بەگقۇلىبەگ بىلەن بىللە قەشقەردىكى خەزىنىنىمۇ ئېلىپ ئەندىجانغا كېتىپ قالسا، خەزىنە بولماي تۇرۇپ مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇشالمايمىز، دەپ ھېكىمخان تۆرىنى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزدى.

بۇ ۋاقىتلاردا تۇڭگانلار كورلىغا كەلگەنىدى، كورلا تۇڭگانلارغا تاشلاپ قويۇلدى. باي مۇھەممەد جارچىبېشى بەش يۈز يىگىت بىلەن كورلىدا تۇڭگانلارنىڭ يېنىدا قالدى. ئەينى ۋاقىتتا ياقۇپبەگ ئاخۇن نىيازبەگنى تەرجىمان ۋە ياساۋۇلبېشى قىلىپ ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاش ۋەزىپە بىلەن تۇڭگانلارنىڭ يېنىدا قالدى. ھېكىمخان تۆرە قوشۇنى بىلەن دەرھال ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇمۇ ھەققۇلىبەگنىڭ خەزىنىنى ئۆزى بىلەن بىللە قەشقەرگە ئېلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتاتتى. شۇڭا بۇ يۈرۈشتىن مەقسىتىمۇ ئاقسۇدىكى خەزىنىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى.

ھەققۇلبەگ ئاقسۇدا ئىككى كۈن تۇرغىنىدىن كېيىن، دادىسىنىڭ جىنازىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى[216]. ئەسلىدە ھەققۇلبەگ دادىسى ياقۇپبەگنى قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازارلىقىغا دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئاكىسى ھەققۇلبەگ بىلەن بىللە مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى ئويلاۋاتاتتى. ئەمما نىياز ھېكىمبەگ بۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەيتتى، شۇڭا دەرھال بەگقۇلبەگكە بىر مەكتۇپ يوللاپ[227]، ھەققۇلبەگنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇست ئەمەسلىكىنى، ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئىما قىلىپ ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ نىياز ھېكىمبەگ ئىككى قېرىنداش ئارىسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نىپاق ئۇرۇقى تېرىدى.

بەگقۇلبەگ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن قېرىندىشى ھەققىدىكى شۈبھىلىرى تېخىمۇ ئېشىپ باردى، مۇھەممەد زىيا پانسات بىلەن ھەيدەر جاللاتنى بىرنەچچە مەھرەم بىلەن ئەۋەتىپ، ھەققۇلبەگنى كۆرگەنلا يېرىدە ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ئەمر قىلدى، ئۇلار ھەربىرى قەسەم قىلىپ يولغا چىقتى ۋە لۈكچۈ دېگەن يەردە ئۇچراشتى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ھەققىدە ئاز تولا مەسلىھەتلەشتى ۋە ئازراق ئارام ئالغاندىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇردى. قەمبەر مەھرەمنىڭ تۇيۇقسىز ئاتقان ئوقى دەل تەگمەي قالدى، ھەققۇلبەگ قىلىچى بىلەن قارشى ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇندى، ئەمما يەنە بىر مەھرەمنىڭ ئاتقان ئوقى بىلەن يەرگە يىقىلدى. بەگقۇلبەگ بىگۇناھ قېرىندىشىنى بىكاردىنلا ئۆلتۈرگۈزدى. قەشقەر ئاھالىسىدىن بىرقانچە كىشىنىڭ بۇ ۋەقەدىن خەۋىرى بولغانىدى. ھەققۇلبەگ بىر ۋادىغا دەپنە قىلىندى، بۇ ۋاقىتتا تارىخ 1877ـ يىلى 4ـ ئىيۇننى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇ يەر «ھەققۇلبەگ ۋادىسى» دېگەن نام بىلەن بىلىنمەكتە[219].

مۇھەممەد ئەلەمنىڭ بايانلىرى يۇقىرىدىكى ئىپتىلغانلاردىن خېلىلا پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆرە: ياقۇپبەگ ئۆلگەندىن كېيىن تاۋۇتى تېرىگە ئورىلىپ قەشقەرگە ئەۋەتىلدى. نىياز ھېكىمبەگنىڭ تۇنجى ئىشى، بەگقۇلبەگ بىلەن ھەققۇلبەگ قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە تېرىپ ئۇلارنى ئۆزئارا دۈشمەنلەشتۈرۈش بولدى. ئۇلار ھەققۇلبەگنى پادىشاھ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى ۋە خەزىنىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كورلىدىن قەشقەرگە ئەۋەتتى. شۇنىڭدەك يەنە، مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قەشقەردىكى ئۇ خەزىنىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بەگقۇلبەگ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولدى ۋە بەش يۈز مەھرەمنىڭ ھەربىرىگە 50 داندىن قىزىل تىللا بېرىپ، ھەققۇلبەگنىڭ دەرھال ئۆلتۈرۈلۈشى ھەققىدە ئەمر قىلدى. قارا قىلچىندا ھەققۇلبەگ بىلەن ئۇچرىشىپ، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى ۋە ئەتىسى يولنى داۋام قىلدى. ئىككى تاش مۇساپىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھەققۇلبەگنىڭ ئارقىسىدىن ئوق ئېتىپ ئۆلتۈردى.

نىياز ھېكىمبەگ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولدى. ھېكىمخان تۆرە 60 مىڭ ئەسكىرى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ قالسا،بەگقۇلبەگنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرالماي قەشقەرنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى بەگقۇلبەگنىڭ يېنىدا جامادار دادخاھ، شىغاۋۇل دادخاھ ۋە ئالداشبەگ دادخاھ قوماندانلىقىدا ئاز ساندىلا ئەسكەرلەر بار ئىدى[220]. ھۆكۈمدارلىق تەختىنىڭ ئەمدى ھېكىمخان تۆرىگە لايىق ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلدى. نىياز ھېكىمبەگ خوتەنگە قايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە خوتەندىن يەركەنگە كېلەتتى[221].

ھېكىمخان تۆرە ئاقسۇدا تەختتە ئولتۇردى. ئۇ ۋاقىتلاردا قىرغىز - قىپچاقلارمۇ ئاقسۇغا كەلگەن بولۇپ، خەزىنىنى تالان - تاراج قىلدى. بۇ

تۆردىكى بۆلاڭ ـ تالاڭلار ئۇ كۈنلەردە ئادەت ھالىتىگە كېلىپ قالغانىدى. نىياز ھېكىمبەگ ئەسكەر ۋە مەھرەملىرى بىلەن خوتەنگە قاچتى. ھېكىمخان تۆرە ئابدۇراھمان دادخاھنى ئاقسۇغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ئاملىخان تۆرىنى كۇچادىن ئاقسۇغا چاقىرتتى ۋە مۇھەممەد رەھىمخان تۆرىگە ياردەمچى قىلىپ تەيىنلىدى، كۇچانى بولسا تۇڭگان داخۇ ۋە شياۋخۇلارغا بەردى[222]. ئۈچ تۇرپان ھەكىم باقى پانساتقا؛ باي ۋە سايرام مۇسا مىسبەگكە بېرىلدى. بەچچە باھادىر، كېرىم باي دادخاھ، موللاھ ئالىمقۇلنىڭ ئوغلى شىرمۇھەممەد مىرزا، كەپەك لاۋۇر، مۇھەممەد رەھىم پەھلىۋان، مۇھەممەد ئەپەندى ۋە باشقا كىشىلەر ئەمىرلەشكەر قىلىپ تەيىنلەندى، بارلىق قوشۇن سەككىز ئەمىرلەشكەرنىڭ قوماندانلىقىغا بېرىلدى. ھەر ئۈچ مىڭ يىگىتنىڭ بېشىغا بىر پانسات قويۇلدى، ئەسكەرلەرگە ئات، قورال ـ ياراق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر تارقىتىلغان بولۇپ، جەمئىي ئەسكەر سانى 60 مىڭغا يەتتى.

## ھېكىمخان تۆرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى تەقدىرىگە تاشلاپ قويۇشى

1877 ـ يىلىنىڭ 26 ـ ئىيۇن كۈنى، ھەققۇلىبەگنىڭ ئۆلۈمىدىن تېخى ئۈچ ھەپتىلا ئۆتكەن ئىدى. بەگقۇلىبەگ جامادار دادخاھ، ئۆمەر قۇل ئەمىرلەشكەر ۋە ئالاشبەگ دادخاھ قوماندانلىقىدىكى 15 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر[223] بىلەن قەشقەردىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. ھېكىمخان تۆرە بەچچە باھادىر ئەمىرلەشكەر قوماندانلىقىدىكى 25 مىڭ يىگىت ۋە سەرۋازلار بىلەن يايدىغا

كەلگەن بولۇپ، بۇ جاي ئاقسۇدىن تۆت مۇسابە يىراقلىقتا ئىدى. بەگقۇلىبەگ ئالاشبەگ دادخاھنى ئەسكەرلىرى بىلەن چۆلقۇدۇقتا يەرلەشتۈرگەنىدى. ھېكىمخان تۆرە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولدى ۋە دەرھال مۇھەممەد سەيىد پانسات بىلەن ھاپىزبەگ پانساتقا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردى. ئالاشبەگ دادخاھ يىگىتلىرى بىلەن ئارقىغا چېكىندى، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلارمۇ بولدى. قەشقەرلىك ئاخۇن پانسات ئەسكەرلىرى بىلەن ھېكىمخان تۆرىنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئەتىسى جەڭ يەنە باشلاندى ۋە ناھايىتى كەسكىن داۋاملاشتى، ھەر ئىككى تەرەپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ھېكىمخان تۆرىنىڭ ئەسكەرلىرى بەگقۇلىبەگنى ئېغىر پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىتىپ قاتتىق غەزەپلەندۈردى. مۇھەممەد قاۋۇل ياساۋۇلبېشى ھاياتىدىن ئايرىلدى، باش بارمىقىدىن ئايرىلغان جامادار دادخاھ ئېغىر يارىلاندى. ئەمما، ئاتابەگ تۇيۇقسىزلا ھېكىمخان تۆرىدىن يۈز ئۆرۈپ بەگقۇلىبەگنىڭ يېنىغا قاچتى. جەڭنىڭ غەلىبە كۆرسەتكۈچى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. غازى پانسات ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچتۇرپان تەرەپكە قاراپ قېچىشنى تاللىدى. بۇ ۋاقىتتا ھېكىمخان تۆرىنىڭ مەھرەملىرىدىن ھۇسەيىن مەھرەم بېشىغا ئوق تېگىپ كېتىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى، ھېكىمخان تۆرە ئارقىغا چېكىندى. كېرىمقۇل دادخاھ، كېرىمباي مىرزا ۋە ئەلىبەگ پانساتلارمۇ ھېكىمخان تۆرىگە ئەگىشىپ چېكىندى. مۇھەممەد مۇسا توقسابا، مۇھەممەد رەھىم پەھلىۋان ۋە كەپەك لاۋۇر 1500 يىگىت ـ سەرۋازلار بىلەن كەلپىننى ئايلىنىپ قاقشال يولى بىلەن ئەندىجانغا قاراپ راۋان بولدى[225].

جەڭ ئالتە سائەت بويىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن جەمئىي 1500گە يېقىن ئەسكەر[226] ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇ ئارىلىقتا ئاتاباي

يايدىدا بولغان خەزىنە ھەققىدە سۆز ئېچىۋىدى،بەگقۇلىبەگ ئۇنى خەزىنىنى ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن دەرھال يوللىدى. بۇ ۋاقىتتا ھېكىمخان تۆرىمۇ يايدىغا كەلدى، ئاتاباي قېچىۋاتقاندا قولغا چۈشتى. ئۇنى كۆندۈرۈلمىگەن، ئىنتايىن قاۋۇل ۋە ياۋايى ئاتنىڭ بىرىگە يالىڭاچ ھالىتىدە باغلىدى ۋە ئاتنى چاپتۇردى. ئاتاباي ئېھانەتنىڭ بەدىلىنى مۇشۇ شەكىلدە تۆلىگەن بولدى.

ھېكىمخان تۆرە ئاۋۋال ئايكۆلگە كەلدى، ئارقىدىن ئارال ۋە ئۇچتۇرپانغا ئۆتتى، بەدەل داۋىنىدىن ئېشىپ ئىسسىق كۆلگە باردى. بۇ يەردىمۇ ئۇزۇن تۇرماي ئاتا يۇرتى پەرغانىگە كەلدى، ئۇنىڭ يېنىدا مۇھەممەد مۇسا توقسابامۇ بار بولۇپ، 10 مىڭغا يېقىن يىگىت ـ سەرۋازلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە پەرغانىگە كەلدى. ھېكىمخان تۆرە ئەسكەرلىرى بىلەن مانجۇلارغا قارشى جەڭ قىلالايتتى، ئەمما ئۇ رۇسلارغا ئىشىنىپ شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز تەقدىرىگە (بولارىغا) تاشلاپ قويدى. ھېكىمخان تۆرە ھىجرىيە 1321 (1903\1904)ـ يىلىغا قەدەر ياشىدى. بەچچە باھادىر بىلەن كۆپ ساندىكى ئەسكەر ھېكىمخان تۆرىگە ئەگىشىپ كەتمىگەن بولۇپ، ئۇلار بەگقۇلىبەگنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بەگقۇلىبەگكە ئىشەنچى بولمىغانلار خوتەن قاتارلىق بىرقانچە شەھەرگە قېچىشنى توغرا تاپتى[227].

## بەگقۇلبەگنىڭ ھاكىمىيتى ۋە مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىشى

بەگقۇلبەگ ئاقسۇغا كېلىپ، ئاتا مىراس سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. ئاقسۇ، كۇچا ۋە ئۇچتۇرپاننى ھاكىمىيەت چېگراسى ئىچىگە ئالدى، ئىلگىرى ھېكىمخان تۆرە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەنسەپدارلارنىڭ بىرقىسمىنى جازالىدى، يەنە بىر قىسمىنى بولسا قەشقەر ۋە يەركەنگە سۈرگۈن قىلدى. ئابدۇراھمان دادخاھنى ئاقسۇغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى، مۇھەممەد رەھىم خان تۆرە كۇچادىكى مەنسىپىدىن ئېلىنىپ، ئاملخان تۆرىگە ياردەمچى قىلىپ تەيىنلەندى. مۇھەممەد بابا توقسابانى ئۇچتۇرپاندىن كۇچاغا ئەۋەتىپ زىندانغا مەھكۇم قىلدى، كېيىنچە يەنە ئۆز يۇرتى ئۇچتۇرپانغا ئەۋەتىپ بۇرۇنقى مەنسىپى ئەسلىگە قايتۇرۇلدى.

شەرقىي تۈركىستان تارىخىغا قارىغىنىمىزدا، شەخسلەر دائىم ناھايىتى مۇھىم بىر ئۇنسۇر ھالىتىدە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئاملخان تۆرە كۇچاغا كەلدى، ئەمما ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كىشىلەرنى تاللىغاندا پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلدى. كۇچالىق قادىربەگ پانسات، شاھيارلىق مەمۇر پانسات، ئالاش دادخاھنىڭ قېرىندىشى يولداشباي پانسات قاتارلىق بەش پانسات بۇگۈردىكى قاراۋۇلخانىغا باش قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇلار نىيەتلىرىنى بۇزۇپ، بەگقۇلبەگكە قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈردى. ئۇلار: «بىز ئەڭ ئاۋۋال مانجۇلارنى ئۆلتۈرۈپ كۇچانى

ئالغانىدۇق، ھازىر مانجۇ ئەسكەرلىرى تۇرپانغىچە يېتىپ كەلدى، مانجۇلارنىڭ بۇگۈن ـ ئەتە ئىچىدە كۇچاغا ھۇجۇم قىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. مانجۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى داخۇ ۋە شياۋخۇلاردۇر، شۇڭا بىز كۇچانى ئەندىجانلىقلارنىڭ قولىدىن ئالغاندىن كېيىن، داخۇ ۋە شياۋخۇلارنى تۇتۇپ مانجۇلارغا تاپشۇرساق بىزنى ئەپۇ قىلىشى مۇمكىن» دەپ قاراشتى ۋە دەرھال كېچىلەپ بۈگۈردىن كۇچاغا قاراپ يولغا چىقتى.

ياقاتوقۇناي دېگەن يەرگە كەلدى، بۇ يەر كۇچادىن بىر مەنزىل يول يىراقلىقتا ئىدى. ئەتراپتىكى كەنتلەردىن ئىككى مىڭغا يېقىن ئادەم توپلاندى. كېچىلەپ كۇچاغا كېلىپ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئاملخان تۆرىگە خەۋەر بېرىلدى، ئەمما ئۇ ئىشەنمىدى ۋە «بۇ قادىر پانساتنىڭ ھەددى ئەمەس» دەپ ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇردى. كۇچادا توپلار بىلەن قوراللانغان مىڭغا يېقىن تۇڭگان ئەسكىرى بار ئىدى. قادىر پانسات ئادەم ئەۋەتىپ تۇڭگانلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالدى. قۇياش يۈزىنى كۆرسىتىپ ئۆرلەشكە باشلىدى. جەڭنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەرلەشتى. ئابدۇللاھبەگ قاتارلىق 180 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى، ئاملخان تۆرە ئاقسۇغا قاچتى، قادىر پانسات كۇچانى قولغا ئالدى[228].

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. تۇڭگان داخۇ ۋە شياۋخۇلار ئادەملىرى بىلەن بىللە كورلىدىن كۇچاغا قاراپ يولغا چىقتى. قادىر پانسات بەش مىڭ ئادىمى بىلەن قاراياغاچ ۋە ئۇچقارادا تۇڭگانلار بىلەن جەڭ قىلدى، ئۈچ يۈزگە يېقىن كىشى ھاياتىدىن ئايرىلدى، قادىر پانسات ئادەملىرى بىلەن بىللە قاچتى. تۇڭگانلار كۇچانى قولغا ئالدى. كۇچا بىر ئاي ئىچىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئاملخان تۆرىدىن قادىر پانساتقا، ئۇنىڭدىن تۇڭگانلارغا ۋە ئاخىرىدا مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئاقسۇدىن خوتەنگە قاچقان نىياز ھېكىمبەگ دەرھال ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈردى ۋە ئەندىجانلىقلارنىڭ ھەممىنى خوتەندىن قوغلىدى. ئۇمۇ خوتەننىڭ تەقدىرىنى مانجۇلارنىڭ قولىغا تاشلاپ قوياتتى[229].بەگقۇلىبەگ دەرھال نىياز ھېكىمبەگكە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتتى[230]. ئەمىرلەشكەر ئۆمەرقۇل دادخاھ، مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى، جامادار دادخاھ، ئالاشباي دادخاھ، ئەمىرلەشكەر تۇڭگان ما دالاۋيى، شىرمۇھەممەد پانسات، ئالىم باي پانسات، ئاخۇن پانسات ۋە ئەبۇلقاسىم پانسات قوماندانلىقىدا مۇكەممەل قوراللانغان 24 مىڭ ئەسكەر بىلەن بىللە يەركەنگە كەلدى. بەگقۇلىبەگ شاغاۋۇل دادخاھ قوماندانلىقىدىكى مىڭ يىگىتنى يېنىغا ئېلىپ، جەمئىي 25 مىڭ ئەسكەر بىلەن زاۋىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

نىياز ھېكىمبەگ دەرھال ئوغلى بىلەن قېرىندىشى مۇھەممەد ئەمىننى 10 مىڭ يىگىت ۋە سەرۋازلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بەگقۇلىبەگكە قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن زاۋىغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن 20 مىڭ كىشىمۇ بار ئىدى[231]. جەڭ باشلاندى، ئىككى سائەت ئىچىدە نىيازبەگنىڭ ئادەملىرىدىن بەش مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى، بەگقۇلىبەگنىڭ ئادەملىرىدىن بولسا، 1280 كىشى ئۆلدى. قوقەنتلىك ئارتۇقبەگ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە بەگقۇلىبەگنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. نىياز ھېكىمبەگ ئەۋەتكەن ئادەملەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلتۈرۈلدى، مۇھەممەد ئەمىنبەگ ئادەملىرى بىلەن قېچىش يولىنى تاللىدى. نىياز ھېكىمبەگ بۇ خەۋەرلەرنى ئېلىپلا مىڭغا يېقىن خاس ئادىمى بىلەن كېرىيە يولى ئارقىلىق مانجۇلارنىڭ يېنىغا قاچتى.

بەگقۇلىبەگ نىياز ھېكىمبەگنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەبۇلقاسىم پانسات ۋە مىرزا ئەلى پانسات قوماندانلىقىدا سەككىز يۈز ئەسكەرنى ئەۋەتتى[232]،

مۇھەممەد ئەمىن كور بىلەن سەييىدبەگ شەھەرنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن خوتەنگە ئەۋەتىلدى. ئەبۇلقاسىم پانسات كېچە ـ كۈندۈز تېز يۈرۈش قىلىپ نىيەگە كەلدى ۋە ئۇ يەردە نىياز ھېكىمبەگنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەد ئەمىن ئەمىرلەشكەر بىلەن ئۇرۇشتى، مىرزا ئەلى پانسات ئۇرۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن جەمئىي 200 گە يېقىن كىشى ئۆلتۈرۈلدى. نىياز ھېكىمبەگ بولسا مانجۇلارنىڭ يېنىغا قېچىپ كەتتى[233].

يەركەندىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن نىياز ھېكىمبەگ، كىچىك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا مەھرەم بولۇپ ئىشلەيتتى. كېيىنچە مانجۇلار ئۇنى ئىشكئاغىسى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي رايونلىرىدا مانجۇلارغا قارشى ئىسيانلار بولۇۋاتقان ۋاقىتلاردا، نىياز ھېكىمبەگ يەركەندە ئابدۇراھمان ھەزرەت ۋە تۇڭگانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتاتتى. كۇچالىق خوجىلار يەركەنگە كەلگىنىدە بولسا، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ياقۇپبەگ بىلەنمۇ ئالاقە ئورنىتالىدى ۋە يەركەننىڭ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئېلىنىشىدا چوڭ تۆھپە كۆرسەتتى. ياقۇپبەگ خوتەننى ئالغىنىدا نىياز ھېكىمبەگنىڭ خىزمىتىگە مۇكاپات سۈپىتىدە ئۇنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى.

نىياز ھېكىمبەگ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرنى كورلىدا مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى ۋە مانجۇلار بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلدى. ئۇ خوتەن ھاكىمى بولۇپ تۇرغان 12 يىل مابەينىدە مازارلىقلارنىڭ ئاستىدا، مېۋىلىك باغلارنىڭ ئىچىدە ھەتتاكى، كۆلنىڭ ئاستىلىرىدا ساقلىغان نۇرغۇن يامبۇ، نۆكچە ئالتۇن، كۈمۈش، زۇمرەت تاش ۋە باشقا خەزىنىلىرىنىڭ ھەممىنى مانجۇلارغا تاپشۇردى، بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن يەركەننىڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەندى. ئەمما نىياز ھېكىمبەگ بۇنىڭدىن مەمنۇن بولمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ

تاماسى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال مەخپىي ھالدا مانجۇلارغا قارشى تەشەببۇسنى يېپىشقا باشلىدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا مانجۇلار بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولدى ۋە ئۇنى قەپەسلىك ھارۋىغا سېلىپ شەھەرنى بىر ئايلاندۇرغاندىن كېيىن قەشقەرگە يوللىدى. ياقۇپبەگكە بەرگەن زەھەرنىڭ يېرىمىنى ئۇزۇكىدە ساقلىۋالغان نىياز ھېكىمبەگ، قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئۇ زەھەرنى ئىچىپ ئۆلىۋالدى. مانجۇلار ئۇنىڭ جەستىنى 40 كۈنگىچە ئوچۇقچىلىقتا تاشلاپ قويدى[234]. خىيانەتنىڭ بەدىلى بۇنىڭدىن ئېغىر بولمىسا كېرەك.

بەگقۇلىبەگ زاۋىدىكى جەڭدە غەلىبە قىلدى، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ قارشىسىدا مانجۇلار بار ئىدى. مانجۇلارنىڭ ئاقسۇنى بېسىۋالغانلىق خەۋىرى كەلدى. قەشقەر يېڭىشەھەردىكى يېڭى مۇسۇلمان بولغان مانجۇلارمۇ ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرگەنىدى. بەگقۇلىبەگ مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى، ئۆمەرقۇل دادخاھ، جامادار دادخاھ، شاغاۋۇل دادخاھ ۋە باشقا كىشىلەر بىر يەرگە توپلىنىپ مەسلىھەتلەشتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىككى تاللاش بار ئىدى: بىرى، يېزا يولىنى بويلاپ ئاقسۇغا بېرىپ ئۇ يەردە مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش؛ يەنە بىرى، قەشقەرگە قايتىش ئىدى. ئۇلار تېخىچە بىر قارارغا كېلەلمىگەنىدى.

بۇ يەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىقنى شاغاۋۇل دادخاھ بۇزدى، مانجۇلارنىڭ كۈچىنى تەرىپلەش بىلەن بىرگە، ياقۇپبەگنىڭ ئەينى ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن مانجۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى تاللىمىغانلىقىنى ئۆرنەك كۆرسەتتى. ھېكىمخان تۆرىگە قارشى يايدى جېڭىدىكى تالاپەتلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتتى ۋە مانجۇلارغا قارشى جەڭنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى بىھۇدە تۆكۈشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئائىلىلەرنى قەشقەردىن يەركەنگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەرنى تاشلاپ ئوسمانىيلار دۆلىتىنىڭ خىزمىتىگە كىرىش ياكى

ھەرەم شەرىپنى زىيادەت قىلىشنىڭ ئۈيغۇن بولىدىغانلىقىغا دائىر ئۆز كۆزقارىشىنى بايان قىلدى. بەگقۇلىبەگ قاتارلىق باشقا ئەركانلارمۇ بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلدى. بەگقۇلىبەگ ئائىلىلەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ھۇشۇر مۇھەممەد سەركارنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. بەگقۇلىبەگ خوتەن شەھىرىگە كېلىپ كۇچالىق سەييىدبەگنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى ۋە 26 ـ ئۆكتەبىر كۈنى يەركەنگە قايتتى[235].

خۇ دالاۋيى قەشقەردە ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولدى ۋە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىتائەت كەمرىنى يېشىپ، بەگقۇلىبەگكە قارشى ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈردى، 480 مانجۇ ئەسكىرى بىلەن بىر كېچىدە يېڭىشەھەرنى ئىگىلىدى. ئەتىسى مۇھەممەد رەھىمخان تۆرە قاتارلىق يۇرت چوڭلىرى باشلىق بارلىق ئاھالىنى شەھەردىن قوغلىدى، سېپىللارغا توپ ـ زەمبىرەك ۋە ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. خەزىنە ۋە بارلىق ئاشلىق ئامبارلىرى مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى[236].

مۇھەممەد ئەلەمنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن: ئالداشبەگ دادخاھ قەشقەردىن بەگقۇلىبەگكە بىر مەكتۇپ يوللىدى. خۇ دالاۋيى ئۈچ مىڭ ئەسكەر (يېڭى مۇسۇلمان بولغان مانجۇلار) بىلەن يېڭىشەھەرنى ئىگىلىگەنىدى. مانجۇ ئەسكەرلىرى كوچاغا كەلگىنىدە، داخۇ ۋە شياۋخۇلار كوچادىن ئاقسۇغا قاچتى. بەگقۇلىبەگ خوتەندىن يولغا چىقىپ يەتتە كۈندىن كېيىن يەركەنگە كەلدى، ئاردىن بەش كۈن ئۆتۈپ مانجۇلارنىڭ ئاقسۇغا، داخۇ ۋە شياۋخۇلارنىڭ مارالبېشىغا كەلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. جىددىيچىلىكتە قالغان بەگقۇلىبەگ ھىندىستانغا كەتمەكچى بولدى، ئەمما ئەتراپىدىكى كىشىلەر بۇنى قوبۇل قىلمىدى. نەتىجىدە، يەركەندىن قەشقەرگە كېلىش قارارى ئېلىندى[237].

بەگقۇلبەگ بەچچە باھادىر ئەمرلەشكەر بىلەن ھاجى ئارتۇك مىرزابېشى قوماندانلىقىدىكى بەش مىڭ ئەسكەرنى ئاقسۇدا قالدۇرغانىدى. ئۇ كۈنلەردە كۇچادىكى قادىر پانسات ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئىتائەتتىن چىقتى. ئامىلخان تۆرە ئاقسۇغا قاچتى ۋە ئۇچتۇرپان ھاكىمى مۇھەممەد بابا توقسابانى ئاقسۇغا چاقىردى. ئۇلار كۇچانى قادىر پانساتنىڭ قولىدىن ئالماقچى بولۇشتى. ئاۋۋال ھۇسامەددىن پانسات قاتارلىق بەش پانساتنى ئەسكەرلىرى بىلەن قارايۇلغۇنغا ئەۋەتتى، ئۇلار تىنجىك يولى ئارقىلىق كۇچاغا كىرەتتى. ئارقىدىنلا يەنە بەش پانساتنى ئەسكەرلىرى بىلەن ياقائېرىققا ئەۋەتتى، ئۇلار چوڭ يول بىلەن كۇچاغا كىرەتتى.

مانجۇ ئەسكەرلىرى كۇچا چېگراسىغا قەدەر يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاۋۋالقى نىشانى داخۇ ۋە شياۋخۇ تۇڭگانلار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا تۇڭگانلار سايرامغا قاچقانىدى. كۇچادىكى پانساتلار ئەسكەرلىرى بىلەن ياقائېرىققا كېلىپ، ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. جەڭدە مەغلۇپ بولدى ۋە قىزىل بۇلاق يولى بىلەن قېچىپ ئاقسۇغا كەلدى ـ دە، ئەمرلەشكەر مۇھەممەد بابا توقساباغا ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. ئابدۇراھمان دادخاھتىن شۈبھىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى زىندانغا ئاتتى. ئەتىسى تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى، ئەمما تۇڭگانلارنىڭ مانجۇلاردىن قاچقانلىقىغا دائىر خەۋەرلىرى كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار يا تۇڭگانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلالماي، ياكى ئاقسۇغا چېكىنەلمەي چارىسىزلىكتىن قەشقەر يولىغا راۋان بولۇشتى. چۈش ۋاقتىغا يېقىن تۇڭگان ئەسكەرلىرى كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئۇچتۇرپان تەرەپكە كېتىۋاتقان تۇڭگانلارنىڭ سانلىرى ئۇ قەدەر كۆپ ئىدىكى، كەچ ۋاقتىغا قەدەر ئۇلارنىڭ ئايىغى كېسىلمىدى. ئەتىسى سەھەردە شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىدە مانجۇ ئەسكەرلىرى كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى،

ئەمدىلىكتە مانجۇلار ئاقسۇ تۇپراقلىرىغا بېسىپ كىرگەنىدى (1877ـ يىلى 25 ـ ئۆكتەبىر)[238].

ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئەمدى مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەمىرلەشكەر ۋە يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمىلىرى ئۇچتۇرپان يولى بىلەن ئىسسىق كۆل تەرەپكە قاراپ كەتتى، بەزىلىرى بولسا قەشقەر ۋە يەركەنگە كەلدى. يەركەندىكى ئەسكەرلەر ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق باش كۆتۈرۈپ، بەزىلىرى قەشقەرگە يەنە بەزىلىرى يېڭىسارغا قاچتى. يېڭىسارغا كەلگەن بەگقۇلىبەگ، قېچىپ كەلگەن ئاخۇن پانساتنى ئۆزى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈردى، بىرقانچە ئەسكىرى ۋە مەھرەملىرىنى دارغا ئاستى، زىندانغا ئاتقانلىرىمۇ بولدى. بەگقۇلىبەگ قەشقەردە خۇ دالاۋيىنى يوق قىلغىنىدىن كېيىن مانجۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىشنى قارار قىلدى، دېمەك ئۇ زاۋىدا ئېلىنغان قاراردىن ۋاز كەچكەنىدى. بۇ ۋاقىتتا ئالاش دادخاھ يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بەگقۇلىبەگمۇ ئەمىرلەشكەر ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن بۇ ئۇرۇشقا قوشۇلدى. چۈنكى خەزىنە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى يېڭىشەھەردە ئىدى. ئارىدىن 28 كۈن ئۆتتى، ئەمما شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ يېڭىشەھەرنى ئالالمىدى. 15ـ ئۆكتەبىردە سىپىللارنىڭ تۈۋىگە كولانغان لەخمىلەرگە پارتلاتقۇچ تولدۇرۇلدى ۋە ئەتىسى ئۇنىڭغا ئوت يېقىلىپ، شەھەر قولغا ئېلىندى.

مانجۇلار ئاقسۇدا 40 كۈنگە يېقىن تۇرغاندىن كېيىن، تۇڭگانلارغا ئەگىشىپ ئىككى يولدىن ئوخشاش كۈندە قەشقەرگە كەلدى. مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى بولسا، قەشقەرنى تەرك ئېتىپ پەرغانىگە قاراپ يول ئالدى. مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ فەيزئابادقا كەلگەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئەمدىلىكتە مانجۇلار قەشقەرگە قەدەر ئىلگىرىلىگەنىدى، ئۇلار گوياكى يەجۇجى ـ مەجۇجىدەكلا

ئىدى. بەگقۇلىبەگ يا سىپىلغا ئۇت قويالماي، ياكى باشقا ھېچبىر ئىش قىلالماي چارىسىزلىكتىن ئەندىجان يولىغا قەدەم ئالدى. بەگقۇلىبەگنىڭ ھاكىمىيىتى پەقەتلا ئالتە ئاي داۋاملاشتى، شەرقىي تۈركىستان مانجۇلارغا تاشلاپ بېرىلدى[239]. داخۇ ۋە شياۋخۇ تۇڭگانلارمۇ قەشقەرگە كەلدى ۋە ئاھالىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى ھېچ ئۇنۇتمىغانىدى، كىشىلەر چاقماق يولى بىلەن توقماققا قاراپ قاچتى. مىرزا ئەھمەد قۇشبېگى مىڭ يىگىت بىلەن مانجۇ ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرگەنگە قەدەر سودىگەر ۋە يىگىتلەرنىڭ شەھەردىن ساق ـ سالامەت ئايرىلىشىغا ياردەمدە بولدى. ئاخىرىدا ئۆزىمۇ پەرغانىگە قاراپ يولغا چىقتى[240]. شەرقتىن كەلگەن مانجۇلار ئىككىنچى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ئىستېلاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن زۇلۇم ئەمدى قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان يەرگە كەلگەنىدى.

مانجۇلار قەشقەردىن كېيىن يەركەننى (21 ـ ئۆكتەبىر)، يېڭىسار (24 ـ ئۆكتەبىر) ۋە خوتەننى (1878ـ يىلى 2 ـ يانۋار) بېسىۋالدى. قادىرقۇلبەگ، ئاملخان تۆرە، مۇھەممەد ئەمىن توقسابا، قارى مۇختار، مىرزا باباقبەگ ھىسارى ۋە باشقا 17 كىشى[241] يەركەندە ئوخشاش كۈندە مانجۇلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. مەمۇر پانسات يىگىتلىرى بىلەن بىللە شاھىياردىن يولغا چىقىپ ئاۋاتقا كەلدى، ئۇ ھەرەم ـ شەرىپىنى زىيارەت قىلىشقا باراتتى. ئۇلارمۇ مانجۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، يىگىتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەسىرگە چۈشتى، مەمۇر پانسات يەركەنگە قاچقانىدى، ئەمما مانجۇلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. كېسىلگەن كاللىسى ئاقسۇ ۋە كۇچاغا ئېلىپ بېرىلىپ سازايى قىلىندى[242].

دوڭ دارىن (董福祥) قوماندانلىقىدىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى خوتەنگە

كەلدى. مۇھەممەد ئەمىن كور خوتەننىڭ ھاكىمى ئىدى، قىرىق كىشى بىلەن بىللە تىبەت تەرەپكە قېچىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قاراقۇرۇم تېغى بوغۇزىدىن ئۆتەلمىدى ۋە كۆكيارغا كەلدى، كۆكيار بېگى قاسىمبەگ ئۇلارنى تۇتۇپ مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. نىياز ھېكىمبەگ بىلەن خوتەنگە كەلگەن لىيۇ جىنتاڭ (刘锦堂)، غافۇر ھاجى قاتارلىق يىگىرمە كىشىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى ۋە خوتەنگە ئەھمەد ھېكىمنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى[243].

داخۇ ۋە شياۋخۇلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى تۇڭگانلار قەشقەرگە كېلىپ، بەگقۇلىبەگ بىلەن بىللە خۇ دالاۋيغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. مانجۇلار قەشقەرگە كەلگىنىدە بولسا، دەرھال چاقماق قاراۋۇلخانىسىدىن ئۆتۈپ رۇسىيەگە قاچتى، تۇتۇلۇپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. رۇسلار مۇۋەپپەقىيەتلىك قېچىپ بارغان 40 مىڭغا يېقىن تۇڭگانغا ئۆز پۇقرالىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدى ۋە پاناھلىق تەلەپلىرى قوبۇل قىلىندى.

مانجۇ ئەسكەرلىرى تۇرپاندىن يولغا چىقىپ قەشقەرگە كەلگىچە ئۇلارغا قارشى چىققان ھېچكىم بولمىدى. مانجۇلار قەشقەرگە مىرزا ھامىد ھاجىنى، كۇچاغا يۇسۇپ شاڭبەگنى، ئاقسۇغا قاسىم قازىبەگنى، باي ـ سايرامغا مۇھەممەد توختىبەگنى، ئۇچتۇرپانغا ئالائىددىنبەگنى، خوتەنگە بولسا ئەھمەد مىراپبەگنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. بەگقۇلىبەگ خوتەنگە قايتىپلا ئۇن، گۇرۇچ ۋە باشقا ئاشلىقلارنى مارالبېشىغا ئەۋەتىش ھەققىدە شاغاۋۇل دادخاھقا ئەمر قىلدى، توختى يۈزبېشىنىمۇ بۇ ھەقتە ۋەزىپىلەندۈرگەنىدى، چۈنكى ئۇ مانجۇلارغا قارشى جەڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. مانجۇلار مارالبېشىغا كەلگەندە، توختى نىياز يۈزبېشى دەرھال بارلىق ئاشلىقلارنى ئۇلارغا تاپشۇردى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە يەركەنگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەندى. مانجۇلار ياقۇپبەگنىڭ مازىرىنى ئاچتى ۋە

جەسەتنىڭ ئۈستىگە قويغان ئوتتۇنلارغا ئوت يېقىپ كۆيدۈردى[244].

ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتتى. ئالداشبەگ دادخاھ ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئەندىجان تەرەپتىن يولغا چىقىپ، ئوش يولى بىلەن قەشقەر ئوپالغا كەلدى. كۆپ ساندىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى جەڭگە قېتىلدى. شىددەتلىك جەڭ نەتىجىسدە 700 مانجۇ ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى، 270 نەپەر يىگىت ھاياتىدىن ئايرىلدى. قەشقەردىن ئابدۇراھمانبەگ 400 ئەسكەر بىلەن ئالداشبەگنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلدى، ئالداشبەگ دادخاھ سول پۇتى يارىلىنىپ قىرغىزلارنىڭ يېنىغا قاچتى. ئۆيىدە مېھمان قىلغان قىرغىز شۇ كېچىسى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ مانجۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. مانجۇلار ئالداشبەگ دادخاھنىڭ كېسىلگەن كاللىسىنى قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى ۋە قەشقەردىكى ئەندىجانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەندىجانغا سۈرگۈن قىلدى.

ھېكىمخان تۆرە 1878 ـ يىلى ماي ئېيىدا مۇھەممەد قاسىم لەشكەربېشى، بوخچە باھادىر دادخاھ، پىسەر پانسات، موللا شىرمۇھەممەد پانسات ۋە بەچچە باھادىر پانسات قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى 2706 ئەسكەر[245] بىلەن ئەندىجان تەرەپتىن يولغا چىقىپ سىرىقول(تاغ قورغان) يولى بىلەن تاغارماغا كەلدى. قەشقەردىن يولغا چىققان كۆپ ساندىكى مانجۇ ئەسكەرلىرى ئون كۈندىن كېيىن تاغارمىغا كەلدى. بىر سائەت بويىچە داۋاملاشقان شىددەتلىك جەڭدە 500 مانجۇ ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى ۋە 700 يىگىت ھاياتىدىن ئايرىلدى. مۇھەممەد قاسىم لەشكەربېشى قاچتى، ھېكىمخان تۆرىمۇ مانجۇلارغا قارشى تۇرالماي، قېچىشنى تاللىدى. بەش كۈندىن كېيىن مانجۇ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە قايتىپ كەتتى[246]. 1884 ـ يىلى 19 ـ نويابىردا شەرقىي تۈركىستان مانجۇ ئىمپېراتورلۇقى تەرىپىدىن «شىنجاڭ» ئۆلكىسى دەپ ئېلان قىلىندى[247].

1 Tafsilatı için Bkz.: “I. Bölüm, 1.7. Kuçar Ordusunun Kaşgar Seferi”.

2 1857 yılında Kaşgar’da vuku bulan ayaklanmayı bastırmayı başaran Mançular, Sıddık Beg’i yardımlarından dolayı ödüllendirmişlerdir. İsiev, a.g.e., s. 30.

3 Kırgız Sıddık Beg’in Kaşgar’ı ele geçirmesi ile ilgili tafsilatlı bilgi için bir de Bkz.: Yusuf, Cami’üt Tevarih, s. 289 b, 288-287 a / b.

4 Ch’en’in verdiği bilgilere göre, Kaşgar’da Jin xiang-yin (金相印) başta olmak üzere Tunganlar, Kırgız Sıddık Beg ile beraber baş kaldırmışlar ve Yarkent ile Hotan’ı da ele geçirmişlerdir. Ch’en, a.g.e., s. 46.

Fakat Kırgız Sıddık Beg’in Yarkent ile Kaşgar’ı ele geçirmesi ile ilgili mezkûr hadise, herhangi bir kaynak eser tarafından doğrulanmamaktadır.

5 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 1 b.

6 Bir başka kaynak eserde verilen bilgilere göre Sıddık Beg, Kutluk Hâkim Beg’in gönderdiği askerlere karşı yapılan savaşı kazandıktan hemen sonra toplam yirmi bin asker ile Sermen’e gelerek şehri kuşatmıştır. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 3 b (Prov. 115).

7 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 2-3. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 2 a / b, 3 a. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 2-6 a / b, 7 a (Prov. 115).

8 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 286 a. Kari Kurban Ali Halidi, Tevarih-i Hamse-i Şarki, Kazan, Örnek Matbaası, 1910, s. 105-106. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 5-6. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 7 a (Prov. 115). Wusiman, a.g.t., s. 156.

9 Soylu aileden olan kimse; asilzade.

10 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 333. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 7 a / b (Prov. 115). Boulger, a.g.e., s. 87.

11 Ömer, Badevletname, s. 15 a / b. Tafsilatı için Bkz.: Muhammed Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, Çev. Abdurreşit İslami, Urumçi, 1964, s. 85-86. (Dönemin Doğu Türkistan Tarihi açısından oldukça önem arz eden mezkûr el yazması eser Farsçadan Çağdaş Uygur Türkçesine, Çin Bilimler Akademisi Milletler Araştırma Merkezi uzmanı Abdurreşit İslami tarafından tercüme edilmiş olup, yayınlanmamıştır. Müellif eserde anlatılan tarihi hadiselerin çoğuna bizzat kendisi şahit olmuştur. Eserin önemli hususlarından bir diğeri de, Fergana Hanlığı'nın sarayında baş mirza ve başkâtip, daha sonra Doğu Türkistan'a gelerek Yakup Beg'in mühürdarı ve Yarkent'in Hâkimi gibi görevlerde bulunan Muhammed Yunus Can'ın kaleme aldığı kayıt ve hüccetler eserde verilmiş olmasıdır. Eserin yazıldığı tarih mevcut değildir.)

12 Fergana ile Kaşgar'daki mesnet (makam, rütbe, merte-

be) adları ve dereceleri birbirine mutabık iken, Buhara ile sadece ulema sınıfında müttefiktirler (mesela kadı, müftü, kadı kelân, ulema, âlim, müderris, reis vesaire). Han ve onun ardından gelen birinci derece rütbe sahibi ise vezirdir, buna atalık denir. Buhara'daki muadili ise koşbegi'dir. İkinci derece ise binbaşıdır, payitahtta doğrudan hanın hükmünde olup bütün askerlerin nazırıdır. Buhara'daki karşılığı ise toksaba'dır. Üçüncü derece ise pansat, yani beş yüz ve üzeri askerin başıdır, Buhara'da da aynıdır. Dördüncü derece yüzbaşı iken, beşince derece ise bahadırbaşıdır.

Halidi, a.g.e., s. 135-136.

13 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 285 a.

14 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 334-335. Sayrami hicri tarihini verirken ay vermemiştir, miladi 1864/1865 yıllarına denk gelmektedir.

15 Ömer, Badevletname, s. 15 a / b, 18 b.

16 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 286 a / b, 287 a.

17 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 6-7.

18 Halidi, a.g.e., s. 105-106, 110.

19 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 7 b (Prov. 115).

20 Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 87-88.

21 Wusiman, a.g.t., s. 156, 182-183.

22 Muhammed Yakup Beg takriben 1820 yılında Ho-

kand'ın Piskent köyünde doğmuştur. Boulger, a.g.e., s. 76.

23 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 326-329. Halidi, a.g.e., s. 109.

24 1858 yılında ağabeyi Hudayar Han'ı tahtan indirerek kendisini han ilan etmiştir.

25 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 330-333.

26 Bir başka kaynak eserde verilen bilgilere göre Hemra Han, Buzuruk Han Töre'den sonra Kaşgar'a gelmiştir. Badahşan Beglerinden Hemra Han tahtta oturdu. Badahşan'ın eski hükümdarı Cihandar Şah çok sayıda asker ile ona karşı savaş açtı. Hemra Han beş bin askeriyle kaçtı, Andican'a giremedi. Kaşgar'a geldiğinde ise yanında sadece seksen adamı kaldı. Buzuruk Han tarafından çok iyi karşılandı. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 9 b, 10 a (Prov. 115).

27 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 285-284 a / b.

28 Badevletname'de mezkûr yer ismi "Feraş" olarak verilmiştir. Ömer, Badevletname, s. 20 b.

29 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 282 b. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 335-336.

30 Ömer, Badevletname, s. 19-20 a / b.

31 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 280 a / b, 274 b, 273-272 a / b, 271 a. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 3.

32 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 8 a / b, 10-13 a / b (Prov. 115). Boulger, a.g.e., s. 104.
33 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 271-269 a / b.
34 Bir başka kaynak eserde anlatılanlara göre Yeni-hisar, kuşatmadan yüz on gün sonra ancak ele geçirilebilmiştir. Buzuruk Han Töre'nin dört binden fazla askeri hayatını kaybetmiştir. Mançular yenilgiye maruz kalınca hepsi kendilerini ateşe vererek intihar etmişlerdir. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s.13 b (Prov. 115).
35 Molla Musa Sayrami'ye göre Aziz Beg Cellat bu savaşta hayatını kaybetmemiştir. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 341.
36 A.e., s. 337-339. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 266 a / b, 265 a. Xin-jiang Zong-ji-ao Yan-jiu Zi-liao, s. 3. Ömer, Badevletname, s. 28 a / b. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 7-8.
37 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 339-341.
38 Ömer, Badevletname, s. 21 a / b, 31 b.
39 Tafsilat için Bkz.: "I. Bölüm, Kuçar Ordusunun Kaşgar ve Yarkent Seferleri"
40 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 341-344. Burada dikkat edilmesi gereken önemli bir nokta ise aynı eser s. 224'te Kuçar ordusunun Yarkent'ten Kaşgar'a doğru yola çıktığı tarih 12 Eylül 1866 olarak verilmiştir. Ancak yukarıda verilen 12 Kasım 1865 yılına göre hayli farklılık göstermektedir.

Tarih ile alakalı diğer kaynak eserlerde herhangi bir bilgi karşımıza çıkmamaktadır. Ömer, Badevletname, s. 22-24 a / b.

41 Burada dikkat edilmesi gereken önemli bir husus ise, Küçük Han Töre'nin Sıddık Beg ile beraber Kaşgar'a gelmesiyle ilgilidir. Diğer kaynak eserlerde herhangi bir bilgi karşımıza çıkmazken, Hudayar Han'dan kaçarak Hokand'tan Kaşgar'a gelen kafilede Küçük Han Töre'nin de olduğu muhtelif kaynaklar tarafından doğrulanmaktadır.

42 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 14-16 a / b (Prov. 115).

43 A.e., s. 17-20 a / b.

44 A.e., s. 21-23 a / b, 24 a.

45 A.e., s. 24-27 a / b, 28 a.

46 A.e., s. 28-29 a / b, 30 a.

47 Badevletname'de verilen bilgilere göre Yeni-şehir'de (Mançu şehri) toplam bine yakın Mançu vardı. Ömer, Badevletname, s. 20 b.

48 Ağırlık birimidir, dokuz kilograma eşittir.

49 Bir başka kaynak eserde verilen bilgilere göre şehrin kuşatılması on bir ay sürmüştür. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 40 a (Prov. 115).

50 Mançuların veya Çinlilerin Doğu Türkistan ahalisine verdikleri bir isimdir. Kelime anlamı her ne kadar başına

sarık saranlar olarak bilinse de, çoğu zaman hakir ve aşağılayıcı anlamlarda kullanılmıştır. Bazen de Chan-hui (缠回) olarak da karşımıza çıkmaktadır.

Mançular ayrıca Doğu Türkistan ahalisini Kara Sarıklı Müslümanlar (Hei-mao Hui黑帽回) ve Beyaz Sarıklı Müslümanlar (Bai-mao Hui 白帽回) olarak iki kısma ayırmışlardır. Tafsilatı için Bkz.: Ch'en, a.g.e., s.10.

51 Kuropatkin'in verdiği bilgilere göre sağ kalanların arasında üç yüze yakın Mançu askeri ile kadın ve çocuklar da vardı. Hepsi Müslüman olmak mecburiyetinde kaldılar. Şehir yedi gün boyunca yağmalandı. Yakup Beg, Yeni-şehirdeki Mançu ordusunun komutanı He bu-yün'ün kızı ile evlendi. He bu-yün (Kudalay) ise Müslüman olan Mançuların (Çinlilerin) lideri tayin edildi. Wusiman, a.g.t., s. 164. He bu-yün muhtemelen yukarıda bahsedilen Hu da-laoye olması gerekir.

Bir başka eserde verilen bilgiler göre; Yeni-şehir'in savunmasından sorumlu komutan Kudalai (He bu-yün), Yakup Beg ile anlaşma yaptı ve üç bin Mançu askeri ile beraber gelerek teslim oldular. İslam'ı kabul ettiler. Onlara Yeni Müslümanlar dendi. Zhang-tai (Cing-tai) Ambal teslim olmayı reddetti. Ailesi ve yanındakiler ile beraber önceden hazırladığı patlayıcıyı ateşe vererek intihar ettiler. Mançuların Doğu Türkistan'daki son kalesi artık yıkılmıştı. Yakup

Beg, He bu-yün'ün kızı ile evlendi. Birkaç çocuğu da oldu. Boulger, a.g.e., s. 111-112.
Bir de kişi ismi olarak He bu-yün (何步云), Bkz.: Cai, v.d., a.g.e., C:II, s. 193.

52 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 345. Ömer, Badevletname, s. 22 a. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 40-41 a / b (Prov. 115).

53 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 10-11.

54 Kuropatkin'in verdiği bilgilere göre Âlim Kul, 21 Mayıs 1865 yılında Taşkent'te Ruslarla yapılan savaşta hayatını kaybetmiştir. Âlim Kul'un ölümü Hokand'da yeni ihtilafların doğmasına sebep olmuştur. Bu ihtilaflar ise Yakup Beg'in kendi makamını güçlendirmesinde büyük rol oynamıştır. Wusiman, a.g.t., s. 161.

55 Tafsilatlı bilgi için Bkz.:, Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 101-102, 105. Bir de Bkz.: Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 42 a / b, 43 a, 44 b (Prov. 115).

56 Kuropatkin'in verdiği bilgilere göre Katta Töre, Buzuruk Han Töre'nin dayısı olup, Hocalar ayaklanması vuku bulduğu sıralarda Kaşgar'ın hükümdarı idi. Kıpçaklarla beraber Kaşgar'a gelenlerin arasında Âlim Kul öldükten sonra Taşkent ordusunun komutanı olan Beg Muhammed ile Taşkent'in eski Hâkimi Mirza Ahmet Koşbegi de vardı. Wusiman, a.g.t., s. 163.

57 Badevletname'de verilen bilgilere göre Hudayar Han tahta oturduktan sonra, Huda Kulu Han bütün askerleriyle beraber kaçmayı tercih etti. Evlad-ı Apak Hoca olan Katta Töre, Veli Han Töre ve Hekim Han Töre ile beraber Kaşgar'a geldi. Ömer, Badevletname, s. 30 a.

58 Muhammed Ömer on binden fazla kişi olduğuna dair bilgi vermiştir. A.e., s. 31 b. Atalık Gazi Yakup Beg adlı eserde verilen bilgilere göre on bir bin asker ile geldiler. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 43 a.

Bir başka kaynak eserde verilen bilgilere göre Kaşgar'a gelenlerin sayısı iki bine yakındı ve Kaşgar'da hâkimiyeti ele geçirmek istemişlerdir. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 9-10.

Kaşgar'a doğru yola çıkan mezkûr kafilede Muhammed Yunus Can da vardır. Keza Yakup Beg, Muhammed Yunus Can'ın gelmesine pek de sevindi ve hemen kendi mührünü vererek mühürdar tayin etti. Uzun zaman geçmeden Yarkent'in Hâkimi olarak atadı. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 110-111.

Kuropatkin'in verdiği bilgilere göre Yakup Beg, Niyaz Beg'in yardımı ile kısa sürede Yarkent'i ele geçirmeyi başardı. Taşkentli Molla Yunus Cihanşah Dadha'yı (Yunus Can) Yarkent'e Hâkim tayin etti. Yunus Can kendi memleketinde tüccarlara kâtiplik yapmış olup, hattatlık ve yazma

işlerinde oldukça ün kazanmıştı. Yunus Can'ı bilen kişilerin anlattıklarına göre, herhangi bir manasız yazı onun eline geçtiğinde bambaşka bir hâle gelirmiş. Onu okuyan kişi duygularını kontrol edemeyip ağlarmış. Yunus Molla eskiden Âlim Kul tarafından dadha derecesine yükseltilmiş. Wusiman, a.g.t., s. 165-166.

Cenkname adlı eserde verilen bilgilere göre Hekim Han Töre hicri 1282 yılının sefer ayında (Haziran /Temmuz, 1865), Beg Muhammed Kıpçak ve Mirza Ahmet Koşbegi ile beraber, oldukça iyi silahlanmış otuz iki bine yakın Kıpçak askerinin eşliğinde, topları da yanlarına alarak Hokand'tan yola çıkıp Kaşgar'a geldiler. Töre, Cenkname, s. 1-3. Fakat burada dikkat edilmesi gereken önemli bir nokta, Kaşgar'a gelen kişi sayısının diğer kaynaklarda verilen bilgilere nazaran oldukça fazla olmasıdır.

59 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 346-347. Töre, Cenkname, s. 3. Ömer, Badevletname, s. 29 b, 30 a. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 6.

60 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 43 a / b (Prov. 115).

61 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 347-348. Ömer, Badevletname, s. 30 a / b, 31 a / b. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s.10. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 43 b (Prov. 115).

62 Veli Han Töre, Cenkname adlı eserin müellifi Hekim Han Töre'nin dayısıdır. Töre, Cenkname, s. 4.

63 A.e., s. 4-6.
64 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 242-241 a / b, 240 a, 236 b, 235 a.
65 Halidi, a.g.e., s. 114.
66 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 44 a / b (Prov. 115).
67 Tafsilatı için Bkz.: "I. Bölüm, 1.9. Kuçar Ordusunun İkinci Yarkent Saferi (Bir Taşla İki Kuş)
68 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 348. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 240 b. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 11.
69 Bir başka kaynak eserde verilen bilgilere göre Kurçi isyan bayrağını çekerek Buzuruk Han Töre'yi padişah ilan etmiş ve on iki bin Kıpçak askeriyle Kaşgar'a kaçmıştır. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 46 b (Prov. 115).
70 Badevletname adlı eserde verilen bilgilere göre Yakup Beg, Tunganlara karşı savaşarak altı gün sonra Yarkent'i tamamen ele geçirdi. Emel Dadha'yı Yarkent'e Hâkim tayin etti. Ömer, Badevletname, s. 32 a / b.
71 Tafsilatı için Bkz.: "I. Bölüm, 1.14. Kuçar Ordusunun Üçüncü Yarkent ve Kaşgar'a Seferleri".
72 Atalık Gazi Yakup Beg adlı esere göre Yakup Beg, iki bin askeri Yarkent'e bırakırken, Kurçi'ye karşı savaşmak için altı bin askeri yanına alarak Kaşgar'a doğru yola çıkmıştır. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 47 a (Prov. 115).
73 Tarihi Hamidi adlı eserde anlatılanlara göre, o sıralar

Yarkent'te Tunganlar henüz teslim olmamışlardı. Fakat, Cenkname'de verilen bilgilere göre Yakup Beg, Tunganların istekleri gereği Küçük Han Töre'yi Yarkent'e bırakarak Kaşgar'a doğru yola çıkmıştır. Zira savaşta Tunganlar Yakup Beg'in yanında olmak istemişlerdi. Töre, Cenkname, s. 9.
Badevletname'de verilen bilgiler Cenkname'de anlatılanları doğrulamaktadır. Ömer, Badevletname, s. 32 b, 33 a.
74 Cami'üt Tevarih'te verilen bilgilere göre Kurçi, Yakup Beg'e elçi gönderdi ve kendilerinin Andican'a gitmelerine izin verilmesini talep etti. Üç gün sonra Tokkuzak'a doğru yola çıktılar. Yakup Beg beş pansatı askerleriyle beraber gönderdi. Kurçi sadece yetmişe yakın adamıyla kaçmayı başardı. Kurçi'nin üç bine yakın askerinin kaçmasını engelledi. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 232 b, 231 a.
Atalık Gazi Yakup Beg adlı eserde anlatılanlara göre ise Yakup Beg Kaşgar'da bir gecede altı bine yakın Kıpçak'ı idam ettirdi. Uzun süre geçmeden Katta Töre'nin hastalandığı haberi duyuruldu, üç gün sonra Katta Töre hayatını kaybetti. Apak Hoca'nın mezarının yanına toprağa verildi. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 54 b, 55 a (Prov. 115).
Bir başka eserde bahsedilenlere göre Yakup Beg, Kıpçakları hapisten çıkardıktan sonra, onları Kaşgarya'dan göndereceğine dair Kuran-ı Kerim üzerine yemin etti. Fakat

buna rağmen, sonunda Katta Töre'nin kendisine şartsız baş eğmediğini sezince, onu zehir ile öldürttü. Wusiman, a.g.t., s. 56.

75 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 11-12.

76 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 349-351. Töre, Cenkname, s. 9-15. Ömer, Badevletname, s. 32 a, 33 a, 35 a. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 239 a / b, 237 a, 235 b, 232 b. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 47 a-51 b, 54 b, 55 a (Prov. 115).

77 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 231 a / b, 230 a.

78 A.e., s. 308-313. Ömer, Badevletname, s. 37 a.

79 Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 111-112. Cenkname adlı eserde anlatılanlara göre Yakup Beg Yarkent'te Köhne-şehri ele geçirdikten sonra, ona Badevlet lakabı verilmiştir. Töre, Cenkname, s. 8.

Bir başka kaynak eserde verilen bilgilere göre ise Yakup Beg Hotan'ı ele geçirdikten sonra Kaşgar'a dönerken Kargalıkta bir gün kalmıştır. Orada kendine "Badevlet Gazi" unvanını vermiştir. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 16.

Bir diğer kaynak eserde bahsedilenlere göre Yakup Beg, Tunganların elinden Kara-şehir, Turfan ve Urumçi'yi aldıktan sonra Kaşgar'a döndü. Kendisine Badevlet ismi verildi. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 18.

80 Ömer, Badevletname, s. 36 a. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 217 a.

81 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 310-311, 388-389.

82 Bir başka kaynak eserde verilen bilgilere göre, Yakup Beg Aksu'ya doğru yola çıkarken Yarkent'e mektup gön-dererek, Camadar komutasındaki on bin atlı askerin Ma-ral-başı'na gelmelerini emretti, onlar da on gün sonra gel-diler. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s.12.

83 Cami'üt Tevarih'te Yakup Beg'in Kuçar'a doğru yola çıktığı tarihi 15 Ocak 1871 olarak verilmiştir. Yusuf, Ca-mi'üt Tevarih, s. 167 a / b.

84 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 319-320, 389-390.
Töre, Cenkname, s. 16-20. Ömer, Badevletname, s. 37 b.

85 Bir diğer kaynak eserde Yakup Beg'in Yarkent'ten yola çıkıp yirmi günde Aksu Nehrine geldiğinden bahsetmekte-dir. Fakat bu bilgi başka herhangi bir kaynak tarafından doğrulanmamaktadır. Elem, a.g.e., s. 28 b.

86 Badevletname'de anlatılanlara göre, Yakup Beg Ce-maldin Hoca'yı öldürmemiştir. Bilakis affetmiş ve kendi memleketi Aksu'nun başına getirmiştir. Fakat başka her-hangi bir kaynak, mezkûr hadiseyi doğrulamamaktadır. Ömer, Badevletname, s. 38 a.

87 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 314, 391-393. Töre, Cenk-name, s. 23-25. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 156 a / b, 155

a / b, 153 a. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 13. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 14.

88 Elem, a.g.e., s. 28 b.

89 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 314-315, 392-393.

90 Molla Musa Sayramı, aynı eser s. 319'da İbrahim Töre'yi İbrahim Bahadır olarak vermiştir.

91 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 13.

92 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 319-321, 393-395. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 148-142 a / b, 139 a / b, 138 a.

93 Muhtemelen İshak Hoca olması gerekir.

94 Bir başka kaynakta verilen bilgilere göre Raşiddin Han Hoca, Yakup Beg'e karşı savaşmak için bin Tungan askeri de dâhil toplam on bir bin asker göndermiştir. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 13.

95 Elem, a.g.e., s. 29 a / b, 30 a / b.

96 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 15.

97 Yakup Beg'in Kuçar'da iki ay kaldıktan sonra Kaşgar'a doğru yola çıktığını Muhammed Elem de doğrulamaktadır. Elem, a.g.e., s. 30 b.

98 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 321-324, 395-399. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 135 a, 134 a / b, 133 a / b, 132 a, 125 b. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 14. The Life of Yakoob Beg adlı eserde verilen bilgilere göre Yakup Beg, Buzuruk Han Töre'yi Tibet'e sürgüne gönderdi. Bu-

zuruk Han Töre birkaç yıl sonra Hokand'a geldi. Boulger, a.g.e., s. 117. Fakat mezkûr hadise herhangi bir kaynak eser tarafından doğrulanmamaktadır.

99 Halidi, a.g.e., s. 107.

100 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 399-401.

101 Atalık Gazi Yakup Beg adlı eser Yakup Beg'in Beg Kulu Beg, Hak Kulu Beg, İşan Kulu Beg, Allah Kulu Beg ve Haydar Kulu Beg adlarında beş oğlunun Andican'dan Kaşgar'a geldiklerine dair bilgi verirken, bir de Yakup Beg'in sinirlenerek oğlu Allah Kulu Beg'i kendi elleri ile döverek öldürdüğünden de bahsetmektedir. Yukarıda ismi geçen Huda Kulu Beg ile Allah Kulu Beg'in aynı kişi olması gerekir. Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 46 a (Prov. 115).

Bir de The Life Of Yakoob Beg adlı eserde verilen bilgilere göre Yakup Beg, 1847 yılında Ak-mescit'in Zor-arık köyünde bir Kıpçak kızı ile evleniyor. Huda Kulu Beg, Kuli Beg ve Hak Kulu Beg adında üç oğlu oluyor.

Boulger, a.g.e., s. 79.

102 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 496.

103 A.e., s. 401-406. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 125-126.

104 Muzaffer Beg de denmektedir. Töre, Cenkname, s. 29.

105 Tafsilatı için Bkz.: Töre, Cenkname, s. 26-28. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 113 b, 112 a.

106 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 16.

107 Nar Muhammed Pervaneci hakkında farklı bilgi için Bkz.: Ömer, Badevletname, s. 21 a / b. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 381.

108 Badevletname adlı eserde verilen bilgilere göre Muzaffer Beg Korla'da iken, Tungan Davut Halife'nin desteğini elde etmeyi başardı. Bir de Yakup Beg'e mektup gönderdi. Ben ki, Muhammed Ali Han'ın oğlu Muzaffer Beg. Sen ise babamın komutanının uşağısın. Derhâl bana gelerek ayağımı öp, padişahlığı bana bırak ve benim hizmetimde ol diye yazmıştı. Yakup Beg, Muzaffer Beg'e karşı hemen İshak Hoca'yı gönderdi. Ömer, Badevletname, s. 38 b, 39 a.

109 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 406-409. Töre, Cenkname, s. 29-30. Ömer, Badevletname, s. 39 a / b. Hacı Yusuf, Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 112 b, 111-110 a / b.

110 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s.15-17.

111 Cami'üt Tevarih'te verilen bilgilere göre Kaşgar'dan yola çıkan tüccarlar, Asgar Ali Han'ın yüze yakın askerleri tarafından yağmalandılar. Altın, gümüş, yambu hatta atlarına kadar her ne varsa hepsine zorla el koydular. Gözleri kapatıldı ve Kaşgar sınırlarına kadar getirilerek bırakıldı-

lar. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 119 a / b.

112 Cami'üt Tevarih'te anlatılanlara göre, Ömer Kulu Beg ve Allah Kulu Beg komutasında on dört bin asker Şug-nan'a gönderilmiştir. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 119 b.

113 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 412-414. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 119-114 a / b.

114 Ahun, Atalık Gazi Yakup Beg, s. 64 b-67 a (Prov. 115).

115 Korala'ya saldırıda bulunan Tungan askerlerinin sayıları ile ilgili olarak birkaç kaynakta verilen rakamlar yukarıda Tarihi Hamidi adlı eserde anlatılanlara göre farlılık arz eder. Badevletname sayılarının on iki bin olduğundan bahsetmektedir. Ömer, Badevletname, s. 40 a.

Cami'üt Tevarih'te ise on üç bin beş yüz olarak verilmiştir. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 108 a.

Bir başka kaynakta verilen bilgilere göre Korla'ya gelen Tunganların sayıları yirmi bindir. Zikredilen rakamlar Tarihi Hamide'de anlatılanları destekliyor ise de, mezkûr esere göre Tungan askerleri Turfan'dan değil Uçturfan'dan Korla'ya gelmişlerdir. Bilhassa o sıralar Urumçi'den yola çıkan Tunganların Uçturfan'dan geçerek Korla'ya gelmeleri asla söz konusu olamaz. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 15.

116 Badevletname'de verilen bilgilere göre savaş üç gece

ve gündüz devam etti. Tunganlar canlarını kurtarabilmek için Kuçar'a zor kaçabildiler. Fakat mezkûr hadise, başka herhangi bir kaynak eser tarafından doğrulanmamaktadır. Ömer, Badevletname, s. 41 a.

117 Cami'üt Tevarih adlı eserde verilen bilgilere göre Hekim Han Töre üç bin yiğit ile Kuçar'a doğru yola çıkmıştır. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 108 b.

118 Başka bir kaynak eserde bahsedilenlere göre Hekim Han Töre komutasındaki on bir asker Yaka'da Tunganlara karşı savaşmıştır. Ağır mağlubiyete maruz kalan Hekim Han Töre, sadece on yedi kişi ile hayatını kurtararak Aksu'ya kaçabilmişlerdir. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s.15.

119 A.e., s. 15-16.

Bir başka kaynak eserde anlatılanlar göre Yakup Beg Kuçar'ı ele geçirdikten sonra Kaşgar'a döndü. Dokuz ay sonra elli iki bin leşker ve seksen adet top ile beraber Turfan, Urumçi, Manas, Kumul, Gu-mudi ve Toksun vesaire şehirleri ele geçirmek için yola çıktı. Elem, a.g.e., s. 30 b, 31 a. Burada dikkat edilmesi gereken önemli bir husus vardır. Mezkûr eser Yakup Beg'in yola çıktığı tarihi 28 Recep olarak verirken, yılı belirtmemiştir. Ancak eserin bundan önceki hadiseleri anlatırken verdiği tarihlerden yola çıkılarak, yıl olarak 1867 olduğu tespit edilmiştir. Fakat yukarıda Ta-

rihi Hamidi'de verilen 1870 yılı arasında hayli zaman farkı vardır. Keza tarih olarak 1867 yılını doğrulayan bir kaynak karşımıza çıkmamaktadır.

120 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 432-434. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 106-105 a / b, 104 b. Wusiman, a.g.t., s. 8.

121 Töre'in anlattıklarına göre Tunganlar Kuçar'da iki gün kalmıştır. Töre, Cenkname, s. 34. Cami'üt Teva-
rih de Cenkname'de verilen bilgileri doğrulamaktadır. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 104 b.

122 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 434-435. Töre, Cenkname, s. 34. Ömer, Badevletname, s. 41 a. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 15-17.

123 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 102 a, 101 a.

124 Genelde bakırdan yapılmış bozuk madeni para.

125 Sarayda av işlerinden sorumlu kişi.

126 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 435-439.

127 A.e., s. 439-441. Töre, Cenkname, s. 35. Ömer, Badevletname, s. 41 b.

128 Yakup Beg Kaşgar'dan yola çıkıp üç ay on gün sonra Turfan'a gelmiştir. Elem, a.g.e., s. 31 a.

129 Urumçi'den birkaç fersah mesafe uzaklıkta idi.
Töre, Cenkname, s. 35.

130 Cami'üt Tevarih'te anlatılanlara göre Yemşi'ye gelen Tungan askerlerinin sayısı on iki bindir. Yusuf, Cami'üt

Tevarih, s. 100 a.
Bir başka kaynakta ise Turfan'dan Yemşi'ye gelen Tunganların sayısı on bin olarak verilmiştir. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 19.
131 Töre'nin verdiği bilgilere göre Urumçi'den gönderilen asker sayısı altı bine yakındır. Töre, Cenkname, s. 37. Bir başka kaynak eserde ise kırk bin olarak verilmiştir. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 97 a.
132 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 441-442. Töre, Cenkname, s. 35-36. Ömer, Badevletname, s. 41 a / b. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 100-98 a / b. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 18-19.
133 A.e., s. 19.
134 Töre, Cenkname, s. 37.
135 Elem'e göre ihanetin sebebi şu idi: Yakup Beg Turfan'da Tunganlara karşı yaptığı bir savaşta iki bine yakın askerini kaybetmiştir. Yakup Beg bundan dolayı Hayır Muhammed Yaver'e çok kızmıştır. Elem, a.g.e., s. 31 a.
Cami'üt Tevarih'te verilen bilgilere göre Hayır Muhammed Dadha Hokand'ta Melle Han ve Hudayar Han'ın hizmetlerinde bulunduğu sıralarda, makam mevki (mesnet) olarak Camadar Dadha'dan bir derece üstün idi. Fakat Yakup Beg'in Turfan'da Camadar Dadha'ya kendisinden daha önem vererek onu ödüllendirmesi, Hayır Muhammed'in

Yakup Beg'e karşı kin beslemesine sebep olmuştu. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 91 a / b.

136 Badevletname adlı eserde verilen bilgilere göre Turfan'nın muhasarası 2-3 ay sürmüştür. Fakat, herhangi bir kaynak tarafından doğrulanmamaktadır. Ömer, Badevletname, s. 43 a. Cami'üt Tevarih'e göre ise altı ay on dokuz gün sürmüştür. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 90 b. Bir başka kaynak eserde anlatılanlara göre Yakup Beg sekiz ay sonra Turfan'ı ele geçirmiştir. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 20-21.

137 Bir de bakınız kişi ismi olarak Su ying-shi (苏英世). A.e., s. 21.

Fakat burada dikkat edilmesi gereken önemli bir husus ise, Su-yenşey'in yukarıdaki eserde Su-yingshi olarak verilmesi ile ilgilidir. El yazma eser Çinceye tercüme edilirken, kişi ismi olan Su-yenşey, muhtemelen Su-yingshi olarak Çinceye seslendirilmiş olabilir. Zira Tarihi Hamidi'de verilen bilgiler dayalı olarak, şahsın soyadının Su, Yenşey'in ise mareşal anlamında olan Çince Yuan-shuai (元帅) kelimesinin seslendirilmiş hâli olduğu kanaatine varabiliriz. Yakup Beg Urumçi'yi ele geçirirken, Turfan'dan beraberinde getirdiği Su-yenşey'i Urumçi'ye Da-yenşey (大元帅) olarak atamıştır. Bkz.: Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 454.

138 Muhammed Ömer'in verdiği bilgilere göre Yakup Beg Turfan'da Tunganlara karşı savaşırken askerlerinin sayısı otuz altı bin idi. Ömer, Badevletname, s. 41 b.

139 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 21.

140 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 442-446. Töre, Cenkname, s. 38. Ömer, Badevletname, s. 42 a / b, 43 a. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 97 a. 91-90 a / b, 89 a. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 19-20. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 18.

141 Bir de Bkz.: Töre, Cenkname, s. 39.

142 Bir diğer kaynak eserde verilen bilgilere göre Hayır Muhammed Yaver on bine yakın Tungan askeriyle Yakup Beg'e karşı gece saldırısında bulunmak istedi. Tunganlar hemen kabul ettiler. Savaş uzun sürmedi. Hayır Muhammed Yaver savaşı fena kaybetti. Kendisi ağır yaralanmıştı, şehre götürdüler. Sadece üç yüze yakın Tungan askeri kaçmayı başardılar. Tunganlar Hayır Muhammed Yaver'e çok kızdılar, âdeta küplere binmişlerdi; hemen idam ettiler. İki ay boyunca ufak çapta çatışmalar devam etti. Tunganlar artık açlığa dayanamadılar. Su ying-shi (苏英世) ise dört Tungan imam ile beraber, yanlarına birçok kişiyi de alarak, silah ve kılıçlarını boyunlarına asmış vaziyette Yakup Beg'e geldiler. Teslim olmuşlardı. Tunganlar sekiz gün sonra şehri boşaltılar. On beş gün sonra Tunganların

büyüklerinden birçok kişi kılıçtan geçirildi. Nihayet sekiz ay sonra Turfan şehri Yakup Beg tarafından fethedildi. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 20-21.

143 The Life of Yakoob Beg adlı eserde verilen bilgilere göre, Yakup Beg'e "Atalık Gazi" ismi 1868 yılında Buhara Emiri Muzaffer tarafından verilmiştir. Boulger, a.g.e., s. 186, 214.

144 Elem, a.g.e., s. 31-32 a / b, 33 a.

145 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 447-448. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 109 b, 89 b.

146 Kişi ismi olarak Bkz.: Xi xue-kong (席学孔). Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s.17. Bir de Bkz.: Xu xue-gong (徐学功). Wei, a.g.e., s. 14.

147 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 448.

148 Cami'üt Tevarih'te anlatılanlara göre Yakup Beg seksen bin asker ile beraber Turfan'dan Urumçi'ye doğru yola çıkmıştır. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 89 a. Fakat mezkûr asker sayısı diğer birkaç kaynak eserde verilen bilgilere göre oldukça fazladır. Ayrıca Bkz.: Ömer, Badevletname, s. 41 b. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 21.

149 Mezkûr şehir günümüzde Urumçi'nin batısında yer alan Ulanbay'daki kadim Urumçi şehridir. Çağatayca yazılmış eserlerde Rumçe olarak ifade edilirken, Çince kaynaklarda ise Lun-tai (轮台) olarak verilmiştir. Bazı eserler-

de Turfan'daki Dekyanus şehrinin isminin taklit edildiğine dair bilgiler de ortaya konulmuştur. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 755.

150 Bir başka kaynak eserde verilenler mezkûr rakamı doğrularken, bir de Manas yönünden gelen kırk bin Tungan askerinden de bahsetmektedir. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 21-22.

Fakat Cami'üt Tevarih'te anlatılanlara göre Davut Halife, ana yoldan on beş bin, diğer yollardan ise otuz bin toplam kırk beş bin Tungan askerini göndermiştir. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 88 b.

151 Töre'nin verdiği bilgilere göre savaş Ulanbay'da vuku bulmuştur. Töre, Cenkname, s. 40. Ayrıca Badevletname'de anlatılanlar da savaşın Ulanbay'da vuku bulduğunu doğrulamaktadır. Ömer, Badevletname, s. 43 a.

152 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao adlı eserde öldürülen Tungan askerlerinin sayısı seksen iki bin olarak verilmiştir. s. 22. Fakat bu rakam herhangi bir kaynak tarafından doğrulanmamıştır.

153 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 449-453. Töre, Cenkname, s. 40. Ömer, Badevletname, s. 43 a / b. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 89-87 a / b. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 21-22.

154 Bir başka kaynak eserde anlatılanlara göre Davut Ha-

life; bin adet yambu, on araba ipek ve atlas kumaş, on bin adet tuğla çay, yüz araba çay, yüz araba çini kâse, yüz araba askerî mühimmat, iki yüz araba ekmek, iki yüz at ve yüz katır vesaire hediyeler ile beraber, kızını da Yakup Beg'e vermek için yanına alıp bizzat kendisi geldi. Yakup Beg silahların tamamının teslim edilmesini istedi. Davut Halife kabul etti. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 22.

155 Töre'nin verdiği bilgilere göre Urumçi'ye Hâkim tayin edilmiştir. Töre, Cenkname, s. 41.

156 Cenkname'de anlatılanlara göre Sanci'nin yönetimi de verilmiştir. A.e., s. 41.

157 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 453-455. Töre, Cenkname, s. 40-42. Ömer, Badevletname, s. 43 b. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 84-82 a / b. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 22.

158 Kuropatkin'in verdiği bilgilere göre Yakup Beg, ikinci defa Korla'yı ele geçirdiği sıralarda Kalmukların Turgut kabilesine mensup bir Hanım Ağa, itaat ettiklerini ifade etmek üzere hediyelerle beraber Yakup Beg'e geldi. Bin deve, bin at, beş yüz koyun ve kırk beş yambu hediye etti. Yay-ok ve tüfeklerle silahlanmış birkaç bin adamını da beraberinde getirmişti. Yakup Beg Kaşgar'a döndü. Fakat uzun bir zaman geçmeden Hanım Ağa Turgutlarla beraber gelerek, Korla'yı şiddetli bir şekilde yağmaladı ve Tan-

rı dağlarından geçerek İli'ye kaçtı. Daha sonra Rusların hamiliğini kabul etti. Kara-şehir'de ise sadece hayvancılıkla uğraşan az sayıda Kalmuk kaldı. Wusiman, a.g.t., s. 170.

159 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 460. Töre, Cenkname, s. 43-44. Ömer, Badevletname, s. 44 a / b. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 22-23.

160 Ömer, Badevletname, s. 44 a. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 80 a / b.

161 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 460.

162 A.e., s. 455-459.

163 Töre, Cenkname, s. 45-46.

164 Elem, a.g.e., s. 33 a / b.

165 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 461-463. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 68 a / b.

166 Davut Halife Urumçi'de Tunganların başına gelirken, Han-cheng'a yakın bir yere Köhne-şehir inşa ederek kendine payitaht edinmiştir.

167 Töre, Cenkname, s. 49.

168 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 463-464, 468. Töre, Cenkname, s. 44-48.

169 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 60 a / b.

170 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 464-466.

171 Cami'üt Tevarih'te verilen bilgilere göre Beg Kulu Beg

otuz beş bin asker ile Kaşgar'dan Urumçi'ye doğru yola çıkmıştır. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 54 a.

172 Burada Sayrami, Beg Beççe (Hak Kulu Beg) olarak vermiştir. Fakat Yakup Beg, Hekim Han Töre'ye yardım için Beg Kulu Beg'i göndermiştir. Bkz.: Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 467.

173 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 466-468. Töre, Cenkname, s. 58-59. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 60 b, 59-55 a / b.

174 Cami'üt Tevarih'e göre Beg Kulu Beg otuz beş bin asker ile beraber Urumçi'den Gu-mudi'ye doğru yola çıkmıştır. A.e., s. 65 b.

175 Badevletname adlı eserde anlatılanlara göre Gu-mudi'de Tunganlar fazla mukavemet göstermediler. Beg Kulu Beg'e elçi gönderdiler ve teslim oldular. Ömer, Badevletname, s. 48 a / b.

176 Cenkname'de Yakup Beg'in Davut Halife'ye gönderdiği herhangi bir mektuptan bahsedilmemektedir. Yahya Yüzbaşı ile Abdullah Zekâtçı ise Tunganlar tarafından Kutubi'de hapse mahkûm edilmişlerdir. Töre, Cenkname, s. 50-51.

177 Cenkname'ye göre, Ömer Kul Dadha, Haydar Kulu Dadha ve Nar Muhammed Pervaneci de savaşa katıldılar. Üç ay sonra şehir ele geçirildi. A.e., s. 56-57.

178 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 468-469. Muhammed

Elem'in anlattıklarına göre Manas'a gönderilen Muhammed Kasım komutasında çok sayıda asker de vardı. Manas on gün sonra ele geçirilmiştir. Elem, a.g.e., s. 33 b. Töre, Cenkname, s. 50-57. Ömer, Badevletname, s. 48 b, 49 a. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 65-64 a / b, 51 b, 50 a, 46 a / b.

179 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 470-474. Yusuf, Cami'üt Tevarih, 39 a / b. Ömer, Badevletname, s. 48 b.

180 Töre'nin verdiği bilgilere göre Mançu topraklarından Kumul'a gelen Tungan askerlerinin sayısı on iki bine yakın idi. Töre, Cenkname, s. 61. Badevletname'de anlatılanlar da Kumul'a gelen Tungan askerlerinin sayısının on iki bine yakın olduğunu doğrulamaktadır. Ömer, Badevletname, s. 49 a.

181 Elem'in anlattıklarına göre Da-hu ve Şiao-hu, on üç bin Tungan askeri ile beraber hicri 1289 (1872/1873) yılında Doğu Türkistan'a gelmiştir. Kırk bin Mançu askeri de peşlerine düşerek Doğu Türkistan'a doğru yola çıkmışlardır. Fakat mezkûr tarihi doğrulayan herhangi bir kaynak eser karşımıza çıkmamaktadır. Elem, a.g.e., s. 34 a / b.

182 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 476-478. Töre, Cenkname, s. 61-63. Ömer, Badevletname, s. 49 a / b. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 27-25 a / b, 19 a / b, 18 a / b.

183 Cami'üt Tevarih'de verilen bilgilere göre yüz yetmiş

bin Mançu askeri Doğu Türkistan'a doğru yola çıkmıştır. Fakat mezkûr sayı herhangi bir kaynak eser tarafından doğrulanmamaktadır. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 21 b. Tarihi Hamidi adlı eserde anlatılanlara göre Mançu askerleri Lan-zhou'dan Kumul'a geldiler. Artık Doğu Türkistan topraklarında idiler. Bir kısmı Şi-hu tarafına doğru yola çıktı, bir kısmı ise Gu-cheng'a geldiler, Turfan'a gideceklerdi. Fakat Atalık Gazi Badevlet'in otuz bin asker ile beraber Turafan'a geldiği haberini alınca, yardım için asker gönderilmesi hususunda hemen Lan-zhou'a mektup gönderdi. Lan-zhou'dan yola çıkan altmış bin Mançu askeri Kumul'a geldi. Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 604-605.

184 Elem, a.g.e., s. 34 b. Yusuf, Cami'üt Tevarih, 16-15 a / b.

185 Dai, a.g.e., C:II, s. 607-608.

186 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 480-482.

187 Elem'e göre Mançu askerleri artık Manas'a gelerek kaleyi kuşatmışlardı. Henüz çatışmaya girmediler. Yakup Beg kendisinden haber gelmeden askerlerin Mançulara karşı saldırıya geçmemelerini emretti. Elem, a.g.e., s. 35 a.

Badevletname'de anlatılanlara göre Mançu askerleri artık Doğu Türkistan topraklarında idi. Cimsar'a oradan da Kara-şehir'e geldikleri haberi ulaştı. Ömer, Badevletname, s.

51 a. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 116.
188 Zarif'in vediği bilgilere göre Yakup Beg'in Toksun'a geldiği o sıralarda Kutubi, Manas ve Urumçi vesaire şehirler artık Mançuların eline geçmişti. A.e., s. 117.
189 Badevletname'de anlatılanlara göre Yakup Beg, Azim Kul Pansat'a yardım için Gu-mudi'ye on üç bin asker gönderdi. Mançulara karşı gelemeyince geri dönmelerini emretti. Ömer, Badevletname, s. 51 a.
Mançular Gu-mudi'de Doğu Türkistan'daki ilk savaşı kazanmış oldu. Cai, a.g.e., C:II, s. 168.
190 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 482-484. Töre, Cenkname, s. 67.
191 Burada Liu-jintang'dan (刘锦棠) bahsetmektedir.
192 Elem, a.g.e., s. 35-36 a / b. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 7 b.
193 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 22-23.
194 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 484-487. Elem, a.g.e., s. 37 b. Töre, Cenkname, s. 69. Yusuf, Cami'üt Tevarih, 8 a / b. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 117.
195 Wusiman, a.g.t., s. 177.
196 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 24-25.
197 Dai, a.g.e., C:II, s. 609.
198 Ömer, Badevletname, s. 52 a.
199 Mançular Doğu Türkistan'ın güneyine doğru harekete

geçtiler. 20 Nisan 1877 yılında Davançing'ı ele geçirdiler. Cai, a.g.e., C:II, s. 188. Dai, a.g.e., C:II, s. 611.

200 Kuropatkin'in anlattıklarına göre Yakup Beg için talihsizlikler artık peş peşe gelmeye başlamıştı. Yakup Beg'in Toksun'dan Davançing'a giden yol üzerinde yaptırdığı bir askerî mühimmat deposunda yangın çıktı. Askerî malzeme ve mermilerin hepsi yandı. Ayrıca depoda bulunan seksen bin çarek un ve on yedi bin çarek tahılın hepsi yanıp kül oldu. Başkalarının anlattıklarına göre, yangının kesinlikle birinin çıkarttığı düşünülmüşse de, yangının sebebi araştırılmayıp o şekilde kalmıştır. Wusiman, a.g.t., s. 178.

Yukarıda bahsedilen Hak Kulu Beg'in ateşe verdiği tahıl ambarı, muhtemelen Kuropatkin'in bahsettiği mühimmat deposu olabilir.

201 Elem, a.g.e., s. 36 b, 37 a / b. Töre, Cenkname, s. 68.

202 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 487-489. Ömer, Badevletname, s. 51 b.

Badevletname'de verilen bilgilere göre Yakup Beg Korla'ya geldiğinde askerlerinin sayısı toplam yüz otuz iki bin idi. Fakat başka kaynaklarda mezkûr rakamı doğrulayan malumat bulunmamaktadır. A.e., s. 51 b. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 118.

203 Mançuların Doğu Türkistan'da tesis ettikleri bir çeşit

idari unvan, Beg veya Hâkim'in karşılığıdır.

204 Mançuların Doğu Türkistan'da Beg veya Hâkimlerin hanımlarına verdikleri unvan.

205 Elem, a.g.e., s. 37 b, 38 a.

206 Yakup Beg'in ölüm tarihi ile ilgili Tarihi Fergana ve Kaşgar adlı eserde 3 Ocak 1877 olarak verilmiştir. Yine aynı eserde, bazı kaynaklarda 2 Ocak 1878 olarak kayıt olduğundan da bahsedilmektedir. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 128.

207 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 489-491. Töre, Cenkname, s. 71-72. Ömer, Badevletname, s. 7 a. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 147. Halidi, a.g.e., s. 120.

208 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 23-26.

209 Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 25.

210 Wusiman, a.g.t., s. 242-243.

211 Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 352.

212 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 496-497, 500, 502, 508, 517-520.

213 Wusiman, a.g.t., s. 40.

214 Zarif'in anlattıklarına göre, Yakup Beg'in ölüm haberini alan Hak Kulu Beg, Toksun'dan Korla'ya gelmiştir. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 129. Bir başka kaynak eserde de, babasının ölüm haberini alan Hak Kulu Beg'in Toksun'dan Korla'ya geldiğinden bahsedilmektedir. Xin-ji-

ang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 26. Bir de Bkz.: L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 28. Fakat o sıralar Toksun Mançuların eline geçmiştir.

215 A.e., s. 27-28, 15 b. Dai, a.g.e., C:II, s. 611.

216 Ömer'in anlattıklarına göre Hak Kulu Beg Aksu'daki hazineyi de alarak beraberinde Kaşgar'a götürmüştür. Ömer, Badevletname, s. 56 a.

Zarif'in bahsettiklerine göre Hak Kulu Beg, Muhammed Kerim Pansat ile Şir Muhammed Pansat'ın Yakup Beg'in cenazesini Kaşgar'a götürmelerini emretmiştir. Kendisi daha sonra yola çıkmıştır. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 130.

217 Zarif'in anlattıklarına göre, iki kardeş arasında nifak tohumu eken mektubu gönderen kişi ise Kuçar Hâkimi Amil Han Töre idi. A.e., s. 135-136.

218 Zarif'in verdiği bilgilere göre Kara-yulgun'da karşılaştılar. A.e., s. 131. Bir diğer esere göre ise Feyzabat çölünde karşılaştılar. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s.15 b.

219 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 526-529, 534. Ömer, Badevletname, s. 55 a. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 3 a. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 129-131, 136-137. Halidi, a.g.e., s. 122-123. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 26. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s.15 b.

220 Beg Kulu Beg'in askerlerinin sayılar hakkında farklı

bilgi için Bkz.: Elem, a.g.e., s. 40 a / b.
221 A.e., s. 38-39 a / b, 40 a. Töre, Cenkname, s. 73-76.
222 Elem, a.g.e., s. 40 a.
223 Elem'in anlattıklarına göre Hekim Han Töre altmış bin asker ile beraber Aksu'ya gelmişti. Beg Kulu Beg Yarkent'e Şagavul Dadha'ya mektup göndererek altı bin leşker ve altı adet top ile beraber Maral-başına gelmelerini emretti. İshak Pansat ise bin asker ile beraber Yarkent'te kaldı. Beg Kulu Beg, Aldaş Beg Dadha komutasındaki beş bin leşkeri Kaşgar'dan Maral-başına gönderdi. Hemen ardından Beg Kulu Beg, Camadar Dadha ile beraber bin yedi yüz asker ve on dört adet topun eşliğinde yola çıkıp yedi gün sonra Maral-başı'na geldi. A.e., s. 40 a / b.
224 Elem, Yek-kuduk olarak vermiştir. A.e., s. 40 b. Cenkname'de de Yek-kuduk olarak geçmektedir. Töre, Cenkname, s. 78.
225 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 529-532, 534. Töre, Cenkname, s. 75. Ömer, Badevletname, s. 56 a, 57 b. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 139-143. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s. 15 b, 16 a. Elem, a.g.e., s. 41 a.
226 Elem'in anlattıklarına göre Hekim Han Töre'nin dört bin, Beg Kulu Beg'in ise bin beş yüz askeri hayatını kaybetmiştir. A.e., s. 41 a.
227 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 532-533, 566. Ömer, Ba-

devletname, s. 58 a. Töre, Cenkname, s. 79.

228 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 534-536. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 144.

229 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s.16 a.

230 Beg Kulu Beg yedi gün sonra Aksu'dan yola çıkıp, on sekiz günde Kaşgar'a geldi. On beş gün sonra Kaşgar'dan Yarkent'e doğru harekât etti. Elem, a.g.e., s. 42 a.

231 Elem, Beg Kulu Beg ile beraber Yarkent'ten yola çıkan asker sayısının on sekiz bin, Niyaz Hâkim Beg'in gönderdiği kişi sayısının ise elli bin olduğundan bahsetmiştir. A.e., s. 42 a.

232 Elem'e göre Niyaz Hâkim Beg'in yakalanması için Şadman Pansat ile Molla Şir Muhammed Pansat beş yüz kişi ile beraber gönderilmiştir. A.e., s. 43 b.

233 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 536-540. Elem, a.g.e., s. 43 a / b. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 145-148.

234 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 546, 553-560.

235 A.e., s. 538-539. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 148.

236 L. V., A. M., S. N., a.g.e., s.16 b.

237 Elem, a.g.e., s. 43 b, 44 a.

238 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 539-542, 605.

239 Mançuların Kaşgar'ı ele geçirdikleri tarih ile ilgi birkaç kaynak eserde verilen bilgiler bir birinden farklıdır. 6 Aralık

1878. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 149. 25 Kasım 1878. Xin-jiang Zong-jiao Yan-jiu Zi-liao, s. 26. Yıl 1878, Kurban bayramının üçüncü günü. L. V., A. M., S. N., a.g.e., s.16 b. Muhammed Elem'in verdiği tarih ise, 9 Haziran 1876. Elem, a.g.e., s. 44 b. Ancak yıl olarak 1878 muhtelif kaynak eserler tarafından doğrulanmaktadır.

240 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 542-544, 605-606.
Elem, a.g.e., s. 44 a, 45 b. Ömer, Badevletname, s. 58 b, 59 a. Zarif, Tarihi Fergana ve Kaşgar, s. 149.
Halidi, a.g.e., s. 125.

241 Muhammed Elem'in verdiği bilgilere göre Süleyman İmam, İskender İmam, Memur Pansat Kuçari, Muhammed Emin Kor, Nur Beg Pansat, Mirza Ali Pansat, Kari Hamid, Amil Han Töre ve Memur Pansat Beg'in oğlu vesaire on sekiz kişi aynı gün Yarkent'te Mançular tarafından idama mahkûm edilmişlerdir. Elem, a.g.e., s. 45 b, 46 a.

242 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 581, 586-587. Dai, a.g.e., C:II, s. 613.

243 Elem, a.g.e., s. 45 b, 46 a.

244 Sayrami, Tarihi Hamidi, s. 606-608, 611-613. Yusuf, Cami'üt Tevarih, s. 3 b.

245 Ch'en'in verdiği bilgilere göre, 1878 yılında Hekim Han Töre bine yakın asker ile beraber Bostan-terek ve Mu-çi'da Mançu askerlerine karşı savaştı. Fakat başarı

elde edemedi. Ch’en, a.g.e., s.91-92.

246 Elem, a.g.e., s. 46 a / b, 47 a / b, 48 a.

247 Qing Shi-lu Xin-jiang Zi-liao Ji-lu (<清实录>新疆资料辑录), 2.bs., C:XII, Haz. Zhou xuan (周轩), Xiu Zhong-yi (修仲一), Urumçi, Xin-jiang Da-xue Chuban-she, 2009, s. 258.

Miao Pu-sheng (苗普生) v.d., Xin-jiang Shi-gang (新疆史纲), Urumçi, Xin-jiang Ren-min Chuban-she, 2004, s. 378.

Cai, v.d., a.g.e., C:II, s. 248-249.

Ch’en ise 1882 olarak vermiștir. Fakat doğrulanmamaktadır. Ch’en, a.g.e., s.149.

366.1s

infoGoogle AI models may make mistakes, so double-check outputs.

Use Arrow Up and Arrow Down to select a turn, Enter to jump to it, and Escape to return to the chat.

Response ready.

# خاتىمە

كىتابىمىزدا، 1864 ـ يىلىدىكى قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى ئىستىبلاسىغا خاتىمە بېرىش ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى كۇچا ھاكىمىيىتى، خوتەن ھاكىمىيىتى ۋە ياقۇپبەگ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان قەشقەر دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرنى بايان ـ تەتقىق قىلىشقا تىرىشتۇق. تەتقىقاتىمىزدا شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى ئاساسلىق نۇقتىلار بايان قىلىنغاندىن كېيىن، مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا دائىر يولغا قويغان سىياسىتى ۋە بۇ سەۋەبلىك مەيدانغا كەلگەن قوزغىلاڭلار بايان قىلىنغان. بۇ مەسىلىلەردىكى تايانچلىرىمىز چاغاتايچە ۋە خىتايچە ئەسلىي ــ بىرىنچى قول مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان. بولۇپمۇ، تەتقىقاتىمىزنىڭ مۇھىم تېمىسى بولغان 1864 ــ 1884 ـ يىللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە شاھىت بولغانلارنىڭ يازمىلىرى، ھېكايەتلىرى ۋە ئىسپاتلىرى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلغان، بۇ مەلۇماتلار خەنزۇچە يېزىلغان تارىخى يازمىلار ۋە باشقا تەتقىقاتلار بىلەنمۇ تەكشۈرۈلەنگەندۇر.

تەتقىقاتىمىزدا يەنە، شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيىسىنىڭ سىياسىي، ئەسكىرىي، ئىجتىمائىي، كۈلتۈرەل ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان قەشقەر، يەركەن، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قاراشەھەر، كورلا، تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچىگە ئوخشىغان رايونلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە

مۇھىم تەرەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتۇق. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان خانلىقلاردا يۇقىرا بولۇپ ياشىغان تۇڭگان، قالماق، مانجۇ، خىتايلارغا ئوخشاش توپلۇملارنىڭ ۋەزىيەتلىرى ۋە تۈركلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمۇ بايان قىلىنغان.

كىتابىمىزدا يەنە، ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئوخشاش، 1864 — 1884 ـ يىللىرى ئارىسىدا ئىشغال قىلىنىشقا ئۇرۇنغان شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل شارائىتتا بولسىمۇ، ئىشغالىيەتكە بولغان ئىنكاسى نۇرغۇن تەرەپلەردىن سۈرەتلەپ بېرىلدى. بۇ مۇناسىۋەتتە، شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان كۇچا، خوتەن، قەشقەر قوزغىلاڭلىرى ۋە بۇلار يول ئاچقان نەتىجىلەر ئىزاھلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەرقىي تۈركىستاندا سىياسىي ۋە ئەسكىرىي جەھەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتقان راشىدىنخان خوجا، ھەبىبۇللاھ ھاجى، ياقۇپبەگ، بۈزرۈكخان تۆرە، سىدىقبەگ، ئىسھاق خوجا، ھېكىمخان تۆرە ۋە نىياز ھېكىمبەگ قاتارلىق شەخسلەرنىڭ ئوينىغان روللىرى، پەيدا قىلغان ۋەزىيەتلىرى، سەۋەب بولغان ھادىسىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭدەك، كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىدا يەنە، ياقۇپبەگكە ئوخشاش بىر شەخسنىڭ سىياسىي ۋە ئەسكىرىي جەھەتتىن قانچىلىك تەجرىبىلىك ئىكەنلىكى، بۈزرۈكخان تۆرىنىڭ بولسا بۇنداق ئالاھىدىلىكتىن نە قەدەر مەھرۇم قالغانلىقى، ھەر ساھەدە تەربىيەلەنگەن ئادەم كۈچىنىڭ قانچىلىك لازىملىقى ۋە ئىنتىپاقلىق تۇيغۇسىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر تەسىرى داۋاملىشىۋاتقان مانجۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئېلىپ بارغانلىرىنىڭ ئارقىسىدا ياتقان

سەۋەبلەر ئوخشمىغان تەرەپلەردىن يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، 1864 — 1884 ـ يىللىرى ئارىسىدا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردە تەسىر ۋە ئەھمىيىتى زور بولغان قىرغىز تۈركلىرىنىڭ ئەھۋالى تىلغا ئېلىنغان.

ئەسەردىكى بېرىلگەن مەلۇماتلار، يەر ۋە كىشى ئىسىملىرى، شەھەرلەردىكى ۋە جەڭگە قاتناشقان ئەسكەرلەرنىڭ سانلىرى، جەڭ يۈز بەرگەن ئورۇن ئىسىملىرى، خىزمەت ئاتالغۇلىرى، ئۇزۇنلۇق ـ ئېغىرلىق بىرلىكلىرى، مەنسەپ، ئۇنۋان ـ دەرىجەناملىرى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئوتتۇرىغا چىققان پەرقلەر، شۇ دەۋرگە مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق سېلىشتۇرۇش ۋە تەنقىد سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، توغرىسى بېرىلدى.

سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەسكىرىي ـ ئىستراتېگىيە جەھەتتىن دۇنيا تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1886 — 1864 ـ يىللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە جۇغراپىيىلىك ئومۇمىي ئەھۋاللىرى تېما قىلىنغان بۇ تەتقىقاتىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلار پەقەت ئۆتمۈشنىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنىمىزنى چۈشىنىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمىز.

ISBN 978-1-968407-40-7
9 781968 407407 >